# تارىم

7

1990

باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم.

---

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

7

1990

40 - يىل نەشرى

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


زۇنۇن تاھىر.................. تەرسا قىز (ھېكايە)..................... 4

ئايشەم قادىر.................. خىجىللىق (ھېكايە) ..................... 36

مۇھەممەت باغراش .............. ياۋا ئەتىرگۈل (پوۋېست)................... 49

ياسىن نىياز.................. تاللاش (ھېكايە)........................ 120

نۇرگۈل يۇنۇس.................. ئاھ، دادام (ھېكايە) ..................... 131


## شېئىرلار


ئوسمانجان ساۋۇت .............. ئاشىق دىلىنىڭ مىڭ بىر كۆزى بار......... 39

توختاجى روزى ................ شېئىرلار ............................ 45

ئارسلان..................... ئۈچ غەزەل.............................. 46

ئادىلجان تۇنىياز.............. سالام سېنىڭ چوغدەك تېگىشىڭغا ............ 109

چىمەنگۈل ئاۋۇت ............... بۇلۇت ئارا مارايدۇ چولپان .............. 111

زامانىدىن پاكزاد .............. ئىسسىق يول............................ 112

ئەزىزى...................... ئىككى شېئىر........................... 113

ئابدۇرېشىت ھېيىت.............. جىلۋە ................................ 114

مەھەممەتجان ئەمەت............. چىغىر يول ............................ 114

ئەركىن روزى.................. ئىزلىرىڭنى سوراپ شامالدىن................. 115

ئەنۋەر شەيدايى ............... گۈللىدى ياشلىق بېغىم..................... 115

تۇراپ دايىم .................. دان .................................. 116

مۇختار سوپۇرگى ............... چىمەنلەر يولۇمغا سالار پاياندار............ 117

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل .............. قەلبىمدىكى شاۋقۇنلار ..................... 118

مەھمۇت زەيىدى................ شېئىرلار.............................. 136

يالقۇن ئۆمەر.................. ئىككى غەزەل............................ 137

غالىب قۇربان.................. يېشىل ياپراق بەرگىمدە شەبنەم............. 138

مىهراي مۇھەممەت......................قەلبىمدىكى ناخشىلار.......... 139
غوجى ئابدۇللا ناسىرى.....................قايرىلىپ قارايدۇ بىر گۈزەل بويان... 140
تۇرسۇن مۇسا...........................شېئىرلار........................ 140
ياسىن ئىسمايىل.........................ئىككى شېئىر..................... 141


## بالىلار ئەدەبىياتى


هاجى ئەخمەت..........................ئالەم گۈزەل، گۈل گۈزەل............ 142


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


جاۋجىگو (شىبە)........................ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن (ھېكايە)... 144


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئەخمەتجان قۇربان......................شېئىردىي مۇھىت، شېئىردىي كەڭلىك
ۋە شېئىردىي تىل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم... 150


## كىتابخانىلاردىن خەت


پاكلىق خىتابى.......................... 157


*　　*

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

زۇنۇن تاھىر



# ئەرسا قىز

(ھېكايە)

## مەرھابا

مەرھابا بۇ يىل توپ-توغرا 21 ياش-
قا كىردى، ئۇ شاخىلىل بىلەن شاپائەت-
نىڭ ھەم تۇنجى ھەم كەنجى بالىسى ئى-
دى، ئۇ گەرچە چالا تۇغۇلغان بولسىمۇ
كۆكۈل قويۇپ كۈتۈلگەنلىكتىن ساغلام
چوڭ بولدى، ئەقلىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگى-
شىپ چىرايىمۇ ئادەمنى تاڭ قالدۇرغۇدەك
ئېچىلىپ كەتتى.

ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىچە
ئەلا ئوقۇدى، شۇ كۈنلەردە سودىگەرچىلىك-
كە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن
شاخىلىل كېيىنكى چاغلاردا قىزىنى ئۆ-
زىنىڭ مۇھىم ياردەمچىسى قىلىۋالدى، ئۇ
پۈتۈن ئىقتىسادىنى مەرھاباغا تۇتقۇزۇپ،
ئۆزى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ماللارنى يۆت-
كەيتتى، بۇ ماللارنى مەرھابا بازاردىكى
سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزۈپ، پۇلنى دادىسىغا
ئەۋەتىپ بېرەتتى، شاخىلىل ئىقتىسادتا ئوب-
دانلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، لېكىن مەرھابا
دەرستە ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر قاتارىغا
چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭغا ھەيران بولغان ئو-
قۇتقۇچىسى شاپائەت بىلەن نەچچە قېتىم سۆز-
لەشتى، شاخىلىل ئىچكىرىدىن قايتىپ كەل-
گەندە شاپائەت ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېيت-
قانلىرىنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزدى.

— سېنىڭچە، — دەپ تەنە قىلدى
شاخىلىل ئايالىغا، — ئىقتىسادىنى ساڭا تۇت-
قۇزامدىم؟

— ئىسمىمنى تۈزۈك يازالمىسام، —
دەپ يەرگە قارىدى شاپائەت، — سىزنىڭ
ئۇنچىلىك پۇللىرىڭىزنىڭ ھېسابىنى قانداق
چىقىرالايمەن.

— ئەمىسە ئۆيدىن چىقماي ئولتۇ-
رايمۇ؟

— ئۇنداق دېمىدىمغۇ؟ — شاپائەت يې-
لىندى، — قىزىمىز ئۆز ئوقۇشىنى ئوقۇۋەرسە

سىز ئىلگىرىكىدەك مۇشۇ يەردە دۇكان ئېب‌ـ
چىپ ئوقەت قىلىۋېرىمسىزمۇ بولىدىغۇ.
ـــ ئۆت تەڭگىلىك پايدىغا ئالدىنىپ
ئولتۇرۇۋەنكەندە، ـــ شاخىلىل قاپىقىنى تۈر‌ـ
دى، ـــ پۇل شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدۇ. قە‌ـ
زىمىز ئالدى بىلەن مەكتەپنى تۈگەتسۇن،
ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق مەكتەپكە ئەۋە‌ـ
تىشنى پېقىر بەلگىلەيدۇ، مەكتەپنىڭ قولىدىن
نېمە ئىش كېلەتتى؟ كۆرۈپ تۇر، ئەلاچى
ساۋاقداشلىرى بارالمىغان مەكتەپكە بىزنىڭ
قىزىمىز بارىدۇ ...
مەرھابانىڭ كۆڭلىرى مەكتەپتە ئۆت‌ـ
سىمۇ، زېھنىي، ئەس ـ يادى سودا بىلەن
پۇلدا بولدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ تولۇق
ئوتتۇرىنى ئوتتۇرا دەرىجىدە تۈگىتىپ،
ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى، بىراق
ئۆتەلمىدى، شاخىلىل شۇ چاغلاردا گۇاڭ‌ـ
جۇدا چوڭ بىر سودا بىلەن بەنت ئى‌ـ
دى. مەرھابا ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئۆز
ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى، شاخىلىل ئېيىقىن
سۇدەك كىرىۋاتقان پايدىدىن مېھرىنى ئۈز‌ـ
ەلمەي، ئۆز ۋاقتىدا كېلەلمىدى، دېمەك
ئۇنىڭ مەرھابانى پۇل بىلەن ئالىي مەك‌ـ
تەپكە كىرگۈزۈش پىلانى بەربات بولدى،
مەرھابا دادىسىنىڭ زورى بىلەن ئىككىنچى
يىلى يەنە ئىمتىھان بەردى، لېكىن نومۇ‌ـ
رى يەنىلا چەككە يەتمىدى، ئۇ، نومۇس
كۆچىگە چىدىماستىن ئۆيدە بىر ھەپتىدىن
ئارتۇق يىغلاپ ياتتى.
ـــ نېمىگە يىغلايسىز قىزىم، ـــ شاخې‌ـ
لىل بىر كۈنى كۆرەڭلىگەن ھالدا مەرھا‌ـ
بانىڭ قېشىغا كىردى، ـــ بولتۇر مەن بولال‌ـ
ماي قالدىم، مانا بۇ يىل ئالايتەن سىزنى
دەپ ھېچيەرگە چىقمىدىمغۇ، ئەمدى يى‌ـ
غىڭىزنى توختىتىپ كۈلۈڭ، ئالىي مەكتەپكە
بارىدىغان ئىشىڭىزنى ئاسانلا پۈتتۈرۈپ
قويدۇم.
ـــ ئوقۇمايمەن، ئوقۇمايمەن! ـــ مەر‌ـ
ھابانىڭ كەپتەرنىڭكىدەك دۈگىلەك كۆزى
دادىسىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، بۇ چاغ‌ـ
دا ئۇنىڭ قويۇق قايرىما كىرپىكلىرىنىڭ
ئاستىنقى قىسمىغا ئىككى تامچە ياش ساڭ‌ـ
گىلاپ قالغانىدى، ـــ چەت ئەلدىكى ئالىي
مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىسىمۇ ئوقۇمايمەن.
ـــ ئېيتىڭە قىزىم، نېمىگە ئوقۇمايسىز؟
ـــ بەربىر دەرسلەرنى ئېلىپ كې‌ـ
تەلمەيمەن.
ـــ ھا ـ ھا! ـــ شاخىلىل تەنە ئارىلاش
كۈلدى، ـــ دەرسنى ئېلىپ كېتەلمىگىنىڭىز
بىلەن دىپلومنى ئېلىپ كېلەلەيسىزغۇ.
ـــ بۇ مومكىن ئەمەس ـــ مەرھابا چالۋا‌ـ
قىدى، ـــ بۇرۇنلاردا بولغىنى بىلەن ھازىر
مۇتلەق بولمايدۇ.
ـــ نېمە ئۈچۈن؟
ـــ ئارقا ئىشىك بىلەن داشۆگە كې‌ـ
تىپ، دەرسنى ئالالماي قوغلىنىپ كەلگەن
ئوقۇغۇچىلارنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟
ـــ مەسىلەن، كىملەر ئۇ؟
ـــ بىزنىڭ سىنىپتىن تۆتى بۇ يىل
يېنىپ كەلدى.
ـــ مەيلى كىم بولسىمۇ پۇلى يوق
نېمىلەر بولسا كېرەك، ـــ شاخىلىل يانچۇق‌ـ
غا ئۇرۇپ قويۇپ داۋام قىلدى، ـــ مەندەك
پۇلدار دادىڭىز بار يەردە سىز نېمىدىن
غەم قىلاتتىڭىز؟ پۇل بىلەن بارغۇ، سىز‌ـ
نى داشۆدە ئوقۇتمايمۇ دىپلومنى سېتىۋا‌ـ
لالايمەن.
ـــ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بولغىنى
بىلەن ھازىر بولمايدۇ، ـــ مەرھابا دادىسىنىڭ
سۆزىنى قېقىۋەتتى، ـــ مەسىلەن، پۇلىڭىزنىڭ

كۆچى بىلەن داشۆگىمۇ باراي، لېكىن دەرسـ
لەرنى ئالالماستىن يېرىم يىلدىلا قوغلىبـ
نىپ كەلسەم بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك، بۇنـ
داق يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۇرگىچە ئۆلۈپلاـ
ۋالسەمەن، ئەگەر مەيلى دېسىگىز...

ــ قېنى ئېيتىڭە، ــ شاخېلىل گەۋدىـ
سىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ كىنايە
تەلەپپۇزىدا سورىدى، ــ ئەمسە ئوقۇماستىن
نېمە قىلىسىز؟

ــسودىگەر بولىمەن.

ــ سودىگەر بولىمەن؟!

ــ شۇنداق، سودىگەرچىلىكنى بۇرۇن
سىز ماڭا ئۆگەتكەن، مانا ئەمدى مەن سىزـ
گە ئۆگىتىشىم مۇمكىن، مەن سودىگەر بولـ
سام سىزدەك سەرگەردانلىق قىلىپ ئەمەس،
مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ سىزنىڭ تاپقان پۇـ
لىڭىزدىن نەچچە باراۋەر جىق پۇل تاپالايـ
مەن ...

شاخېلىل قىزىنىڭ گەپلىرىدىن قانـ
داقتۇر خورلۇق ھېس قىلدى، ئۇ بارغانـ
سېرى ئۆرلەۋاتقان غەزىپىنى بېسىۋېلىش
ئۈچۈن يانچۇقىدىن بىر تال پاپىروسنى ئېـ
لىپ تۇتاشتۇردى ـ دە، مەرھابانىڭ گېپىـ
نى تارتىۋالدى:

ــ قىزىم سودا دېگەن ئويلىغىنىڭىزـ
دەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس، دېگىزنىڭ تېـ
گىدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىش.

ــ مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن دادا، ــ
مەرھابا بىر ئېغىز سۆزدىن قالدىغاندەك
ئەمەس ئىدى، ــ پول تاپقانلار ئۈچۈن سىزـ
غۇچتەك تۈز، يول تاپالمىغانلار ئۈچۈن چىـ
گىش كىرىپ كەتكەن يىپتەك گادىرماش،
ھە ...ــ مەرھابا دادىسىغا ئۆز مەقسىتىنى
قانداق چۈشەندۈرۈشنى ئويلاپ بىر پەس
تۇرۇپ قالدى، ــ يەنى مۇنداق دەپ بەرسەم
تۇرمۇش تېخى ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن چەكـ
سىز دالىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا كىشى ئۆزى
يول سالسا تېنىمەيدۇ، باشقىلار سالغان يولـ
دا ماڭسا تەبىئىي تېنەيدۇ، شۇڭا قىينالـ
سىمۇ ھەركىم ئۆزى مۇستەقىل يول سېلىپ
باققىنى تۈزۈك، بۇنىڭ دەسلەپىدە جاپاسى
بولغىنى بىلەن كېيىن راھىتى كۆرۈلىدۇ،
كىشىلەر ھېمىشەم تەييار يولدا ماڭماسلىـ
قى كېرەك. ئۆزى مۇستەقىل بىر يول سېـ
لىپ باشقىلارنىڭ مېڭىشى ئۈچۈن شارائىت
يارىتىپ باقامدۇ؟

شاخېلىل شۇ تاپتا قىزىنىڭ ئۆزىگە
نەسىھەت قىلىۋاتقىنىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن
بواسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئورۇنـ
لۇق تەپەككۇرغا باي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
مۇشۇنداق بىر ئەقىللىق قىزىنىڭ بولغانلىـ
قىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى، شۇـ
ڭا گېپىنى سىلىغايتىپ دېدى:

ــ پىكرىڭىزغۇ توغرا قىزىم، بىراق
سودىگەرلىك قىلمايمۇ ھازىرقى دېگەن غاـ
يىگىزنى ئىشقا ئاشۇرالايسىزغۇ.

ــ بىراق باشقا ئىشلار ماڭا تونۇشـ
لۇق ئەمەس، سودىنى چۈشەنگەندەك چۈـ
شەنمەيمەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى دېمىسەممۇ
سىز ياخشى چۈشىنىسىز.

بۇ سۆز شاخېلىلنىڭ ئېچىشقان يېـ
رىگە تۇز سەپكەندەك قاتتىق تەگدى، ئۇ
ئىلگىرىلەردە قىزىنى ئۆزىگە ياردەمچى قىـ
لىۋېلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئانچە ئويلاپ يەتـ
مىگەن بولسىمۇ، شۇ تاپتا بۇنى خېلىلا چوڭـ
قۇر چۈشىنىپ، ئىچىدە ئازابلىنىشقا باشلىـ
دى، ئۇ ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا:

ــ ھە ... مۇنداق دەڭ، ــ دەپ بىردىن
جىم بولدى، مەرھابا دادىسىنىڭ سۆزىنى بىر
خىل تەنە بىلىپ ھەسرەتلىنىك تىندى.

«سۆزلىرى ئۇمسەلىغۇ، ـــ مەرھابا مۇرىسىگە
چۈشۈپ تۇرغان قىرقىم چېچىنى تۈزەشتۇر ـ
گەچ ئويلىدى، ـــ ئاشۇنداق دېمەستىن نېـ
ـمە دەيتتىمكىن، دادامچە بولغاندا مەن دا ـ
شۆگە بېرىپ دوختۇر، ئالىم، يازغۇچى، تەتـ
ـقىقاتچى بولۇشۇم لازىم، شۇنداق قىلسامىلا
يارامىلىق ئادەم بولىمەن، ئەپسۇسكى جەمـ
ـئىيەت يالغۇز ئاشۇنداق ئادەملەرگىلا موھـ
ـتاج ئەمەستە، ھەممىلا ئادەم ئالىم بولۇپ
كەتسە، جەمئىيەتتىكى باشقا ئىشلارنى كىم
قىلىدۇ؟ سودىگەرلىك ئەنە شۇنداق كەسىپ،
بۇنىڭدا ئۇچۇر ئىگىلەشكە ماھىر بواسىلا تېز
كۆتۈرۈلگىنى بولىدۇ،مەنىۋى بىلىمگە ئىگە
كىشىلەر جەمئىيەتكە ماددىي بايلىق يارىتىپ
بەرسە، ماددىي كۈچكە ئىگە كىشىلەر جەمئىـ
ـيەتكە مەنىۋى بايلىق يارىتىپ بېرەلەيدىغۇ،
بۇنىڭ نېمە يامىنى بارىكەن؟»

ـــ شۇنداق دادا، ـــ مەرھابا ئۇلۇغ ـ
كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇمىدلىك
جاۋاب بەردى، ـــ مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىـ
ـشەنمەڭ، مېنىڭ تاللىغان يولۇم سودىگەر ـ
لىك، ئەمدى ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ باشـ
ـقا يول تاللىمايمەن. مەن مۇشۇ يولۇمنى
داۋام قىلىپ، چوقۇم سىز، سىزنىڭ زاماندىشـ
ـلىرىڭىز قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىمەن...

## شاخېلىل تېڭىرقاپ قالدى

شاخېلىل مەرھابا بىلەن بولغان سۆھـ
ـبەتتىن كېيىن، قىزىنىڭ «سودىگەر بولىمەن»
دېگەن سۆزىنى، ئۆزىگە نىسبەتەن بىر خىل
تەنە، قېيداش دەپلا چۈشەندى، ئۇ، شۇ كۈنىـ
ـدىن باشلاپلا غۇلجا بىلەن ئۈرۈمچى ئارـ
ـلىقىدا ئارقا ئىشىك ئىزدەپ يۈردى، پۇل
ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتـ
ـتى، مەرھابا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىـ
ـتۇتىغا قوبۇل قىلىندى، ئەمدىكى ئىش پەـ
ـقەت چاقىرىق قەغەزگىلا قاراشلىق ئىدى،
شاخېلىل دېگەندەك خاتىرجەم بولالماي،
مال ئېلىشقا بارغاچ مەكتەپنىڭ ئۆزى بىـ
ـلەن ئۇقۇشۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ باياتىن
بېيجىڭنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ ئۆـ
ـيىگە كېلىۋاتاتتى، مەھەللىسىدىكى سېمونت
كۆۋرۈككە كەلگەندە موتسىكلىتىنى توخـ
ـتىتىپ تاماكا چەكتى، ئۇ ئالدىدا ھەيۋەت
قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان زەڭگەر قاپقاقلىق
ئۆيگە، نەقىشلىق پېشايۋانلىرىغا، دەرۋازىلىـ
ـرىغا زوقلىنىپ قارىدى.

«ئەقلىم قالتىس ئىشقا بۇيرۇپتىكەن
دەپ ئويلىدى ئۇ، ـــ خەقنىڭ كەينىگە كىرىپ
ئەسلىگە كەلگەن خىزمىتىمنى ئىشلىگەن
بولسام، ھۆكۈمەتنىڭ تۆت تەڭگە تىزىسى
بىلەن مۇشۇنداق ياسىداق ئۆيلەرنى سالا ـ
لايتتىمۇ؟ مۇشۇنداق موتولارنى مىنەلەيتـ
ـتىممۇ؟ ئايروپىلان، پويىز، پاراخوتلاردا
ئولتۇرۇپ، شەھەرمۇ ـ شەھەر كېزەلەيتـ
ـتىممۇ؟ ئىمتىھاندىن قالغان قىزىمنى بېيـ
ـجىڭدا ئوقۇتۇش شارائىتىغا ئىگە قىلالايتـ
ـتىممۇ؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇدـ
ـرىتى...» ئۇ خىزمەتتىن چېكىنىش سوممىـ
ـسىنى دەسمايە قىلدى ـ دە، ھە دېگەندىلا
ئىچكىرىگە كىرىپ بىر قېتىمدىلا 20 مىڭ
سوم دەسمايىسىنى بىر قاتلىدى، شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇنىڭ ئوقىتى ئېقىن سۇدەك يۈـ
ـرۈشۈپ كەتتى، شۇنچىلىك بايلىقتىن ئېيتـ
ـقان خۇدا شاخېلىللارغا مەرھابادىن باشـ
ـقا پەرزەند ئاتا قىلمىدى،شاپائەت مەرھاباـ
ـدىن كېيىن ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغـ

قان بولسمۇ، ھەممىسلا چاچىراپ كەتتى،
مەرھابا شاخبۇلبۇل بىلەن شاپائەتنىڭ گۆ-
ھىرى، ھەم ئوغۇل، ھەم قىزى ئىدى، شا-
خبۇلبۇلنىڭ پۈتۈن ۋەسلىمۇ شۇنىڭ ئىدى.

شاخبۇلبۇل موتىسكلىتتىن چۈشۈپ
ئۇنى يېتىلىگەچ خىيالىنى داۋام قىلدى:
«ئۆتكەندە ئوقۇمايمەن، سودىگەر بولىمەن
دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا قىلغان تەنە-
لىرى، تەلىسىمۇ ئورۇنلۇق، قانداق قىلىمەن،
ئۆزۈم يالغۇز قىلسام نۇرغۇن پۇلدىن قۇ-
رۇق قالاتتىم، شۇ پۇللارنى دەپ قىزىمنى
ياردەمگە سالدىم، مەيلى نېمە بولسىمۇ يەنە
بەربىر ئەلاچى ساۋاقداشلىرىمۇ بارالمىغان
بېيجىڭدىكى مەكتەپكە ھەل قىلدىمغۇ، قى-
زىم بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىسا قانچىلىك
خۇشال بولۇپ كېتەر - ھە؟ پاھ! بەختلىك
قىزىم، دادىڭىزنىڭ دۆلىتىنى سىز كۆرمە-
سىڭىز باشقا يەنە كۆرۈدىغان ئىنى-
سىڭىللىرىڭىز بارمىتى، ئوقۇپ
كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ دۇنيانىڭ ھەممىسى
سىزنىڭ بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئاتا - ئانىسى
يوق بىرەر داشۆ ئوقۇغان يىگىتنى ئىچ
كۈيئوغۇل قىلىۋالىمەن. خۇدايىم ئوغۇل
ئاتا قىلدى دېگەن ئەنە شۇ، كېيىن قېرى-
غاندا نەۋرىلىرىمنى يېنىمغا ئېلىپ، ئاخىر-
قى ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزىمەن، كىچىك ماشى-
نىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ھاسىنىڭ ئور-
نىدا شاپائەت ئىككىمىز ئىشلىتىمىز...»

— كەلدىڭىزمۇ دادا؟ — مەرھابانىڭ
قوڭغۇراقتەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان شاخبۇلبۇل
بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، مەرھابا ئىككى
تەرىپى قىرما رەشەتكىلىك ياغاچ پەلەم-
پەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتاتتى، شاخبۇ-
لبۇل قىزىنىڭ مۇنداق خۇشال ئالدىغا چىق-
قىنىنى يېقىندىن بۇيان پەقەت كۆرمە-
گەنىدى، ئۇ: «ئەتىمالىم ئاپىسى خۇش خە-
ۋەرنى يەتكۈزۈپ بولغان ئوخشايدۇ، ھەي،
خوتۇن خەقنىڭ ئۆپكىسى يوقتە، شۇنچە-
لىك جېكىلىسەممۇ ئازراق مەخپىيەتلىكنى
ساقلىيالماپتۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزدى.

— كەلدىم قىزىم، سىزگە خۇش خەۋەر
ئېلىپ كەلدىم، — دېدى شاخبۇلبۇل موت-
سىكلىتنى باراڭنىڭ ئاستىغا تىكلەپ تۇرۇپ،
مەرھابا دادىسىنىڭ سۆزىدىن خۇشاللىقنىڭ
نېمىلىكىنى ئالدىن پەملەپ بولغان بولسىمۇ،
ئۇنى كوچىلىماستىن ئۆزىنىڭ گېپىنى
قىلدى.

— دادا، مەن سىزنىڭ يولىڭىزغا تۆت
كۆز بىلەن قاراپ تۇراتتىم، — دېدى مەر-
ھابا شاخبۇلبۇلنىڭ كاستيۇمىنى قېقىشتۇر-
غاچ، — ئاڭلىسىڭىز چوقۇم خۇشال بولىسىز.

— قېنى ئېيتىڭە قىزىم، — شاخبۇلبۇل
گالستۇكىنى بوينىدىن ئېلىۋېتىپ سو-
رىدى، — بالدۇرراق خۇشال بولاي.

— ئالدىرىماڭ، ئۆيگە كىرگەندە دەپ
بېرىمەن، — مەرھابا دادىسىغا ئەركىلەپ ئې-
سىلىپ ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۇلار
ئۈستەلنى ياقىلىشىپ ئولتۇرۇشتى، مەرھابا
چاينى دادىسىغا سۇنۇپ بېرىۋېتىپ داۋام
قىلدى، — داشۆدە ئوقۇيدىغىنىممۇ سۇغا
چىلاشتى. سىزگە ئۆتكەندە ئويۇمنى ئېيت-
سام ماڭا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ كەتتىڭىز،
بىر نەچچە كۈندىن بۇيان نۇرغۇن ئويلى-
شىپ ئاخىر ياخشى بىر ئوقەتنىڭ يولىنى
تېپىپ...

— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز، قى-
زىم؟ — شاخبۇلبۇل ئىچىۋاتقان چېينى قو-
يۇپ، مەرھابانىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى، —
ئاپىڭىز بىلەن ئىككىمىز دۇنيادا سىزنى

دەپلا ياشاۋاتىمىز. مەنمۇ ئىككى يىلدىن بۇيان سىزنى دەپ يۇقىرى-تۆۋەن چېپىۋاتىمەن، مانا ئايلىنىپ كېلىپ سىزنى داشۆگە ئەۋەتىدىغان ئىشمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولدى. نى ئەلاچىي ساۋاقداشلىرىڭىز بارالمىغان مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىغان بولدىڭىز، پات ئارىدا چاقىرىق قەغىزىڭىز كېلىدۇ.

— نېمە؟ — مەرھابا دادىسىنىڭ كۈتۈلمىگەن بۇ جاۋابىغا ئىشەنمەي بىردىن تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېلېۋىزوردا كۆرۈنگەندەك كۆرۈنىدىغان گۈزەل بېيجىڭ شەھىرى گەۋدىلەندى، «پاھ! ئاشۇنداق يەردە ئوقۇش شەرىپىگە قانداق ئادەم ئېرىشەلەيدۇ؟ ئەلۋەتتە ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئېرىشەلەيدۇ، ئەپسۇسكى مەرھابا ئۇنداقلاردىن ئەمەس، دادىسىنىڭ پۇلىنىڭ كۈچى بىلەنلا بۇ ئىمتىيازغا ئېرىشتى، دېمەك ئىمتىياز بىلىملىكلەر بىلەن ھوقۇقدارلارغا خاس نەرسە بولماستىن، پۇلدارلارغىمۇ خاس، ئۇنداق بولمىسا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بىر قىزنىڭ مۇنداق ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟» شاخبۇلبۇلنىڭ ئىشەنچلىك گەپلىرى مەرھابانىڭ روھىي دۇنياسىنى بىردەملىك ۋاژ-ۋاژ بازاردەك قالايمىقان قىلىپ يەنە توختاپ قالدى، «ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ سۆزى ئاتقان ئوق، ئۇ تېخى بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا دادىسىغا سودىگەرچىلىكتىن باشقا تاللىغان يولۇم يوق، دېمىگەنمىدى، مەيلى قانداق ئىمتىياز بولسىمۇ ئۇ قوبۇل قىلمايدۇ، پەقەت ئۆزى دېگەندەك ئىمتىياز ئۈچۈن ئەمەس، رىقابەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، دادىسى بىلەن رىقابەتلىشىشكە بەل باغلىغان ئادەم ئەلۋەتتە ھەر قانداق ئىمتىياز ئىگىلىرى ھەتتا جەمئىيەت بىلەنمۇ رىقابەتلىشەلەيدۇ...»

شاخبۇلبۇل مەرھابانىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، كۆينىكىنىڭ يانچۇقىدىكى ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ كۆرسەتتى.

— مانا قىزىم، — دېدى ئۇ بېلەتنى مەرھابانىڭ ئالدىغا قويۇپ، — بېيجىڭغا ئەتە ئۇچۇمەن، كېچىكسەم يەنە ئون كۈنگە قالماستىن چاقىرىق قەغىزىڭىزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېلىپ كېلىمەن.

شاخبۇلبۇل بىلەن شاپائەت مەرھابانى خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزلىرىنى قۇچاقلارمىكىن، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينارمىكىن دەپ ئۈمىدلىك تىكىلىشىۋىدى، بىراق ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىپادىسىز ئولتۇرۇۋەردى، شاپائەت بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ گەپ قىلاي دېگەندە، مەرھابا بىردىن بېلەتنى دادىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىۋېتىپ، قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا:

— مەن سىزگە ئوقۇمايدىغىنىمنى ئاللىبۇرۇن ئېيتقان ئىدىمغۇ؟ — دېدى.

شاخبۇلبۇل مەرھابانى راسا بىر ئەدەپلىمەكچى بولدى-يۇ، بىراق ئوتتۇرىدىكى پەردە-شەپىنى بۇزۇشنى بىئەپ كۆرۈپ سىلىغايتىپ سورىدى:

— قېنى دەپ بېقىڭا قىزىم، نەچچە يۈزمىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرسىلا ئېرىشەلەيدىغان مۇشۇنداق ئېسىل ئوقۇشتىن باش تارتىپ، نېمە سەۋەبتىن سودىگەرلىك قىلىسىز، ياكى مەن سىزنى باقالمىدىممۇ؟

— بۇ ھەقتە مەن سىزگە ئاللىبۇرۇن دېگەنغۇ، — دېدى مەرھابا تېرىككەن تەلەپپۇزدا، — بىرىنچىسى دەرسنى ئېلىپ

كېتەلمەي قوغلىنىپ كېتىشىمدىن قورقى‌ـ
مەن، ئىككىنچىسى مەن سودىگەرچىلىككە
قىزىقىپ قالدىم، شۇنى قىلغۇم بار.
ــ مەسىلەن. قانداق سودا قىلماق‌ـ
چىسىز؟
ــ بۇ هازىرچە مەخپى.
شاخىلىل مەرهابانىڭ جاۋابىدىن بىر
يېنىكلىك هېس قىلىپ، ئۇنى چاقچاق
قىپتۇ دەپ ئويلىدى:
ــ ها ... ها! ــ شاخىلىل گەۋدىسىنى
كەينىگە غادايتىپ كۈلۈپ كەتتى، ــ ئازراق
ۋاقىت مەخپى هەرىكەت ئېلىپ بارغىنىم‌ـ
دىن رەنجىپ قاپسىزدە قىزىم، هەممە
مەخپىيەتلىك ئاشكارىلاندى، ئەمدىغۇ رەن‌ـ
جىمەسسىز؟ ...
مەرهابا بۈگۈن ئەسلى ئۆيىنى دا‌ـ
دىسىغا ئاشكارىلاپ، بار مەسلىھەت كەلگۈ‌ـ
سىدە قىلىدىغان ئىشنى باشلىماقچى ئىدى،
بىراق شاخىلىل مەسلىھەتكە، پىلانىغا
كۆنۈشتە يوق، هەدەپ داشۆدە ئوقۇشنى
تاپىلاۋاتاتتى، مەرهابا ئوقۇمايدىغانلىقىنى
كەسكىن تۇردە ئېيتىپ، دادىسى ئالغان
ئايروپىلان بېلەتلىرىنى ياندۇرغۇزۇۋەتسەمۇ
بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ كاشىلىسى بىلەن
پىلانلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، مەقسىتى
ئەمەلگە ئاشماسلىقى، مەخپىيەتلىكى ئاش‌ـ
كارىلىنىپ ئىگىلىگەن ئۇچۇرى باشقىلارنىڭ
قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، مەر‌ـ
هابا دادىسىنىڭ بەرىبىر مال سېتىۋالغىلى
بارىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئارتۇق
تىركىشىپ كەتمىدى.

## مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى

مەرهابا دادىسى بېيجىڭغا كەتكەن
كۈنىنىڭ ئەتىسى قۇرۇلغىنىغا 50 يىل بول‌ـ
غان شەهەرلىك «تاڭ نۇرى» ئاياغ كىيىم
زاۋۇتىغا باردى، زاۋۇت ئىچى تىمتاس بو‌ـ
لۇپ، سېخلاردىن هېچقانداق سادا ئاڭلان‌ـ
مايتتى، مەرهابا ئىككى قەۋەتلىك زاۋۇت
ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئار‌ـ
قىسىدىن بىرسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭ‌ـ
لاندى، ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ كەينىدىن كې‌ـ
لىۋاتقان 25 ـ 26 ياشلاردىكى بىر يە‌ـ
گىتنى كۆردى، مەرهابانىڭ لاپ قىلىپ بىر
بېقىشى بىلەن يىگىتنىڭ يۈرىكى يېنىك
ئاغدى ـ دە، ئىختىيارسىز مەرهابانىڭ بې‌ـ
شىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە سىنچىلاپ قارى‌ـ
دى، ئۇنىڭ مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان
قىرقىم چېچى ئىنچىكە، ئۇزۇن بويىنىنى
يوشۇرۇپ تۇراتتى، يوپۇرماق گۈللۈك بەل
پۈرمە كۆينىكى زىلۋا بەدىنىگە شۇنداق
سىڭىشكەن ئىدىكى، پۈتۈن تۇرقى خۇددى
ئۇستا رەسسامنىڭ ماي بويىقى ئاستىدىكى
هۆر پەرىلەرگىلا ئوخشايتتى، مۇڭلۇق كۆ‌ـ
زى بىلەن سەل ئىلمەك كەلگەن بۇرنى
يوغان كەلگەن ئېغىزىنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ
كەتكەنىدى، سەل شالاڭ ئەمما ئۆسكەلەڭ
كەلگەن ئىنچىكە قېشى بىلەن قايرىما كىر‌ـ
پىكلىرى دۈگىلەك ئاق يۈزىگە باشقىچە
هۆسن قوشۇپ تۇراتتى، يىگىت سىنچى
كۆزلىرىنى بىر يۈگۈرۈتۈپ، قىزنىڭ گۈزەل‌ـ
لىكىگە ئاپىرىن ئوقىدى ـ يۇ، كۆينىكىنى
بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆتۈرۈپ تۇرغان
كۆكسىگە قاراپ: «كۆكسى هەجەبمۇ كى‌ـ
چىككەن» دېگەن ئەيىبنى قويالىدى، مەر‌ـ
هابا يىگىتنىڭ قارىشىدىن گۇمانلانمىغاچقا
قورۇنۇپ كەتمىدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — ئۇ، يىگىت يېتىشىپ كەلگەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ سالام بەردى، يىگىت مەرھابانىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن ئاللىقانداقتۇر بىر خىل مۇزىكىنى ئاڭلىغاندەك سۆيۈنۈپ كەتتى، يىگىت جاۋاب بەرگىچە مەرھابا سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن سىلەرنىڭ زاۋۇت باشلىقىڭلارنى ئىزدەيتتىم، خاپا بولماستىن ماڭا تېپىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — يىگىت مەرھابانىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— مۇھىم بىر ئىشتى، — مەرھابا كۈلگىنىچە لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى، يىگىت ئۇنىڭ نازىدىن ئاللىقانداقتۇر ئۆزىمۇ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان مەنە ھېس قىلىپ، چاقچاقىغا يۆلىدى.

— نېمە ئىشلىكىنى دەپ بەرمىسىڭىز، تېپىپ بەرمەيمەن.

— ھا ـ ھا، — مەرھابا قەستەن كۈلدى، — ۋىيەي، قىزىق گېپىڭىز بارىكەن، نەدىمۇ شەخسىي مەخپىيەتلىكنى كۆرگەنلا ئادەمگە دەيدىغان ئىش بار؟

بىر ساھىبجامال قىزنىڭ جاراڭلىق كۈلكە بىلەن بەرگەن جاۋابى يىگىتنىڭ قەلبىنى چېكىپ ئۆتتى.

— ئەمىسە زاۋۇت باشلىقىنى تېپىپ ئۆزىگە ئېيتىسىزكەندە؟ — دېدى.

— شۇنداق بولمايچۇ.

— زاۋۇت باشلىقى يوق، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بار، ئۇنى ئىزدىسىڭىز ئىككىنچى قەۋەت بىرىنچى ئۆيگە كىرىڭ، — يىگىت شۇنداق دېدى ـ دە، بۇرۇلۇپ يولىغا ماڭدى، مەرھابا ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ يىگىت دەپ بەرگەن بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى يېنىك چەكتى، بۆلۈمنىڭ ئىچىدىن كىرىشكە ئىجازەت بېرىلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، مەرھابا بۆلۈمگە كىرگەندىن كېيىن، جۈپلەپ قويۇلغان ئۈستەللەرنىڭ بىرىدە خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمدىن سورىدى:

— ئاكا، زاۋۇت باشلىقى سىز بولامسىز؟

بۇ ئادەم كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مەرھاباغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، گۇمانسىراپ سورىدى:

— بىر ئىشىڭىز بارمىتى؟

مەرھابا ئۇنىڭ سوئالىدىن «زاۋۇت باشلىقى مۇشۇ ئادەم ئوخشايدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

— سىزنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىۋېدىم، — مەرھابانىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى، — قاراڭ ئاكا، مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى دەگە، بىراق ئالىي مەكتەپنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم، شۇنىڭ بىلەن قاراڭ ئاكا... ھە، — مەرھابا مەقسىتىنى قانداق ئېيتىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— بولدى، بولدى، مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم، — باياتىن مۆگدىگەن قىياپەتتە ئولتۇرغان ئادەم مەرھابانىڭ گېپىنى تارتىۋالدى، — زاۋۇتتا ئىشلىسەم دېمەكچىسىز، شۇنداققۇ دەيمەن.

— ۋىيەي نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، مەن ئەسلى ...

— مەيلى قانداق بولسۇن، — ھېلىقى ئادەم يەنە مەرھابانىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — ھېلىغۇ تولۇق ئوتتۇرىكەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر بولسىمۇ زاۋۇتىمىزغا قوبۇل قىلالمايمىز.

ــ ياق ئاكا، سىز گېپىمنى خاتا چۈ-
شىنىپ قاپسىز ...

ــ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سىز بىلـ-
مەيسىز، بىز ھازىر زاۋۇت بويىچە پۈتۈنـ-
لەي ئىش توختاتتۇق، ئىشچىلىرىمىز ئۆيـ-
لىرىدە دەم ئېلىپ ياتىدۇ، كادىرلىرىمىز
ھەر تەرەپكە چېپىپ، كەسىپ ئۆزگەرتىشـ-
نىڭ يولىنى ئىزدەۋاتىدۇ، بولمىسا سىزدەك
قىزلارنى ئىنىڭ بولمىغاندا ۋاقىتلىق ئىش
بىلەن بولسىمۇ تەمىنلىمەيتتۇقمۇ؟

ــ سىز دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىـ-
سىنى مەن ئاڭلىغان، ــ مەرھابا مەقسىتىنى
ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىپ ئۇستەلگە يېقىن كەلـ-
دى، ــ كېلىشىمدىكى مەقسەت سىز دېگەنـ-
دەك ئەمەس، بەلكى ...

ــ مەيلى قانداق بولسىمۇ گەپ شۇ
سىگلىم، ــ بۇ ئادەم ئۇستەلنىڭ تارتمىسـ-
دىن بىر توقاي گىراپىلارنى ئالغاندىن
كېيىن قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئۇرۇپ
تۇرۇپ داۋام قىلدى، ــ ھازىر ئادەم ئېـ-
لىش ئەمەس، مۇشۇ تىزىملىكتىكى بىر
نەچچە يۈز ئادەمنى قانداق بىر تەرەپ
قىلىش توغرىسىدا كاللا قاتۇرۇۋاتقان گەپ،
ئۇقتىڭىزمۇ؟

بۇ ئادەمنىڭ قوپاللىقى بىلەن مەر-
ھابانىڭ غايىلىرى بىردىن يوققا چىققاندەك
بولدى. ئۇ، ئىشنىڭ باشلىنىشىدا مۇنداق
توسقۇنلۇقنىڭ بولۇشىنى كۈتمىگەنىدى،
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇدۇل چىقىپ
كەتسۇنمۇ؟ ياق بولمايدۇ، رىقابەت قاينـ-
مىدا سۇنغان زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ
مىللىي سانائەتنى قۇتۇلدۇرىمەن دېگەن
ئىرادىسى نەگە كەتتى. ئەگەر بۇنىڭدىن
ۋاز كەچسە دادىسى بىلەن ئاپىسىغا قانـ-
داق يۈز كېلەلەيدۇ؟ ... مەرھابا ئالدىدىكى

مۇنۇ ئادەمنىڭ قوپاللىقى بىلەن ھېسابلىـ-
شىپ تۇرماستىن، مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتـ-
ماقچى بولدى، بىراق گەپنى قانداق باشـ-
لاشنى بىلمەستىن، تۇرۇپ قالدى، شۇ چاغـ-
دا ئىشىك بىردىن ئۇلۇغ ئېچىلىپ، بۆ-
لۈمگە مەرھابا بىلەن دەرۋازىدا ئۇچراشـ-
قان بايىقى يىگىت كىرىپ كەلدى، مەرھابا
بۇ يىگىتنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ سەزمەستىن
سالام بەردى.

ــ ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ ــ دېدى يىـ-
گىت جاۋابەن چاندۇرماستىن، ــ قېنى ئو-
رۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ.

مەرھابا يىگىتنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن
بايىقى قىسلاچىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئورۇنـ-
دۇقتا ئولتۇردى، بايىقى ئادەم ئالدىدىكى
گىراپىدىن كۆزىنى ئېلىپ يىگىت بىلەن
مەرھاباغا مەنىلىك قاراپ قويدى، يىگىت
ئولتۇرغاندىن كېيىن مەرھابادىن سورىدى:

ــ ئىشىڭىزلى پۈتتۈردىڭىزمۇ؟

ــ نەنىڭكى؟ ــ مەرھابا بايىقى ئادەمـ-
گە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، چاقچاقلا
يۆلەپ دېدى، ــ بۇ باشلىق ئاكىمىزنىڭ ئاچـ-
چىقى بەكمۇ يامان ئىكەن، تېخى گېپىمنى
قىلا ـ قىلمايلا شېخىمنى يىرىۋەتتى.

ــ كىم زاۋۇت باشلىقىكەن؟ ــ ئۇ
ئادەم پىستە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ،
مەرھابانىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈردى، ــ
مەن ھېچقاچان سىزگە ئۆزۈمنى زاۋۇت
باشلىقى دەپ تونۇشتۇرمىدىم. زاۋۇت
باشلىقىنى ئىزدىسىڭىز ئەنە ئاشۇ يىگىت،
ئىسمى نەزەر، ــ بۇ ئادەم ئاخىرقى گېپىنى
ئاڭلالمىغۇدەك غۇڭشىپ ئاخىرلاشتۇردى.

ــ نېمە؟ ــ مەرھابا ھەيرانلىقىنى
يوشۇرالمىغان ھالدا ھېلىقى ئادەم بىلەن
يىگىتكە تىكىلدى، ئارقىدىن يىگىتتىن سورىـ-

دى، — ئەممە ئابىيام زاۋۇت باشلىقىنى سورىسام ئەجەب بۇ بۆلۈمنى كۆرسىتىپ قويدىڭىزغۇ؟

يىگىت مەرھابانىڭ سوئالىغا كۈلۈپلا قويدى.

— ۋىيەي تووۋا! — مەرھابا ياقىسىنى تۇتۇپ نەزەرگە تىكىلدى، — باشلىق بولغان ئادەملەر ئۆزىنى بەكمۇ مەخپى تۇتىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ بوپتۇ، ۋايىيەي، ئابىيام مەخپى تۇتقىنىڭىز بىلەن ھازىر بەربىر مۇنۇ ئاكىمىز سىزنى ئاشكارىلاپ قويدى، ئەسلىدە سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى، — مەرھابا مەقسىتىنى بايىقى ئادەمنىڭ ئالدىدا ئوچۇق دېيىشنى بىئەپ كۆرۈپ، نەزەرگە ئۇنى مەنىلىك ئىشارەت قىلدى، كراپىغا قاراپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ سىنچى كۆزلىرى بۇ بېقىشلارنى نەزەردىن ساقىت قىلالمىدى، ئۇ قىزنىڭ قەلبىدىكى ئاللىقانداق يوشۇرۇن سىرلارنى سېزىپ ئاستا قوپۇپ چىقىپ كەتتى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سورىدى مەرھابا بايىقى ئادەمنىڭ ئاياغ ئاۋازى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن نەزەردىن.

«تووۋا، غەلىتىلا سوئال سورايدىغۇ، يېشىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىكىنا؟» نەزەر مەرھابانىڭ سوئالىدىن ھەيران بولدى.

— 25 ياشقا كىرەي دەپ قالدىم، — دېدى ئۇ تۆزلا قىلىپ.

— ئەمىسە سىزنى نەزەر دەۋەرسەم بولىغۇدەك، — مەرھابا نەزەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — يېشىمىزدا ئانچە چوڭ پەرق يوقكەن، ئاشۇنداق ئاتىسام رەنجىمەيدىغانسىز؟ ھا - ھا!...

— رەنجىشتىن خېلى كېيىن تۇغۇلغانمەن، — نەزەر مەرھابانىڭ كۈلكىسىدىن جالىنىپ، چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بەردى، — ئىشقىلىپ ئاكام دېمىسىڭىزلا بولغىنى.

مەرھابا نېپىز كالپۇكىنى چىشلەپ يەرگە قاريۋالدى. نەزەر ئۇنىڭغا بىر خىل تەلمۈرۈش ئىلكىدە تىكىلدى.

— سىزگە ئوچۇق گېپىمنى قىلسام، — دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى مەرھابا ئوڭ كۆزىنى يېپىۋالغان چېچىنى قولىقىنىڭ كەينىگە باستۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، — ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىۋېدىم.

— نېمە ئىشتى؟

— ئازراق ۋاقتىڭىزنى ئالىدىغان بولدۇم، — مەرھابا ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان نەزەرنىڭ قوڭۇر كۆزىگە ھاجەتمەنلەرچە بىر قاريۋەتكەندىن كېيىن، سول قولىدا دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىنى سىلىغاچ داۋام قىلدى، — مەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم، يەنە ئىمتىھان بېرىشكە رايىم بارمىدى، چۈنكى ئاخىرقى پەللىگە يېتەلمىگەن ئادەم يەنە زورىققان بىلەن بىكار دە، شۇڭا مەن جەمئىيەتتە باشقىچە يول تۇتۇشنى لايىق كۆرۈپ، زاۋۇتىڭلارغا كېلىشىم.

— مەسىلەن، قانداق يوللارنى تۇتماقچىسىز؟

— مەن يېقىندا گېزىتتىن بىر خەۋەرنى كۆردۈم، خەۋەردە زاۋۇتىڭلار ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىسىدە خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپتۇ، مەن بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدىم. 50 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، رايونىمىزدىكى تۇنجى مىللىي سانائەتنىڭ بىرلا شامال بىلەن يوقىلىپ كېتىشى كىشىنى تولىمۇ چۆچىتىدۇ، بۇ ئىشلارنى يۇقىرى

بىلەمدۇ - يوق، بەلكىم بىلىدىغان بولسا رۇخسەت قىلماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى هازىر هۆكۈمىتىمىز مىللىي سانائەتنى هەر جەهەتتىن يۆلەۋاتىمادۇ، مەيلى نېمە بولسۇن، مەن زاۋۇتىڭلارنىڭ پۈتۈن يىللىق ئاياغ كىيىملىرىنى توختاملىشىپ ئېلىپ، مەخسۇس ئاياغ كىيىم ماگىزىنى ئاچماقچىمەن.

«توۋا ئۆزى بىر چىرايلىق بولغىنى بىلەن گەپ - سۆزلىرى ئۆمەلىغۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى بىز بىلەن تۈزۈشكەن توختاملىرىنى بىكار قىلىۋېتىپ بارسا، ئانىسىنىڭ سۈتى ئاغزىدىن تېمىپ تۇرغان بىر قىز بىر نەچچە مىليون سوملۇق ئاياغ كىيىمنى بىراق توختاملىشىمەن دەپ يۈرىدىغۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىمتىهاندىن ئۆتەلمەستىن يالغاندىن مۇشۇ ئىشنى باهانە قىلىپ، ماڭا مۇهەببەت ئىزهار قىلغىلى كەلدىمۇ - يا؟ هەر نېمە بولسىمۇ مۇنداق قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويماي، گېپىگە ‹هە› دەپ قويۇپ، ئاستا ئۆزۈمگە مايىل قىلىۋالمامدىم»

— نېيىتىڭىز تولىمۇ ياخشىكەن،— دېدى نەزەر گەپنى سەل سىلىغايتىپ،— بولسىغۇ سىز دېگەندەك قىلساق مىللىي سانائىتىمىز ئۈچۈن ياخشى بولاتتى. بىراق، هازىرقى بازار ۋەزىيىتى شۇنداق بولۇپ قالدى - دە، بىزگىمۇ ئامال يوق، ئەگەر خالىسىڭىز كەلگۈسى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان چامادان، سومكىلارنى دوگۋارلاشسىڭىز بولىدۇ، بىراق مەنچە سىز قىز بالا بولغاندىن كېيىن سودىغا قىزىقماي، ياخشىسى يەنە بىر يىل تەييارلىق قىلىپ، داشۆگە ئىمتىهان بەرسىڭىز بولغۇدەك.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس،— مەرهابانىڭ تەرسالىقى بىردىن تۇتتى،— سىز بىر چاڭجاڭ تۇرۇپ ئۆزىڭىز باشقۇرۇۋاتقان مىللىي سانائەتنى، تاقاشقا قېتىلغان بولسىڭىزمۇ مەن ئۆزۈمنىڭ تاللىغان ئۇ يولۇمدىن يانمايمەن. ئازراق ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويۇدىغان بولدۇم نەزەر،— مەرهابا ئۇنىڭ سائىتىگە قاراپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ تەكەللۇپ قىلدى،— رەنجىسىڭىزمۇ مەيلى، مەن بىر كۆرگەن ئادىمىمگە هازىرقىدەك كۆڭلۈمدىكىنى ئايىماي دەۋېرىدىغان مىجەزىم بار، گېپىم ئېغىر كەتكەن بولسا ياندۇرۇۋالىمەن، ئاخىرىدا سىزگە دەيدىغان بىر ئىلتىماسىم بار، ئەگەر...

— نېمە بولسا دەۋېرىڭ،— نەزەر مەرهابانىڭ گېپىنى بۆلدى.

— ئەگەر مۇمكىن بولسا،— مەرهابا نەزەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ سۆزلىدى،— زاۋۇتنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەسلىككە تىرىشىڭ، مۇمكىنچىلىك بولمىسا، ئەڭ بولمىغاندا بىر سېخنى مەخسۇس ئاياغ كىيىم ئىشلەيدىغانغا ئاجرىتىپ قويساڭلار، مەن پۈتۈن يىللىق مەهسۇلاتقا توختام تۈزۈپ، هەر پەسىللىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەهسۇلاتنىڭ پۇلىنى ئالدىن تاپشۇرسام...

— بولىدۇ، مەن زاۋۇت باشلىقى بىلەن مەسلىهەتلىشىپ كۆردي.

— قايسىنىڭغا بولىدۇ دەيسىز؟

— هازىرچە بىر سېخنى ئاياغ كىيىم ئىشلەيدىغانغا ساقلاپ قالساق...

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ - هە، ئەكىلىڭ قولىڭىزنى،— مەرهابا نەزەرنىڭ جاۋابىدىن هاياجانلىنىپ قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى،— مەن باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن توختام تۈزگىلى كېلىمەن، ئۇ چاغدا يېنىۋالسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى نەزەر مەرھابانىڭ قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — مەنمۇ تەلىپىڭىزنى ئورۇندايمەن، ئەمدى سىز مەن ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرىسىز؟

— ھا! ھا! قىزىق گېپىڭىز بار-كەن، — دېدى مەرھابا بىر خىل ناز بىلەن كۈلۈپ، — سىز كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق رازى قىلىمەن، ئىشىنىڭ، بۇ چىن گېپىم، — مەرھابامۇ نەزەرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ سىلكىدى.

نەزەر ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتۈۋاتقان ھارارەتتىن ھاياجىنىنى باسالماستىن كەلگۈسى بەختىنىڭ بۆشۈكىگە بۆلەنگەندەك بولدى.

## دۇكان ئىزدەش

مەرھابا ئەمدى ئىككىنچى ئىشقا ئۆتتى، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندىن تاكى كەچكىچە شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى كوچىلىرىدىكى ماگىزىن-دۇكانلارنى ئارىلايتتى، بەزىلىرىنىڭ دۇكىنى يارىسا ئورنى يارىمايتتى، بەزىلىرىنىڭ ئورنى يارىسا دۇكىنى يارىمايتتى. ئۇ بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يەنە كوچىغا چىقتى، ئىككى تەرىپى بۈككىدە گۈللۈك پىيادىلەر يولى بىلەن كېتىۋېتىپ، ئالدى تېمى پۈتۈنلەي دېرىزە قىلىپ ياسالغان بىر قەۋەتلىك يېمەكلىكلەر ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا توختاپ قالدى، ماگىزىننىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان رادىئو كانىيىدىن «چىمەندە گۈل» ناخشىسى جاراڭلاپ تۇراتتى، بۇ ماگىزىن ئىككى يېنىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك سودا سارىيىنىڭ قېشىدا تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى، مەرھابا قارشى تەرەپتىكى ئالتە قەۋەتلىك مېھمانخانا بىلەن ئىككى قەۋەتلىك تىياتىرخانىغا كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ ھاياجىنىنى باسالماستىن مىيىقىدا كۈلدى، «تۇۋا، ‹تۆگىسىنى مىنىپ تۆگە ئىزدەپتۇ› دېگەن مۇشۇ كەندە، ھەر كۈنى مۇشۇ جايدىن تۆت ئۆتىمەن، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ماگىزىن نېمىشقا يادىمغا كەلمىدىكىنا؟ ئەسلى ئىزدىگىنىممۇ مۇشۇنداق ئاۋات بازارغا، چوڭ سودا سارايلىرىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشقان كىچىك دۇكان ئەمەسمىدى، بىراق ئىجارىگە بېرەرمۇ؟» مەرھابا ھەر خىل ئوي-لارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ماگىزىننىڭ ئىچىگە كىردى، ماگىزىندا بىرمۇ خېرىدار كۆرۈنمەيتتى، ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پىرىكازچىك بىر جۈپتىن بولۇپ بىر رەسىملىك ژۇرنالنى كۆرۈشۈۋاتاتتى، مەرھابا ئۇلارغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، پوكەيلەرنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ ئارىلىدى. ئۇ، خورۇچ، چاي سېتىلىدىغان يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىغان پىرىكازچىكلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— مۇنۇ سوقۇلغان قارىمۇچتىن ئىككى قۇتا ئېلىۋېتىڭە!

— بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ، — رەسىم كۆرۈۋاتقانلاردىن بىرسى جاۋاب بەردى.

— مۇنۇ كەمپۈتتىن يېرىم كىلوگرام تارتىۋەتسەڭلارچۇ، — ئۇ پىرىكازچىكلارغا يەنە مۇراجىئەت قىلدى، گەرچە بۈگۈن مەرھابانىڭ ماگىزىندىن ھېچنەرسە ئېلىش ئويى بولمىسىمۇ پىرىكازچىكلارنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلىۋاتات-

تى، ئۇ ئايلىنىپ پىرەنىك، بولكا سېتىلىدىغان جايغا كەلگەندە پىرىكازچىكلاردىن بىرسى ئېرىنچەكلىك بىلەن قوپتى.

— نېمە ئالىسىز؟— پاكار، ۋىجىك بىر قىز خۇشىياقمىغاندەك مەرھابادىن سورىدى.

— تۇشتىن يېرىم كىلوگرام.

پىرىكازچىك تۇشنى تارازىغا سېلىۋاتقاندا مەرھابا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سوداگەرلار ئانچە يوق ئوخشايدۇھە؟

— پەقەتلا دەگىنە، — پىرىكازچىك ئۇنىڭغا قارىماستىن جاۋاب بەردى، — ئىشەنسىڭىز ئەتىگەندىن بۇيان پەقەت سىزگىلا سودا قىلىشىم.

— نېمە ئانچىلا؟

— مۇنۇ ئىككى يېقىنىمىزدىكى غادىيىپ تۇرغان ماگىزىنلارنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟— پىرىكازچىك تۇشنى قەغەزگە ئورىغاچ داۋام قىلدى، — ئۇنداق ماگىزىنلار بار يەردە خېرىدارلار بىزنىڭ مۇنداق دىۋانە چىراي دۇكانلىرىمىزغا كىرمەيدىكەن، بۇ ماگىزىنلار سېلىنىشتىن ئىلگىرى پايدىمىز بىلەن سودىمىز قەۋەتلا ياخشى بولىدىغان، ھازىر دەم ئېلىشىمىز ياخشى بولۇپ قالدى، — قىز سۆزىنى تۈگىتىپ مەقسەتسىزلا كۈلدى، مەرھابا يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ گەپ ئېلىش مەقسىتىدە:

— ئۇنداق بولغاندىن كېيىن كەسىپىڭلارنى ئۆزگەرتسەڭلار بولمامدۇ؟— دېدى.

— ئۇ پىكىرنىمۇ قىلىۋېدۇق، باشلىقلار پايدا ئالالمايمىز، ئۇنىڭدىن ئېقىمچىقىمى يوق ئىجارىگە بەرگىنىمىزنىڭ يۈردىسى بار، دەپ ئۇنىمىدى.

— ئاڭلىسام بىر قانچە ئورۇن ئىجارىگە سوراپ كەپتۇ، — يەنە بىر قىز پىرىكازچىك ياندىن كېلىپ، سۆز قاتتى، — بىراق باشلىقلار ئىجارىسىنى ئاز كۆرۈپ ئۇنىماپتۇدەك، ئەھۋالدىن قارىغاندا بىر يىللىق ئىجارىسىنى ئون مىڭ سومغا بەرگۈدەك، قارىغىنا ئاداش، نېمىدېگەن نائىنسابلىق، بىز ماشىنىمىزنى تاپالمىغانىمىزنىڭ سىرتىدا ھەر يىلى بەش ـ ئالتە مىڭ سوم زىيان تارتىمىز، خەق ئون مىڭ سومغا ئىجارە ئېلىپ، قانداق پايدا تاپالايدۇ؟

— نېمە ئانچىلا باش قاتتۇرۇپ كېتەتتىڭلارۋي؟— يىگىتلەرنىڭ بىرسى قىزلارنىڭ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈردى، — ھارۋا باينىڭ، ئات باينىڭ، ئۆلەمدۇ، سۇنامدۇ چاتىقىمىز نېمە؟ ئايلىقىمىزنى بېرەلمىسە ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ مۇئاشى بار. زىيان تارتسا ھۆكۈمەت تارتىدۇ، پۇلىمىز بولمىسىمۇ ئىسسىق ـ سوغۇقتىن پاناھلىنىدىغان ئورنىمىز بار...

ئۇلار تالاش ـ تارتىشقا چۈشكەندە مەرھابا ماگىزىندىن يېنىپ چىقتى، قىزلارنىڭ دېگىنى بويىچە كوچا ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرۇپ رايونلۇق يېمەكلىكلەر زاۋۇتىغا كىردى، زاۋۇتنىڭ مەسئۇلى مەرھابانىڭ مەقسىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشەنمىگەن تەلەپپۇزدا سورىدى:

— دۇكاننى نېمە قىلىسىز؟

— سودا ماگىزىنى.

— مەيلى نېمە قىلسىڭىزمۇ، — دېدى باشلىق گېلىنى قىرىپ، — ئەڭ ياخشىسى دادىڭىزنى باشلاپ كېلىڭ، بىز شۇنىڭ بىلەن توختاملىشايلى، بولمىسا سىزدەك بىر قىز بىلەن...

— خاتىرجەم بولۇڭ، — مەرھابا ئۇ-

نىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — گەرچە قىز بالا بولسامۇ ئون يىگىتنىڭ ۋەدىسىنى بېرىپ چىدالايمەن، ناۋادا ئىشەنچ قىلالمىسىڭىز، ئىجارىسىنى ئالدىن تۆلىسەممۇ بولىدۇ.

— ئەمىسە يىللىقنى ئون مىڭ سومغا ئالالامسىز؟

— بولىدۇ.

— ياخشى، — دېدى باشلىق مەرھابانىڭ سۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي — راستىنلا ئالىدىغان بولسىڭىز، بىر يىللىق توختام تۈزۈشەيلى، پۇلنى نەق تاپشۇرۇسىز، توختامنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتتىنى ئۆتەيمىز، يەنە بىر ئىش، ماگىزىنىمىزدىكى پىرىكازچىكلارنىڭ ئىككىسىنى ئالىسىز.

— پىرىكازچىكلىرىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن.

باشلىق ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزىدىن راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلدى، ئەسلىدە ماگىزىن پىرىكازچىكلىرىنى مەرھابا نېمە دەرىكىن دەپ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ باققانىدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، — دېدى باشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ، — يۈرۈڭ بوغالتىر بۆلۈمىدە توختام تۈزۈشەيلى.

## نەزەرنىڭ باش قېتىمچىلىقى

مەرھابا ئەتىسى ئەتىگەن چىقىپ زاۋۇتنىڭ ئالدىدا نەزەرنى كۈتۈپ تۇردى. سائەت 8 دىن چارەك ئۆتكەندە، نەزەر ۋېلسىپىتلىق كەلدى.

— ياخشىمۇسىز نەزەر؟ — مەرھابا ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ ئەھۋال سورىدى. نەزەر ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ سۇسلا جاۋاب قايتۇردى، مەرھابا ئۇنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ رولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: — سىزنى قاچۇرۇپ قويماي دەپ يولىڭىزنى توسۇپ تۇرۇشۇم ئىدى، — دېدى.

— بىرەر مۇھىم ئىشىڭىز بارمىتى؟

— ھا-ھا! چاقچاق قىلىۋاتامسىز نېمە؟ — مەرھابا ۋېلسىپىتنى قويۇۋەتمەي تولغىنىپ كۈلدى، — ھېلىقى كۈنى ۋەدىلەشكەن گېپىمىز بويىچە ئىزدەيمەن-دە.

— ئۇ كۈنى مەن كارخانىمىزنىڭ ئاياغ كىيىم ئىشلىمەيدىغان بولغانلىقىنى ئېيتىۋىدىمغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى مەرھابا سەل ئاچچىقلانغان تەلەپپۇزدا، — بىراق بىر سېخنى مەخسۇس ئاياغ كىيىم ئىشلەيدىغانغا ئاجرىتىدىغان بولغان ئىدىڭىزغۇ؟

نەزەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، شۇ گەپنى باشقا بىرەر ئەركىشىگە ئېيتقان بولسىمۇ كاشكى، تېنىۋالسا ياكى بولمىسا چاقچاق دەپ تۈگىتىۋەتسە بولاتتى، بىراق يېنىدىكى بۇ گۈزەل بىر قىز دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنى، ئادەملەرنى ئېغىزىدىن چىققان بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۆلچەيدىغان گۆدەك قىز-دە. مۇنداقلارنى ئوبدان قايىل قىلالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ باش كۆتۈرگىلى بولمايدۇ، نەزەر مەرھابانى قايىل قىلىش ئۈچۈن بۆلۈمگە باشلىدى.

— ئەمدى قاراڭ، ھەقىقىي گەپنى قىلسام، — دېدى، نەزەر ئىشىكنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن مەرھابانىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىزگە بەرگەن ۋەدەمنى زاۋۇت يىغىنىغا قويۇۋېدىم، كۆپچىلىك قېتىلمىدى.

مەرھابا نەزەرنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق
جاۋابنىڭ چىقىشىنى كۈتمىگەنىدى، شۇ تاپ-
تا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يىغلىۋەتكىلى ئاز
قالدى، «ئادەملەر نېمىدېگەن مۇرەككەپ،
ئازراق بىر ئىشنى قىلىشنى ئويلىساڭ، تاپ-
مىغدا دەسسەپ تۇرغان كىچىككىنە يەرمۇ
ساڭا تەگمەيدۇ، غايىبانا بىر كۈچنىڭ
سېھرى بىلەن بوشلۇققا سىقىپ چىقىرىۋې-
تىلسەن، بىكار يۈرسەڭ شۇ ئادەملەر، جەم-
ئىيەت تەرىپىدىن خورلىنىسەن» مەرھابا نە-
زەرگە تەرسالىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويماق-
چى بولدى-يۇ، ئاچچىقىدا گېپىنى تاپال-
ماستىن، سومكىسىدىكى توختامنى چىقاردى.
— مانا، مۇنۇلارنى كۆرۈڭ،— دېدى
مەرھابا قولىدىكى توختامنى نەزەرنىڭ ئال-
دىغا تاشلاپ قويۇپ،— سىزنى باشلىق، ئاد-
دىن قالسا قىلغان گېپىدە تۇرالايدىغان
يىگىت دەپ ئويلاپ، بىر ماگىزىنىنى ئىجا-
رىگە ئېلىپ بولدۇم جۇمۇڭ، ھەتتا مانا ما-
ۋۇنىمۇ كۆرۈڭ،— ئۇ سومكىسىدىن يەنە بىر
قانچە قەغەزنى چىقىرىپ داۋام قىلدى،—
ماگىزىنىنىڭ 10 مىڭ سوم ئىجارىسىنى،
يەنە ئەدلىيە-پەدلىيە دەمسىز، سوت دەم-
سىز ھەممە ئورۇندىن رەسمىيەت ئۆتەپ
بولدۇم، ئەگەر سىزمۇ ئىشنىڭ ئاخىرىغا
ئىشەش قىلالمىسىڭىز، سېتىۋالىدىغان مەھسۇ-
لاتلارنىڭ پۇلىنى ئالدىن تۆلىۋەتسەملا بولىدىغۇ.
نەزەر مەرھابانىڭ بەرگەن توختام
قەغەزلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، بىر

نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.
— قېنى نەزەر،— مەرھابا نەزەرگە
تەنە ئارىلاش گەپ قىلىشقا باشلىدى،— سۆز-
مۇ ئېغىزدىن، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ،
جېنىڭىز چىقىپ كەتسىمۇ يىگىتتەك بىر
ئېغىز گەپ قىلىۋېتىڭە. ماقۇل دېسىڭىز
مەن سىزگە چوقۇم شان-شەرەپ كەلتۈ-
رۈپ بېرىمەن، ياق دېسىڭىز زىيان كەل-
تۈرەلمەيمەنۇ، ئەمما قانداق يىگىتلىكىڭىز-
نى كۆرۈپلا قويىمەن، خالاس.
مەرھابانىڭ ئاددىي بولسىمۇ جانغا
پاتقۇدەك سۆزلىرى نەزەرنىڭ يىگىتلىك
غورۇرىنى لىڭشىتىۋەتتى، ئۇ، تاتىرىپ كې-
تىۋاتقان چىرايىنى ئۇستەلدىن ئالماي، قە-
غەزلەرنى مەرھاباغا سۇنغاچ ئاران جاۋاب
بەردى:
— بو...بولىدۇ، دېگىنىڭىزچە سېتىۋالىدى-
غان مەھسۇلاتلىرىڭىزنىڭ پۇلىنى ئالدىن
تاپشۇرۇڭ...
ئۇلار شۇ كۈنى توختام تۈزۈشتى،
توختامنىڭ ۋاقتى بىر يىللىق قىلىپ بې-
كىتىلدى، زاۋۇتنىڭ مەرھابانى تەمىنلەيدىغان
يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى
1 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى، توخ-
تامغا مەھسۇلاتنىڭ تۆرىنى سېتىۋالغۇچى
تەرەپ بەلگىلەيدىغان، ساتقۇچى تەرەپ ئىش-
لەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتنى باش-
قىلارغا سېتىپ بەرمەيدىغان
ۋە باشقا بىر مۇنچە مەزمۇنلار كىرگۈزۈلدى...

## شاخېلىلىنىڭ غەزىپى

— ھويت ئايىم قىزىم، ئامەتلىك
قىزىم، سىز قەيەردە؟— شاخېلىل ھويلىغا
كىرىش بىلەن تەڭلا مېكىسىدىن ئادىشىپ
قالغان ئادەملەردەك ۋارقىراشقا باشلىدى،
مەرھابا بىلەن شاپائەت شاخېلىلىنىڭ ئەنسىز
ئەمما خۇشال ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھويلىغا يۈ-

كۆرۈپ چىقتى، شاخىلىل قولىدىكى چاما ـ
داننى يەرگە قويۇپ ئاندىن قويۇن يانچۇ ـ
قىدىن بىر قەغەزنى ئېلىپ داۋام قىلدى. ــ
مانا قىزىم بۇ چاقىرىق قەغىزى، ئۆز كۆزى ـ
ڭىز بىلەن كۆرۈڭ، 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن
بۇرۇن مەكتەپكە بېرىپ تىزىملىتىدىغان
بولدىڭىز، ئاڭغىچە تەييارلىقلارنى ئوبدان
قىلىپ، ھۆرۈ ـ پۆرۈ ئىشلارنى ئىزىغا سېلى ـ
ۋالىمىز...

مەرھابا مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغى ـ
زىنى قولىغا ئېلىپ شۇنداقلا كۆز يۈگۈر ـ
تۈپ چىقتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. مەرھابا دادى ـ
سىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇردى، شاپا ـ
ئەت ئادىتى بويىچە بىردەم ئېرىنىڭ ئاغزى ـ
غا، بىردەم قىزىنىڭ ھۈسن ـ جامالىغا قاراپ
جىم ئولتۇردى، ئۇ، ئۆي تۇتقاندىن بۇيان
بىرەر ئىشنى شاخىلىلنىڭ رۇخسىتىسىز
قىلىپ باقمىغانىدى، شاخىلىلنىڭ خۇشال ـ
لىق، قايغۇلىرىنى ئۆزىنىڭ ھېسابلايتتى،
كېيىنچە مەرھابا چوڭ بولۇپ بۇنداق ئور ـ
تاقلىق ئىككىگە بۆلۈندى، ئۇنىڭ قىزىغا
نىسبەتەن نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، تەر ـ
بىيىلەش ئۇسۇللىرى بولسىمۇ، بىرسىنىمۇ
ئورۇندىيالمىدى، چۈنكى شاخىلىلنىڭ ئالدى ـ
دا ئۇنداق قىلىشنى ھۆرمەتسىزلىك بىلدى،
قىسقىسى مەرھابانى قانداق بۆلەش، كۈنى ـ
گە نەچچە نۆۋەت ئوزۇقلاندۇرۇش، قانداق
كىيىندۈرۈشكىچە ئىشلارنىڭ ھەممىسى شا ـ
خىلىلنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى، شاپائەت ـ
نىڭ مەيلىچە بولغاندا مەرھابانى بىر مە ـ
نۇتمۇ يېنىدىن ئايرىغۇسى يوق ئىدى،
ئەمما شاخىلىلنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھال ـ
دا ئۇنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەسلىكىنى گۇناھ
ھېسابلاپ بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى. مەر ـ
ھابا تېخىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان چاقى ـ
رىق قەغەزنى دادىسىغا سۇنۇۋېتىپ شۇنداق
دېدى:

ــ دادا، گېپىم گەپ، مەن ئوقۇماي ـ
مەن، سودىگەر بولىمەن.

ــ نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز، قى ـ
زىم؟ ــ شاخىلىل گەرچە قىزىنىڭ گېپىگە
ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، تىكىلىپ تۇرۇپ قىل ـ
غان ئىشەنچلىك تەلەپپۇزىدىن ئالىمقانىداق
بىر گۇمانلىق شولىلارنى كۆرگەنىدەك بول ـ
دى، ــ سىز ئوقۇڭ، سودىگەرچىلىكنى مەن
قىلاي، ھەممە رەسمىيەتلەر پۈتكەنىدە ئو ـ
قۇمايمەن دېيىشىڭىز...

ــ مېنىڭمۇ سودىگەرچىلىك رەسمى ـ
يەتلىرىم پۈتۈپ بولدى، ــ مەرھابا سومكى ـ
سىدىكى توختام، تىجارەت كىنىشكا قاتار ـ
لىقلارنى ئېلىپ شاخىلىلنىڭ ئالدىغا قويدى، ــ
ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدە ئوقۇشقا كەت ـ
سەم بولماس.

شاخىلىل مەرھابا بەرگەن توختام،
ئىسچوتلارغا ئالدىراپ كۆز يۈگۈرتۈپ
چىقتى.

ــ نېمە؟ ــ شاخىلىل ئالدىن تاپشۇ ـ
رۇلغان 240 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات
پۇلى بىلەن 10 مىڭ يۈەنلىك ئىجارە
ھەققىنىڭ تالونىنى كۆرگەنىدىن كېيىن
جوزىغا بىرنى ئۇرۇپ، ئورنىدىن چاچراپ
تۇرۇپ كەتتى، ــ داداڭدىن بىسوراق مۇشۇن ـ
چىۋالا پۇلنى خەجلەيدىغانغا بېشىڭ نەدە
يوغىنىدى سېنىڭ؟

شاپائەت ئۆي تۇتقاندىن بۇيان ئې ـ
رىنىڭ بۇگۈنكىدەك ئاچچىقلانغىنىنى، مەر ـ
ھابانى مۇنداق سەتلىگىنىنى ھېچ كۆرمى ـ
گەنىدى، ئۇ قورققىنىدىن قىزىنىڭ ئالدىغا
ئۆتۈپ، شاخىلىلغا بىچارىلەرچە يېلىنىپ

قاردى، شاپائەتنىڭ يېلىنىپ قاراشلىرى ئۆتۈنۈپ قىلغان شەرەتلىرى شاخېلىلنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۇرلەتتى.

— ماڭا كۆزۈڭنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ - ياپماي نېرى تۇر! — شاخېلىل شاپائەتنى ئوڭ قولىدا بىر يانغا ئىتتىرىۋېتىپ مەرھابانىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى، — بىر تال بالام دەپ سېنى ئوغۇلنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ پۈتۈن ئىقتىسادىنى تۇتقۇزغانىنىڭ جازاسى مۇشۇما؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بېرىپ پۇللارنى ياندۇرۇپ كەل، بولمايدىكەن...

ھە، — شاخېلىل گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئەلەم بىلەن يۇتۇۋەتتى، جوزىنىڭ گىرۋىكىنى سىلىغاچ دادىسىنىڭ گېپىنى تەخىر قىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەرھابانىڭ بىردىنىلا تەرسالىقى تۇتتى.

— پۇلىڭىزنى بۈگۈن ئەمەس، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئەكېلىپ بېرىمەن.

— ھىم! — شاخېلىل دىمىقىنى قاقتى، — قاچان ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمەن، — ئۇ غەزەپ بىلەن چام - داپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى، — بالا ئەمەس، بېشىمغا بالا بولغان ... — شاخېلىل سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەستىن ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— جېنىم قىزىم، — دېدى شاپائەت شاخېلىل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەرھانى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، — دادىڭ ئىككى - مىز ساڭا شۇنچىلىك ئەقىدە قىلىپ، تەقدىرىڭگە باش قاتۇرۇۋاتقاندىن كېيىن، مۇنچىلىك باش - باشتاقلىق قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بوپتىكەن، مېنىڭچە يەنىلا ئوقۇغۇنۇڭ تۈزۈكمىكىن قىزىم.

— ئوقۇمايمەن دېدىم، ئوقۇمايمەن، — مەرھابا چالۋاقىدى، — ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسەڭلارمۇ ئوقۇمايمەن، — ئۇ سومكىسىدىن ئامانەت كىنىشكىسىنى ئېلىپ داۋام قىلدى، — دادامنىڭ پۇلىدىن 600 مىڭ سومنى مەن بانكىدا ھېساب ئېچىپ نامىمغا ئاغدۇرۇۋالدىم، قالغان 600 مىڭ سومى مۇشۇ كىنىشكىدا، بۇنى دادامغا بېرىپ قوي، خۇدا بەرىكىتىنى بەرسە يېرىم يىلغىچە ئىشلەتكەن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىمەن.

— جېنىم قىزىم، پۇلنى داداڭ ئۆزى ئۈندۈرۈۋالسۇن، سەن ئوقۇشۇڭغا كېتىۋەرگىن.

— نېمىشقىمۇ قەلبىمنى چۈشەنمەيدىغانسەن، ئاپا؟ — مەرھابا شاپائەتكە يېلىنغان تەلەپپۇزدا دېدى، — مېنىڭ كۆڭلۈم پەقەت مۇشۇ ئىش بىلەنلا ئۆسىدۇ، ئەگەر مېنى خۇش قىلىمەن دېسەڭ، يولۇمنى توسۇماي، ئوقىتىمگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا بەرگىن.

— ھىم، ئاپاڭ دۇئا بەرگەن بىلەن مەن پۇل بەرسەم بولىدۇ، — شاخېلىل ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — قېنى مەن سېنىڭ ئوقۇماستىن ئوقەت قىلغىنىڭنى بىر كۆرەي...

## نەزەرنىڭ ھەسرىتى

«شەيتانمۇ، ئادەممۇ؟ شۇنداق گۈزەل قىز، يېقىملىق كۈلكە، ئادەمنى پۈتۈن يۇ- تۇۋەتكۈدەك كۆز، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ساڭا كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىش، ھەتتا

ئۆزۈڭنى قاچۇرغانسېرى تېخىمۇ سۈركىلىپ، سېھىرلىك تىنىقلىرى بىلەن سېنى پەپىلەشلىرىچۇ؟ ئاھ! راستىنلا ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولمىسا، ئۆتكەنكى بىر چاقچاقىمغا سىز كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق رازى قىلىمەن، دەمەتتى» تۇنجى مۇھەببەت ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان نەزەر مەرھابا بىلەن توختام تۈزگەندىن بۇيان ئۆتكەن ئىشلارنى ياتسا-قوپسا ئەسلەيدىغان بولىۋالدى، 50 يىللىق تارىخقا ئىگە بىر زاۋۇتنىڭ خاراكتېرىنى بىر چاكچاكنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىش نېمىدېگەن بىمەنىلىك-ھە؟ بۇنىڭغا بىزدەك كەسىپ ئەھلىلىرى باش قاتۇرماي ئادەتتىكى بىر قىزنىڭ باش قاتۇرۇۋاتقىنىچۇ تېخى، بىزنىڭ قېرى چاكچاكىمىز نېمىنى ئويلاۋاتىدىكىن-تاڭ، مەرھابا پۇلنى ئالدىن تاپشۇرغان تۇرۇقلۇق، يەنە مەن تۈزگەن توختامنى ئېتىراپ قىلماۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان، باشقىلار مەشۇقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىكەن، شۇڭا مەن بارىدىغان يەرگىچە بېرىپ، ئەڭ بولمىغاندا بىر سېخىنى ئاياغ كىيىم ئىشلەپ چىقىرىدىغانغا ئايرىپ قالمىسام بولمايدۇ، مۇنداق قىلمىسام مەرھابانىڭ ئالدىدا مۇندىن كېيىن ئۆزۈمنى قانداقمۇ يىگىت دەپ يۈرەلەيمەن».

نەزەر ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن بىر نۆۋەت ئېنىق قارارغا كېلىپ زاۋۇت باشلىقىنىڭ بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى.

— تۈنۈگۈن ئېيتقان پىكىرلىرىمنى باشقىدىن ئويلىشىپ باققان بولسىڭىزكەن، — دېدى نەزەر باشلىقنىڭ تەكلىپسىز سافاغا چۆككەندىن كېيىن، قويۇق بۇدۇر چاچلىرىنى بارماقلىرىدا تارىغاچ.

— مەن سىزگە تۈنۈگۈنلا ئېنىق جاۋابىنى بېرىپ بولغانغۇ، — باشلىق ئىستاكاندىكى چايدىن ئىككى ئوتلاپ گېپىنى داۋام قىلدى، — قارار قىلىنىپ بولغان ئىشنى يەنە مۇزاكىرىلىشىشنىڭ نېمە ھاجىتى.

— توختامىمىز قانۇنى توختام تۇرسا.

— تۈزگەن ئادەم ئىگە.

— ئەمىسە، بۈگۈندىن باشلاپ ئاياغ كىيىم ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېرىمەن.

— ئۇنداق قىلىدىغانغا بېشىڭىز ئون ئەمەس.

— نەچچە ئون يىللىق تارىخقا ئىگە مىللىي سانائەتنى بىرلا بۇيرۇق بىلەن قىرقىۋېتىدىغانغا سىزنىڭمۇ بېشىڭىز ئون ئەمەس، — نەزەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ باشلىقنىڭ ئاچچىقتىن چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان چېقىر كۆزىگە مىختەك قادىلىپ داۋام قىلدى، — يۇقىرى سىزنى مىللىي سانائەتنى راۋاجلاندۇرسۇن، دەپ باشلىق قىلغان، يۆلىسىڭىز يۆلىدىڭىز، ئەگەر يۆلىمىسىڭىز، مەنمۇ بىر مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، زاۋۇتنىڭ تەقدىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىمەن.

— ھا، ھا! — چاكچاك تەنە ئارىلاش كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، بۆلۈمىنىڭ ئىچىدە ماڭغاچ داۋام قىلدى، — بۇ زاۋۇتنى سىز ئەمەس، مەن كۆتۈرە ئالغان، زاۋۇتنىڭ تەقدىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مېنىڭ ئىشىم، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە ئىشلەش، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— مۇئاۋىن باشلىق سىزنىڭ شەخسىي كاتىپىڭىز ئەمەس، مەن زاۋۇتقا پايدىلىق ئىش قىلدىم.

ــ بەرىبىر.

ــ يېڭى زاۋۇتىڭىز ئىشقا كىرىشكىچە
ئاز بولغاندا يېرىم يىل كېتىدۇ، ــ نەزەر
كىچىك بالىغا چۈشەندۈرگەندەك تەپسىلىي
چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ــ شۇنىڭغىچە ھەر
پەسىلدە 240 مىڭ يۈەندىن مەھسۇلات
ئىشلەپچىقارساق بىر يىلدا بىرەر يۈزمىڭ
يۈەن پايدا ئالامدۇق.

ــ ھەي بالا چاكچاك، ــ زاۋۇت باشلى-
قى نەزەرنىڭ قىشىدا ئولتۇرۇپ، مۈرىسىگە
قولىنى قويدى، ــ مۇشۇنداق قىزغىنلىقىڭىزنى
دەپلا مەن سىزنى مۇئاۋىنلىققا تاللىغان،
بىراق سىزگە ئېيتسام، ئېغىزدىكى پايدا
بىلەن ئىش پۈتۈدىغان بولسا، 50 يىللىق
بۇ زاۋۇتىمىز بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمايتتى،
ئۇقتىڭىزمۇ؟

ــ ئەمىسە، ئاياغ كىيىم سېخىنى مەن
كۆتۈرە ئالاي، پايدا كۆرسەتكۈچىنى بەلگى-
لەپ بېرىڭ، كېمەيتسەم تۆلەي، قانداق؟

ــ ئەمدى بۇ توغرىسىدا
پاراڭلاشمايمىز.

ــ بۇ دېگەن قانۇنلىشىپ بولغان ئىش،
ھەر ئىككىلىمىز باش تارتالمايمىز.

ــ توختامنى كىم تۈزگەن بولسا، قا-
نۇن ئالدىدا شۇ جاۋاب قىلىدۇ.

ــ ئەمىسە ئىشلەپچىقىرىشنى
تەشكىللەۋېرىمەن.

ــ قېنى شۇ چاغدا كۆرۈمەن...

زاۋۇت باشلىقىنىڭ مۇنداق تەرسالىقى-
دىن بىزار بولغان نەزەر ئىشكىنى غەزەپ
بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا، مۇنۇ پېشكەللىكنى
كۆرمەمدىغان، ــ نەزەر زاۋۇتنىڭ ئىشكىدىن
ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ چىقىۋېتىپ ئىچ-ئى-
چىدىن ھەسرەتلەندى، ــ چاغلىماي شىلتىڭ
ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالازغا يۆگىنىپ بەش
كۈن يېتىپتىمەن، دەپ، نېمە ئۈچۈن باش-
تا مۇشۇنداق بىر پېشكەللىكنى ئويلىشىپ
قويمىغاندىمەن، بىزنىڭ بۇ قېرىنى بىر ئې-
غىز گېپىمنى ئالار دەپ ئويلاپتىمەنكەن،
ئۇچىغا چىققان ئۆزۈمچىل نەرسىكەن ئە-
مەسمۇ، نېمە بولسا بولامدۇ، بىر گۈزەل
قىزنىڭ ئالدىدا مەيدەمگە ئۇرغان ئوغۇل
بالا بولغاندىن كېيىن، نېمە كۆرسەم كۆ-
رۈپ، ئادەملەرنى تەشكىللەۋېرەي، ياق! بۇ-
مۇ ئاخمىقانىلىق، ــ نەزەر تۇرۇپ بۇ ئويى-
دىن يالتايدى، ــ ھەممە ھوقۇق ئۇنىڭدا
تۇرسا، ئۇنچىلىك ئىشنى قىلالامتىم؟ ئەڭ
ياخشىسى يۇقىرىغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك
باشلىقلارغا ئەھۋالنى ئېيتاي، ئۇلارنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشسەم، باشلىقىمىز بىر نېمە
دېيەلمەيدۇ، ياق! بۇ ئوغۇلبالىچىلىق ئە-
مەس، ــ نەزەر تۇرۇپلا بۇ ئويىنىڭ رەزىل-
لىكىنى بىلىپ يەتتى، ــ بىر باشلىق سېنى قانى-
تىم بولىدۇ دەپ مۇئاۋىنى قىلسا، سەن قو-
پۇپ ئۇنىڭ ھۆلىنى كولىساڭ بۇ ئادەمگەر-
چىلىك بولامدۇ» نەزەر ئاران يۆتكەپ كې-
تىۋاتقان قەدىمىنى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە
توختىتىپ ۋېلىسىپىتنى تىكلىدى.

ــ مۇنداقمۇ ئۈستىڭىزدىن چۈشەرمەن-
مۇ؟ ــ قىپقىزىل دامىسكى ۋېلىسىپىت
مىنىۋالغان مەرھابا نەزەرنىڭ قېشىدىلا ۋېلى-
سىپىتتىن چۈشتى، ــ سىزگە يەنە بىر ھا-
جىتىم چۈشۈپ قالدى.

نەزەر يېنىك چايقىلىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ
سۈيىدىن ھەسرەتلىك كۆزىنى ئېلىپ، مەرھا-
بانىڭ جىمىدلىك چېھرىگە تىكىلدى. شۇ تاپتا
مەرھابا ئۇنىڭ كۆزىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ گۈزەل،
تېتىك كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۈلكە چاقناپ تۇرغان
كۆزلىرىدىن ئالىقانداقتۇر مۇھەببەتنىڭ

يالقۇنىنى ئۇچۇق كۆرگەندەك بولدى. ئۇ، ئەسلىدە مەرھاباغا زاۋۇت باشلىقىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى نىيىتىدىن يالتايتماقچى بولۇپ تۇراتتى، بىراق ئىپادىلىك كۆزىنىڭ تىنچ ئەسىرگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— ھەرقانداق ھاجىتىڭىز بولسا مانا مەن تەييار، — دېدى ئۇ قەددىنى رۇسلاپ.

— بىر ياتاقى ھەل قىلىپ بېرەلەمسىز؟

— نېمىگە لازىمى بولۇپ قالدى؟

— لازىمى دەمسىزا؟ — مەرھابا نەزەرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، پېقىملىق كۈلدى، بۇنىڭدىن نەزەرنىڭ ھېسسىياتى داۋالغۇپ كەتتى، — سورىغان نەرسىنىڭ ئەلۋەتتە لازىمى بولىدۇ-دە.

نەزەر مەرھاباغا زاۋۇت باشلىقى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ھازىرقى ئىشلارنى دەپ بەردى.

— نېمە؟ ئاشۇ ئۆمەركام زاۋۇت باشلىقمۇ؟ — مەرھابا نەزەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، — ھەي... مانا ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى، سىز بىلمەيسىز، ئۆمەركام دادامنىڭ ئىنتايىن يېقىن ئاغىنىسى... — مەرھابامۇ دادىسىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئىشلىرىنى قالدۇرماستىن نەزەرگە دەپ بەردى.

— مەنچە سىز دادىڭىزنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئوقىسىڭىزمۇ بوپتىكەن، — نەزەر مەرھابانىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا شۇنداق دېدى.

— نەسىھەت قىلمىغان سىز قېلىۋىدىڭىز، — مەرھابا تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، — ئەگەر ئۆمەركامغا يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىڭىز بولسا، خاتىرجەم بولۇڭكى، توختامدىكى يېزىلغان پۇللارنى تۆلەتمەيمەن.

— گەپلەرنى نەلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىز؟

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ماڭا يوق مەسلىھەت كۆرسىتىسىز؟

— ئوقۇماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، — مەرھابا كۆزىنى يېپىۋالغان چېچىنى قايرىۋېتىپ داۋام قىلدى، — سىزگە راست گەپنى قىلسام ئاساسىم ئاجىز، دەرسلەرگە يېتىشەلمەيمەن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپلا تۇرىدۇ، مەكتەپتىن قوغلاندى بولغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى. ئۇنىڭدىن جەمئىيەت داشۆسىدە ئوقۇشنى لايىق تاپتىم.

— قالتىس ئاقىلانىلىق قىلىپسىز مەرھابا، — نەزەر مەرھابانىڭ سۆزلىرىدىن جاسارەتكە كەلدى، — ئۆزىڭىز، جەمئىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان سىزدەك بىر جىگەرلىك قىز ئۈچۈن ھېلىقى ئۆمەركام ئىكەن، ئۇنىڭدىن چوڭى بولسىمۇ دەيدىغىنىمنى دەپ، توختامنى كۈچكە ئىگە قىلىمەن. سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نۇرمۇھەممەت دېگەن كىشى ئۆزۈپ ئېتالايمەنكى بىزنىڭ چوقۇم ياخشى ئارقا تېرىكىمىز ھەم قوللىغۇچىمىز بولالايدۇ.

— بۇ يىگىت سۆزىڭىزمۇ؟

— ئەزبىرايى.

— ئۇنداق بولسا سىزگە ئىشىنىمەن.

# توڭلىتىلغان پۇل

شاخبلىل موتىسىكلىتنى مىنىپ ئۇـ
دۇل زاۋۇت باشلىقى ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە كەلـ
دى. ئۆمەر چۈشلۈك دەم ئېلىشنى ئۆگـ
تىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئەمدىلا چىققانىـ
دى. ئۇ، ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ شاخبلىلـ
دىن ئەھۋال سورىدى:

ــ بارمۇ سەنۇي كەم دىداروپ؟

ــ مەنغۇ ئىچكىرى بىلەن ئۆيىنىڭ ئاـ
رىلىقىدا، ــ دېدى جاۋابەن شاخبلىل، ــ ئۆـ
زۈڭچۇ قىمىرماسۇپ؟

ــ مەنمۇ زاۋۇت بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىـ
لىقىدا، ــ دېدى ئۆمەر ئىختچام مۇرىلىرىنى
قىسىپ، ــ ئۇچۇق گېپىڭنى قىل، دىدارىڭنى
كۆرسەتكىلى كەلدىڭمۇ ياكى مۇڭداشقىلىمۇ؟

ــ ئۇنداق ـ مۇنداقمۇ ئەمەس، ــ دېدى
شاخبلىل قەتئىي تەلەپپۇزدا، ــ قانغۇچە مۇڭـ
داشقىلى كەلدىم، قېنى ئېيتە، ۋاقتىڭ
چىقامدۇ ـ يوق، چىقسا نەگە باشلايسەن؟

ــ سەنلا كەلگەن ئىكەنسەن، ئاداش، ــ
دېدى ئۆمەر ۋېلىسىپىتنى كەينىگە ياندۇـ
رۇپ، ــ قېنى ئۇدۇل ئۆيگە.

ھاراق كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئالىدۇ.
ئىككى قەدىناس پاراڭ بىلەن بىر بوتۇلكىـ
نى بىكارلىدى. ئۇلار كۆڭۈل سىرلىرىنى
ئېيتىشتى، دەرتلىرىنى تۆكۈشتى. شاخبلىلـ
نىڭ دەرتلىرى ئۆمەرنى تاڭ قالدۇردى.

ــ ئاشۇنداق بالىنىمۇ بالام دەپ
يۈردۈڭمۇ ئاداش؟ ــ ئۆمەر ئاچچىقىدا جوـ
زىنى بىر ئۇردى، ــ مەندەك ئادەم بولىدىـ
غان بولسام، بىر لوكچەككە چېتىپ قويۇپـ
لا قىلغان بەڭباشلىقىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ
قوياتتىم.

ــ دۇنيادا ھار ـ يوقى شۇ بىر ئالىلا
قىزدېگىنە ئاداش، ــ شاخبلىل ــ ئۇلۇغ كىچىك
تىندى، ــ كىچىكىدىنلا «سېنىڭ راست» دەپ،
يامان ئۆگىتىپ قويغان گەپ... بۈگۈن سىېـ
نى ئىزدەپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ
ئىدى، ــ شاخبلىل كەينىگە سۈرۈلۈپ تامغا
يۆلەندى، ــ توختام تۈزگەن مېنىڭ قىزىم
بىلەن سېنىڭ مۇئاۋىنىڭ ئىكەن. قىزىم تەـ
رەپكە ۋەكالىتەن مەن، زاۋۇت تەرەپكە ۋەـ
كالىتەن سەن ۋەكىل بولۇپ، ئاشۇ توختامـ
نى بىكار قىلىۋەتسەك دەپ كېلىشىم.

ــ ئاشۇنچىلىك ئىشمىدى ئاداش، ــ
ئۆمەر قولىنى سىلكىپ قويۇپ داۋام قىلـ
دى، ــ ھېلىغۇ مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىلمىـ
دى، ناۋادا ئىشلەپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، سىېـ
نىڭ ئىدىيەڭدىن ئۆتمىگەن توختامنى قاـ
نۇن كۈچىگە ئېگە قىلغاندىمۇ پۇلۇڭنى قوـ
لۇڭغا نەق بېرىۋېتىمەن.

ــ ئەمىسە شۇ ئىشنى بۈگۈنلا پۈتـ
تۈرۈۋەتمەمدۇق.

ــ سائەتمۇ تۆتكە يېقىنلاپ قاپتۇ، ــ
ئۆمەر سائەتكە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن
تۇردى، ــ ئىككىمىز ھازىرلا زاۋۇتقا بارايلى،
بوغالتىر چەكنى كېسىپ بەرسۇن، قالغان
ئويۇنىمىزنى ئاندىن داۋاملاشتۇرايلى.

ــ ئەمىسە قالغان ئويۇن مەندىن
بولسۇن...

ئۇلار زاۋۇتقا پىيادە باردى. بوغالتىر
ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەرھابانىڭ ئالـ
دىن تاپشۇرغان 80 مىڭ يۈەن پۇلىغا
چەك كەستى. ئاندىن ئۆمەر شاخبلىلنى
زاۋۇتنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ،
بانكىغا ئېلىپ باردى. بانكىنىڭ ئالدىغا
بارغاندا ئۆمەر بىلەن شوپۇر ماشىنىدا ساقـ

لاپ قالدى، شاخېلىل پۇلنى ئالغىلى كې-
رىپ كەتتى.

— ئاداش پۇلنى بەرمىدى، — ھاسى-
راپ ھۆمۈدەپ چىققان شاخېلىل پىكاپ-
نىڭ ئىشىكىنى ئالدىراپ ئاچتى.

— نېمە؟ نېمىشقا بەرمىدى؟

— توختامنىڭ بىر نۇسخىسى بانكىدى-
مۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى شاخې-
لىل چۈشەندۈرۈپ، — ئاندىن مەن ئۇلار
بىلەن زاكۇنلىشىۋاتسام، 2 - يېنىك سانائەت
ئىدارىسى بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرلەش-
مە ئۇقتۇرۇشى كېلىپ قالدى. ئۇقتۇرۇش-
تا: ھەر قانداق ئورۇننىڭ ئىككى تەرەپ
توختامغا ئارىلىشىپ، توختامنى بىكار
قىلىشغا بولمايدۇ. بانكىمۇ پۇلنى چىقىم
قىلىپ بەرمەسلىكى كېرەك، دېيىلىپتۇ.

— ئەستاخپۇرۇللا! — ئۆمەر تىزىغا
بىرنى ئۇردى، — بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھې-
لىقى ئاتىكاچا نەزەرنىڭ قىلغان ئىشى
بولۇشى مۇمكىن...

## مودا يىگىت

شاخېلىل بىلەن ئۆمەرنىڭ توختام-
نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قاتىراشلىرى
ئاخىر سۇغا چىلاشتى. ئۆمەر بۇ ئىشنى
شۇنىڭدەك نەزەرنى باسقانلىقى ئۈچۈن
تەنقىدلىنىپ، تەكشۈرۈش يازدى. توختام
بويىچە زاۋۇتنىڭ بىر سېخى مەرھاباغا
بۇيرۇتما مەھسۇلات تىكىپ بېرىدىغان بولدى.
بۇ سېخنىڭ مەسئۇلىيىتىنى نەزەر قوشۇمچە
ئۈستىگە ئالدى. ئۇ، تېخىنىڭ ئىشچىلارلىرى
باشقىدىن سەپكە تۇرغۇزۇپ ئۈسكۈنىلەرنى
تولۇقلاشنى باشلىۋەتتى.

مەرھابانىڭ زاۋۇتتىن ياتاق ئېلىپ
بېرىۋاتقىنىغا خېلى كۈن بولۇپ قالدى. ئۇ
ھەر كۈنى دېگۈدەك بازارغا چىقىپ، موز-
دۇزلار ئارىسىدىن يېڭىدىن ئىچىلىدىغان
ماگىزىنىغا پىركازچىك ئىزدەيتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ئادەملەرنىڭ ئايىغىغا، ماگىزىن-
لاردىكى ئاياغ كىيىملەرگە قاراپ، يېڭى
مودىدىكى ئاياغ كىيىملەرنىڭ پاسونىنى
تاللايتتى. ئۇ ئەنە شۇ مەقسەتتە بازار چۆ-
گىلەپ، كىنو كۆرۈۋاتقىنىغا بوگۈن تۆت
كۈن بولدى. ئۇنىڭ ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن
ئۈزۈلمەيدىغان كۆزى دەرۋازىنىڭ دوقمۇ-
شىغا كەلگەندە بىر يېڭى مودىدىكى ئاياغ
كىيىمگە چۈشتى. مەرھابا ئاشۇ شىبلىتقا
بىر ھازا قارىۋەتكەندىن كېيىن، شىبلىت
ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە قارىدى. بۇ يىگىت ئۇ-
نىڭ كۆزىگە بىر قاراشتىلا تونۇشتەك بىلىن-
دى. يىگىتنىڭ گەدىنىنى يېپىپ تۇرغان
قارا چېچى، چېكىلگەن يارىشىملىق بۇرۇتى،
چاچراپ تۇرىدىغان قوڭۇر كۆزى، ئۇچۇپ
كېتىۋاتقان سانى ئەسلىتىدىغان ئەگىمەچ
قاشلىرى تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا
تۆپىچى مەھەللىدە مەرھابانىڭ كۆزلىرىدە
خېلىلا چوڭقۇر ئىزنا قالدۇرغانىدى. ئۇ
چاغدا بۇ يىگىت ھازىر كىيىۋالغانىدىنمۇ
ئېسىلراق بىر خىل پاسوندىكى شىبلىتنى
كىيىۋالغانىدى. مەرھابا چاندۇرماي ئۇنىڭ
كەينىگە چۈشۈپ، ئاشۇ شىبلىتنىڭ پاسو-
نىنى كۆڭۈل ئىكرانىغا چۈشۈرۈۋالغانىدى.
مەرھابا ئۇ يىگىتنىڭ بوگۈن يەنە باشقا
بىر پاسوندىكى شىبلىت بىلەن چىققانلىقىنى
كۆرۈپ، تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى.
چۈنكى ئۇنىڭ ھەر ئىككى نۆۋەت كىيىپ

چىققان شىبلىتىنىڭ پاسونىنى ئۇ زادىلا
كۆرۈپ باقمىغانىدى.

«چوقۇم چەت ئەلنىڭكى بولسا
كېرەك، — دەپ ئويلىدى مەرھابا يەنە
يىگىتنىڭ كەينىگە ئەگىشىپ ماڭغاچ، — بول-
مىسا مۇنداق شىبلىتلارنى بۇ چاقىچە
بىرەر سىنىڭ پۇتىدا كۆرمەمتىم، گەرچە
تىكىلىشى سەل قوپال بولسىمۇ، پاسونى
ئىنتايىن كۆركەم ئىكەن. سوراپ باقسام



نەدىن ئالغانلىقىنى دەپ بېرەرمۇ» مەرھابا
قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ، ئالدىدىكى بۇ «مو-
دا» يىگىتكە ئۈچ - تۆت قەدەمچە قالغاندا،
قارشى تەرەپتىن يەنە بىر يىگىت كېلىپ،
ئۇلار پاراڭلىشىپ قالدى. مەرھابا بەش-
ئالتە قەدەم نېرىغا ئۆتۈپ ئېرىق بويىدىكى
دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا يىگىتنىڭ قوزغىلىشى-
نى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ، قانچە قاردىماسلىقا
تىرىشسىمۇ، كۆزى پات - پاتلا پاراڭلىشىۋات-
قان ئاشۇ يىگىتلەر تەرەپكە كېتىپ قالاتتى.
«مودا» يىگىت بۇ مەنىلىك قاراشلاردىن
خاس بىر مەنانى سەزدى بولغاي دوستى
بىلەن ئالدىراپلا خوشلىشىپ مەرھابانىڭ
يېنىدا پەيدا بولدى.

— ياخشىمۇ سىز، قىزچاق؟ — قىز - يى-
گىتلەر دىپلوماتىيىسىدە مول تەجرىبىگە
ئىگە بۇ «مودا» يىگىت مەرھابادىن مۇلا-
يىم سورىدى، — مۇشۇ ئېرىق بويىدا ئېچىل-
غان نىلوپەر گۈلىدەك ھەجەپمۇ يارىشىپ
تۇرۇپسىز؟

— ھا، ھا! — مەرھابا يىگىتنىڭ چاق-
چىقىدىن ئەۋرىشىم بەللىرىنى تولغاپ شۇن-
داق تەبىئىي، شۇنداق جاراڭلىق كۈلدىكى،
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئىختىيارسىز قاراشتى.
مەرھابا مۇشۇ ۋاقىتقىچە كۆڭلىنى ئاۋۇندۇ-
رىدىغان مۇنداق چاقچاقنى ئاڭلاپ باقمىغا-
نىدى. شۇڭا ئۇمۇ چاقچاققا چاقچاق بىلەن
جاۋاب قايتۇردى، — ئاران ئېچىلغان بىر
تۈپ گۈلنى شەپكىڭىزگە قىستۇرۇۋالمەن
دەپ ئۈزۈۋەتمەڭ يەنە.

«پاھ! پاھ! — يىگىتنىڭ كاللىسىدىن
غايىۋى بىر ئىشەنچ ئۇچۇپ ئۆتكەندەك
بولدى، — مانا، دان چاچمايلا بېشىمغا
ئۆزى كېلىپ قوندى، ئەمدى قولۇمنى
شۇنداقلا سوزسام تۇتۇۋالىمەن»

— خۇدايا بىر تۇۋا دەگە، ئاپئاق قىز، — دېدى يىگىت گەپنى ئېچىمۇ ياساپ قىلىپ، — سىزدەك نازۇك، چىرايلىق قىزلارنى ئۈزگەن قولنىڭ ئۆزى ئۈزۈلۈپ كەتمەمدۇ، سىزنى ئۈزۈپ ئەمەس، قەلبىگە كۆچۈرۈپ مەڭگۈ ئېچىلدۇرىدىغان يىگىتلەردىن جۇمۇڭ بىز.

هاجەتمەنلەر ئۈچۈن هاجەتسىز گەپلەر نەقەدەر بىمەنا، لاۋزا تۇيۇلسىمۇ، نېمىشقىدۇر يىگىتنىڭ هازىرقى گېپى مەرهابانىڭ قورۇنۇپ تۇرغان قەلبىنى ئاۋۇندۇردى. ئۇ چېچىنى ئۇياتچان قىزلارغا خاس بىر ناز بىلەن تۈزەشتۈرۈۋىدى، يىگىت بويىدىن سىرلىق بىر مەنە ھېس قىلىپ يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — مەرهابا خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزىنى ئۆزىگە ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرغان يىگىتنىڭ ھېلىدىن- ھېلىغا يۇقىرى- تۆۋەن ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئۇچلۇق بوغدىيىگە قاراپ سورىدى.

— ئارمان، سىزنىڭچۇ؟

— مەرهابا، نەدە ئىشلەيسىز؟

— ئاياغ كىيىم زاۋۇتىدا، — ئارمان سەل تۈرۈۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — بىراق زاۋۇتىمىز ئىشتىن توختاپ، هازىر كوچا چىڭداپ يۈرىدۇق.

— مۇنداق دەڭ، — مەرهابا ئۆز مەقسىتىگە كۆچتى، — ئايىغىڭىزدىكى شىبلىت زاۋۇتىڭلاردا تىكىلگەنمۇ؟

— ئۆزۈم تىككەن بولمايچۇ.

— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىكى شىبلىتتىڭىزنىچۇ؟

— ئۇمۇ شۇنداق بولىدۇ- دە، — ئارمان گەۋدىسىنى رۇسلاپ قويدى، — ئەگەر شىبلىتلىرىم سىزگە يارىغان بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل تۇپلەيلەرنى تىكىپ بېرىمەن.

ئارماننىڭ گېپى دەل مەرهابانىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىۋاتاتتى.

— راست گەپنى قىلسام، — دېدى مەرهابا قولىدىكى سومكىسىنى ئويناپ تۇرۇپ، — ماڭا تۇپلەي لازىمتى، ۋاقتىڭىز يېتەرمۇ؟

— قىزىقكەنسىز، — ئارمان مەيدىسىگە مۇشتلىغىنىچە مەرهابانىڭ يېنىغا شىپقاپ كەلدى، — سىزدەك نىلۇپەر قىزلارغا ئۈيقۇنى تاشلاپ قويۇپ بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىمىز دەگە...

— زاۋۇتتا نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟ — سورىدى مەرهابا.

— ئۇچرىغانلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى.

— ئەمىسە تېخىچىمۇ بولغانىكەنسىز - دە؟

— ئۇنداق ئىشلارغا بىزنى يولىتامدۇ؟

— مۇشۇنداق يېڭى پاسوندىكى ئاياغ كىيىملەرنى لايىھىلىيەلەمسىزمۇ...

— بەرىبىر، — ئارمان مەرهابانىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى، — سىزگە دەپ بەرسەم مېنىڭ هازىرغىچە لايىھىلىگەن 60 خىلغا يېقىن پاسونۇم بار. بىراق زاۋۇتىمىز ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ ئۈلگە ئالمىدى. ھە دېسە ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزىمىزيەي، يېڭى مودىدىكى پاسونلارنى چىقىرىمىزيەي دەپ ئۆزگىلەرگە چوقۇنىدۇ، ئۆزىدىكى نى - نى ئۇستىلارنى ئېلىۋەتكەن تىرنىغىچىلىكمۇ كۆرمەيدۇ. مانا ئايلىنىپ كېلىپ ئەتىۋارلىغان ئۇستىلىرى لايىھىلىگەن ئاياغ كىيىملىرى بازاردا ئۆتمەستىن، زاۋۇتىمىز تاقىلىپ قالدى.

— مەخسۇس كەسپتە ئوقۇغانمىدىڭىز؟

— نەنىڭ؟

— ئەمىسە 60 خىل پاسوننى قانداق

لايىھىلىدىڭىز؟

— سىزگە راست گېپىمنى قىلسام كىنودىن قالمايمەن، كىنونىڭ باشقا نېمىسىنى ئەمەس، ئادەملەرنىڭ كىيىۋالغان ئاياغ كىيىملىرىنى كۆرىمەن، بازارلاردا قانداق ئادەمگە قانداق كىيىمنىڭ قانداق توپلىي، شىبلىتنىڭ يارىشىدىغانلىقىغا سەپسالىمەن، كۆڭلۈمدە لايىھىلەپ باقىمەن.

— ئەمىسە ماڭا تېخىنىك بولۇپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى مەرھابا ئارماننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ماقۇل بولسىڭىز سىزنى ھەر جەھەتتىن رازى قىلاتتىم.

— بولىدۇ! — مەرھابانىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزگە مەست بولغان ئارمان ئېرى-بېرىسىنى سورۇشتۇرمەستىن رازىلىقىنى بىلدۈردى.

— بەك ياخشى بولدى! — مەرھابا خۇشاللىقىدا ئەتراپىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ تۇرماستىن چاۋاك چېلىۋەتتى. — ئۇنداقتا ئىش ھەققىڭىزنى قانداق ھېسابلاشساق بولىدۇ؟

مەرھابانىڭ تاسادىپىي سۆزلىرى ئارماننى ھەيران قالدۇردى.

— سىزدەك قىزلارغا ياردىمىم تېگىدىغان بولسا ئىش ھەققىنىڭ لازىمى يوقتى، بىراق، — ئارمان مەرھاباغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئەپۇ قىلىڭ، راستىمنى ئېيتسام گېپىڭىزنى دېگەندەك چۈشىنەلمىدىم.

مەرھابا ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئاندىن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئويلىرىنى يوشۇرماستىن دەپ بەردى.

— مۇنداق دەڭ، — ئارمان قەدىمىنى توختىتىپ، مەرھاباغا قولىنى ئۇزاتتى، مەرھابامۇ تارتىنىپ تۇرماستىن قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئارمان ئۇنىڭ يۇمشاق قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن، مەرھابا. مەن بۇ ئىشتا سىزنىڭ چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. قولۇمدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ھۈنىرىمنى سىزدىن ئايىمايمەن. سىزدىن كۈتىدىغىنىم، ئىشقىلىپ كېيىنكى چاغلاردا مېنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولىدى، يەنە بىر گەپ، — ئارمان ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ماڭغاچ داۋام قىلدى، — پىركازچىك تاپماق ئاسان. ھازىر بىزنىڭ زاۋۇتتا ئىشتىن توختىغان نۇرغۇن بىكارچى قىزلار بار. ئۇلار ئاياغ كىيىم دېگەننى ئويۇتۇۋېتىدۇ. مېنىڭچە سىز شۇ قىزلاردىن تاللىۋالسىڭىز بولىدۇ.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، — مەرھابا خۇشاللىقىدا ئارماننىڭ پېشىغا ئېسىلغۇدەك بولۇپ كەتتى، — سىز كەلگۈسى ماگىزىنىمىزنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز قانداق؟ ھېلىقى دېگەن قىزلىرىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىز ئوقۇشسىڭىز، ئىككى قىز بولسا يېتىدۇ. ئەمما تاپىلاپ ئېيتىڭكى، ماگىزىنىمىزدا سېتىلغان ھەر قانداق ئاياغ كىيىم يىرتىلىپ قايتا ئالدىغا كەلسە، ھەقسىز ياماپ بېرىدۇ. ھەممىڭلارنىڭ ئىش ھەققىنى يۈز تۇرانە سۆزلىشىمىز. ئەمدى سىزنىڭ پاسون ئىجادىيىتىڭىزگە بىر خىلىغا يۈز سومدىن ھەق ھېسابلىساق بولامدۇ؟

كۈتۈلمىگەن بۇ باھا ئارماننىڭ كۆزلىرىنى ئالا - چەكمەن قىلىۋەتتى.

«بىر ئاياغقا يۈز سوم - ھە، — دەپ ئوي-

لىدى ئۇ، — ئوقۇشماي دەپ قويۇۋاتامدۇ نېمە؟ ھازىرقى بار پاسونلىرىمنىڭ ئاز بولغاندا 30 خىلى ئۆتىدۇ. دېمەك 3 مىڭ سوم دېگەن گەپ. قالغان 20 سىنى يەنە ئازراق ئۆزگەرتسەم، يەنە ئىككى مىڭ سوم، بۇنىڭدىن باشقا مۇناشىم ئاز بولغاندا 2 يۈز سوم بولسا، ئامەت مېنىڭ بولدىغۇ».

— سىزدەك قىزلار ئۈچۈن، — دېدى ئارمان كۆزلىرىنى ھەييارلارچە ئوينىتىپ، — ئارتۇق - كېمىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز دەڭە...

— ئەمىسە گەپ شۇنداق بولسۇن، — مەرھابا شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى گۈللۈكنىڭ قېشىغا كەلگەندە قەدىمىنى توختاتتى، — سىز ھېلىقى ئىككى قىزنى ھاشلاپ ياتقىمغا بېرىڭ...

## ئېلانلار

ئارمان لايىھىلىگەن 22 خىل پاسوندىكى ئاياغ كىيىملىرىنىڭ دەسلەپتىكى مەھسۇلاتلىرى ئىككى ھەپتىگە قالماستىن چىقتى. كۆركەم، سىپتا ئەر - ئايالچە ئاياغ - كىيىملەر ئەينەك بىلەن جاھازلانغان ياسداق ماگىزىننىڭ ئىچىگە قويۇلدى. ماگىزىننىڭ نامى «مەرھابا ئاياغ كىيىم ماگىزىنى» بولدى. تېلېۋىزور ئىستانسىسى، گېزىتخانا، رادىئو ئىستانسىسى، ئېلان - سەنئەت شىركەتلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغانلار بۇ ماگىزىندىن مەخسۇس ئېلان ئۇيۇشتۇرۇپ كېتىشتى.

شۇ كۈنلەردە مەرھابانىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنى كۆزىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، سىرتقا ماگالماي يۈرگەن شاخبىلىل ئەتىگەندىن كەچكىچە تىڭ - تىڭلاپ، ئاياغ كىيىم زاۋۇتى بىلەن مەرھابانىڭ ئەھۋالىنى ئېگىلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قولدىن چىقىپ كەتكەن پۇلنى ئوندۇرۇۋېلىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. بۈگۈن ئۇ مەرھابانىڭ تونجى قېتىم ئېچىلغان ماگىزىنىنى ئادەتتىكى خېرىدار سۈپىتىدە بېرىپ كۆردى.

«ئەيھاناس!» شاخبىلىل ماگىزىن ئىچىگە كىرىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. سودا! قىلىۋاتقانلارنىڭ تولىلىقىدىن پۇكەينىڭ قېشىغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەرھابا بىلەن پىرىكازچىكلار قول - قولىغا تەگمەي سودا قىلىشىۋاتاتتى.

پۇكەينىڭ قېشىغا بارالماستىن نۆۋەت كۈتۈشۈپ تۇرغانلار ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئارىدىن بىرسى سورىدى:

— ئاڭلىسام، مۇشۇ ماگىزىندىن ئالغان ھەر قانداق شىبلىتنى يىرتىلىپ كېتىپ قاچاندىمۇ ئەكەلسە بىنكارغا ياماپ بېرەرمىش، شۇ گېپى راستمىدۇ بۇرادەر؟

— تېلېۋىزور، گېزىت، رادىئولاردىكى ئېلانلارنى كۆرمەپسىلەردە، ئاداش، — دېدى جاۋابەن يەنە بىرسى.

— ئىشىكنىڭ تېشىغا ئېلان چاپلاپ قويۇپتۇغۇ. چىقىپ كۆرۈپ بېقىڭلار...

شاخبىلىل بايىقى ئادەمگە ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى. دېگەندەك ماگىزىننىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان يوغان بىر تۆمۈر جازىدا تۈرلۈك ئاياغ كىيىملەرنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان، ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرچە

خەنزۇچە خەتلىك ئېلانى بار تاختا تۇراتتى. «ماگىزىنىمىزدا سېتىلىدىغان مەھسۇلاتلار چىدامىلىق، سۈپەتلىك بولۇپ، ئاسان يىرتىلىپ كەتمەيدۇ. ناۋادا يىرتىلىپ كەتسە، ھەر قاچان، ھەر زامان ماگىزىنىمىز تەرىپىدىن ھەقسىز ياماپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ۋەدىمىزگە خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆرۈلسە شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. ھۆرمەتلىك خېرىدار، سىزنىڭ مەنپەئىتىڭىزگە كۆيۈنىدىغانلىقىمىزغا چوقۇم ئىشىنىڭ».

بايىقى چاپ-چاپ سودىدىن دىلى سۈيۈنگەن شاخىلىل تاختىدىكى ئېلاننى ئوقۇپ چىقىپ ئەرۋايى مىڭ گەز ئۆرلىدى. ئۇ مەرھابانىڭ ئەدىپىنى راسا بەرمەكچى بولدى-يۇ، لېكىن ماگىزىندىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئارتۇق بىر نېمە دېيەلمەي قايتتى. كېتىۋېتىپ پوچتىخانىدىن بىر گېزىت سېتىۋالدى. گېزىتتىمۇ يەنە شۇ گەپ. ئۇ گېزىتنى پۈكلەپ يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇدۇل ئۆيگە كەلدى.

شاپائەت ئاشخانىدا ئۇنئالغۇ تىڭشىغاچ جۇۋاۋا توگۇۋاتاتتى. شاخىلىل ئۇنئالغۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، رادىئونى قويدىدە، يوتقان-كۆرپە يىغىلغان كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئېرىنىڭ خاپا چاغلاردا ھازىرقىدەك قىلىدىغانلىقىغا كۆنۈپ كەتكەن شاپائەت، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپلا قويدى. رادىئودا ئېلان-سەنئەت پروگراممىسى باشلاندى. يېقىملىق مۇزىكا كىرىشتۈرۈپ بېرىلگەن بۇ پروگراممىدا يەنە بايىقى مەرھابالارنىڭ ئېلانى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. قازاندا قايناۋاتقان جۇۋاۋىلارنى ئاستا ئىلەشتۈرۈۋاتقان شاپائەت «دىرېكتوي مەرھابا شاخىلىل» دېگەن جۈملىلەر ئوقۇلغاندا، قازاننى تاشلاپ رادىئونىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ئېلان-سەنئەت پروگراممىسى ئاخىرلاشتى.

— ۋىيەي خۇدايىم، — شاپائەت كىچىك قىزلاردەك چاۋاك چېلىپ شاخىلىلغا قارىدى، — بىزنىڭ مەرھابانى رادىئودا ماختاۋاتىدىغۇ، دېرىكتورى نېمىسى؟

— ماگىزىن ئاچقانلا ئادەمنى ماختايدىغانغا چۈشۈپ قالغان ھۆكۈمەت يوق، — شاخىلىل ئورنىدىن تۇرۇپ جوزىغا كەلدى، — ئالدى بىلەن تامىقىڭنى ئەكەلگىنە، ئاندىن مەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرىمەن. بالا چوڭ قىلدۇق دەپ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقنى چوڭ قىلغىنىمىزنى كۆرمەمسەن.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — شاپائەت جۇۋاۋىلارنى سۈزۈۋېتىپ سوئال نەزەرىدە شاخىلىلغا تىكىلدى، — قىزىمىز يەنە بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدىما؟

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام! — شاخىلىل بۇ سۆزنى شۇنداق سورلۇق بىر ئۇرغۇدا ئېيتتىكى، شاپائەت شۇ جىمىغىنىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. شاخىلىل تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن رادىئونى ئۆچۈرۈۋېتىپ، تېلېۋىزورنى قويدى. شاپائەت چىنە-قاچىلارنى يۇۋاتقاندا، تېلېۋىزور ئىستانسىسىنىڭ ئېلان-سەنئەت پروگراممىسى باشلاندى. بۇ پروگرامما ھەيۋەت، كۆركەم ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئېلان بىلەن كىرىشتۈرۈپ بېرىلگەن نەق مەيدان سۈرەتلىرى تېلېۋىزور ئېكرانىدا بىرمۇ-بىر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. رەڭگا-رەڭ، خىلمۇ خىل ئاياغ كىيىملەر كۆرۈنگەندە شاخىلىل بىلەن شاپائەت ئىككىسى ئىختىيارسىز تاماقلىرىنى چېكىپ

كېتىشتى. بىردىن مەرھابانىڭ گۈزەل جامالى تېلېۋىزور ئېكرانىدا نامايان بولدى.

— ۋاي شاخېلىل، ئەنە كۆردىڭىزمۇ؟ — شاپائەت پەشتامىغا قولىنى ئالدىراپ ئېرتىۋېتىپ، تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، — بىزنىڭ مەرھابا، قاراڭ باياتقى توپىلەيلەر ئاشۇ قىزىمىزنىڭ ئوخشايدۇ. ئالتۇن قىزىم، خۇدا يامان كۆزلەردىن ساقلىسۇن.

— ھۆرمەتلىك خېرىدارلار، — دىرېكتورنىڭ سۆزى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى، — ماگىزىنىمىزدا سېتىلغان ئاياغ كىيىملەرنىڭ پاسونى يېڭى، سۈپىتى ياخشى، ئاسان يىرتىلىپ كەتمەيدۇ. ناۋادا يىرتىلىپ كەتسە ھەر قاچان، ھەر زامان ماگىزىنىمىزنىڭ ئىچىدە ھەقسىز ياماپ بېرىمىز. ئەگەر ۋەدىمىزگە خىلاپ ھەرىكەتلەر كۆرۈلسە، شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە ئەرز قىلساڭلار بولىدۇ».

— قۇترىغان قۇرت! — دەپ جوزىنى مۇشتلىدى شاخېلىل ئېلان - سەنئەت پروگراما ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، — يېقىندىن بۇيانقى ئىشىغا ئازاراق ئۈمىد باغلىسام، ئاخىرى بېرىپ پۈتۈن دۇنيايىمنى يوق قىلىۋېتىدىغان بولدى - دە...

— ئۇنداق ئادەملەرنى ھۆكۈمەت ماختاتتىمۇ؟ — شاپائەت شاخېلىلنىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈردى.

— پۇلىلا بېرىدىغان بولسا، — دېدى شاخېلىل ئايالىغا ئالىيىپ قاراپ، — بۇ بىرنېمىلەرنىڭ قىمارۋازلىرىنىمۇ ماختاۋېرىدۇ.

— نېمە ھۆكۈمەت تېلېۋىزور، گېزىتلەردە ماختىسا پۇل ئالىدىغان بوپتىمۇ؟ — شاپائەت ياقىسىنى تۇتقان ھالدا سورىدى، — سىز يېڭى ئوقەت قىلغان چاغلاردا گېزىتكە تونۇشتۇرۇپ پۇل ئالمىدىڭمۇ؟

— ئىككىسى ئىككى گەپ! — شاخېلىل قول ھەرىكەتلىرى بىلەن چۈشەندۈردى، — پۇل ئالمىغىنى سىياسەت، پۇل ئالغىنى ئىقتىساد. سېنىڭ بۇ سارىڭنىڭ مەكتەپتە سىياسەتنى ئۆگىنىپ، ئىقتىسادنى ئۆگەنمىگەن. شۇڭلاشقا جاپا تارتىپ يىققان ئىقتىسادىمىزنى دۆڭگۈنگە كېلىپ نەدە يوق نەرسىلەرگە چېچىۋاتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى قىز بولۇپ قاپتىكەن، ئەگەر ئوغۇل بولىدىغان بولسا، ئىككىمىزنى قىپيالىڭاچ قىلىپ ئۆيدىن چىقىرىۋېتىدىكەن - دە.

— ئۇنداقمۇ بولماس، — شاپائەت سۆز قىستۇردى، — ئۆزىڭىز دائىم پۇل پۇلنى تاپىدۇ دەيتتىڭىز، شۇنچىلىك پۇلنى دەسمايە سالغاندىن كېيىن پايدىمۇ ئالار.

— ھەيتاڭ، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، — شاخېلىل گېپىنى قىرىپ داۋام قىلدى، — بىلگەن سەنىمىڭگە دەسسە دەپ قويۇۋېتەي دېسەم، ئاشۇنچىلىك پۇلنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشىدىن قورقىمەن. ھە - ھۇ قىلىپ يولغا سالاي دېسەم، قىزىڭىزنىڭ قەدرىمىزنى بىلمەستىن باش - باشتاقلىق قىلغىنىغا جەھلىم قاتىدۇ. ھەي... — شاخېلىل تىزىغا بىرنى ئۇرۇپ داۋام قىلدى، — ياكى ئىش - ئوقەتكە قولۇم بارمىسا، ياكى پۇل ئالدىمىغا كەلمىسە، قانداق قىلىدىغان گەپكىن - تاڭ؟

— گەپ قىلسام ئۆزۈمىنىڭلا راست دەيسىز، — شاپائەت ئېرىنىڭ تەڭقىسلىقتىكى سۆزىدىن كېيىن بىردىن غەيرەتكە كەلدى، — گەپ قىلمىسام ھازىرغىچە يۇمشىمىدىڭىز.

— يۇمشىسام نېمە قىلماقچىدىڭ؟

— ھەرقانچە گۇناھكار بولسىمۇ ئىككىمىزنىڭ بالىسىغۇ؟ — شاپائەت يۈزىسىگە دومىلاپ چۈشكەن ياشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا ئېرتىۋەتتى، — ئوت بىلەن سۇدەك بولۇشۇپ كەتكەن ياتلار مۆرىتى كەلسە بىر - بىرىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدىكەن. ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۆز قىزىڭىز. «ۋاي بالام» دەپ قويسىڭىز سىزدىن تاغدەك رازى بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ھە، سىنىڭ راست دەپ قويۇپ، پۇلىنى ئۆزىڭىز باشقۇرۇپ بەرسىڭىز، بەلكىم پايدا ئېلىپ قالار. ناۋادا زىيان تارتسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ. سىزمۇ نەچچە قېتىملىق سودىڭىزدا بىرقانچە يۈز مىڭ سوم زىيان تارتمىدىڭىزمۇ؟...

شاخبىلىل ئايالىنىڭ سۆزىگە ئىختىيارسىز باش لىڭشىتتى.

## شاخبىلىل، نەزەر، ئارمان

ئارىدىن تۆت پەسىل ئۆتۈپ كەتتى، تەبىئەتمۇ ئۆزىنىڭ سىيخى ئالقىنىنى كەڭ ئېچىپ، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇلىرىنى قاندۇردى. بىراق شاخبىلىل، نەزەر، ئارمانلار تەبىئەتنىڭ ھەرقانداق نېمەتلىرىدىن كۆرە مەرھابانىڭ نېمىتىگە چىش بىلەپ ئولتۇراتتى. شاخبىلىل كېيىنكى ۋاقىتلاردا شاپائەتنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مەرھاباغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى. (بۇنى مەرھابانىڭ سودىدىكى پائالىيەتچانلىقى تەبىئىي ھالدا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى) ئۇ، قىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەپۇ سورىدى. ئاتا - بالىنىڭ جېدەللى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىچىلىك يېقىن بولسىمۇ، ئاخىرلىشىشى خۇددى كۆزنىڭ بىر قېتىم چىمىلدىشىدەك ئىش. دادىنىڭ بىر ئەركىلىتىشى، بالىنىڭ يېقىملىق كۈلۈپ، بىرقانچە قېتىم ئەركىلىشى ئىلگىرىكى ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەر كۈنلۈك كىرىم - چىقىم ھېساب شاخبىلىلنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن ئايرىلمايدىغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىن بىر قېتىم ئۆتۈپ تۇردىغان بولدى. ئالدىنقى ئالتە ئايلىق ئاتچوت شاخبىلىلنىڭ ئۈمىد قۇشلىرىنى تېخىمۇ تىك چوققىلاردا پەرۋاز قىلدۇردى. يىل توشقىنىغا بىرقانچە كۈن بولدى. پايدىمۇ بىر مىليون يۈەنگە يېتىپ قالدى. لېكىن بۇ پۇللار تېخىچىلا مەرھابانىڭ بانكىدىكى ھېسابىدا تۇراتتى. شاخبىلىل پايدىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئەندىشىدىن خالى بولالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇللارنى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا يۆتكىۋېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرى مەرھابانىڭ «ۋاقتى كەلسۇن» دېگەن سۆزى بىلەن ئۈچ قېتىم بېسىقىپ قالغانىدى. شاخبىلىل مەرھابانىڭ ئويىدىكىنى بىلىشكە ھەممىدىن بەكراق قىزىقاتتى. بىراق مەرھابا ئويىنى تېخىچە ئاشكارىلىمىدى. ئويىنى سىر تۇتۇشىمۇ بىر گەپ، شاخبىلىلنى ئەنسىرىتىۋاتقىنى مەرھابانىڭ ئۆستەڭ سۈيىدەك ئېقىۋاتقان راسا بىر بۇردىلىق ئوقىتىنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقى ئىدى. شاخبىلىل مەرھاباغا بۇ ئوقىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى كۆپ قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، مەرھابا يىل توشقان ھامان زاۋۇت بىلەن تۈزگەن توختامنى بىكار قىلدى. شاخبىلىل توختامنى داۋاملاشتۇرۇش، ئەڭ بولمىغاندا ئۆز نامىدىن توختاملىشىش ئۈچۈن ئۆمەرنى ئىزدەپ باردى. بىراق شۇ كۈنلەردە ئۆمەر ئىشلەپ چىقارغان سومكا - چامادانلىرى بېسىلىپ قېلىپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەي يۈرەتتى. نەزەرنى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىگە يۆتكەيدىغان

گەپ ئاۋۇپ كەتتى. يۇقىرىقى ئىككىسىدە ئۈمىد قالمىغاندىن كېيىن، شاخىلىل قىزىنىڭ رايىغا بېقىپراق مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى.

ئەمدى نەزەر بىلەن ئارمانغا كەلسەك ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەرھابانىڭ ئىشقىدا كاۋاپ بولۇپ يۈرەتتى. مۇشۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇلار ئىككىسى مەرھاباغا تالاي قېتىملاپ مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتى، تالاي قېتىملاپ، كىنو، تىياتىر، قەھۋەخانىلارغا تەكلىپ قىلىشتى. مەرھابا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى رەتمۇ قىلىۋەتمىدى، قوبۇلمۇ قىلمىدى. بەرگەن جاۋابى «ھازىرچە ياق» دېگەن مۇشۇ بىرلا جۈملە سۆز بولدى. تەكلىپ قىلغان جايلىرىغا بېرىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلاشتى. بەزىدە مېھمان بولدى، بەزىدە ئۇلاردىن ئاشۇرۇپراق مېھمان قىلدى.

مۇھەببەت ئىشقىدا مەست بولغان يىگىتلەرنىڭ قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك ئاسان ئەمەس. ئەگەر ئاسان بولىدىغان بولسا دۇنيادا بىرمۇ بەختسىز ئەر - خوتۇن بولمىغان بولاتتى.

نەزەر بىلەن ئارمان ئۆزلىرىنىڭ كېلىچەك بەختىنى پەقەت مەرھاباغىلا باغلايتتى. مەرھابا بولسا تېخى ئۇ ئىشلارنى ئەستايىدىل ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىككى يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى كەسكىن رەت قىلىۋېتەلمەيدۇ؟ ئەكسىچە ئۇلارنى تېخىمۇ ئۈمىدلەندۈرۈپ، ئۇلاردىنمۇ بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىدۇ؟ ئۇ بۇلارنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بەزى چاغلاردا «بەلكىم بۇ ئىشلىرىم سودا دىپلوماتىيىسى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇ يەنە بەزىدە «مۇھەببەت باشقا، مۇناسىۋەت باشقا، مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر ئوبدان يىگىتلەرنى ئالداپ يۈردىمەن. بۇنى چوقۇم ئايرىۋېتىشىم كېرەك» دەپ بىر قارارغا كېلىپمۇ قالىدۇ - يۇ، كەينىدىن يەنە «بەلكىم ئىككىسىنىڭ بىرسى بۇنىدىن كېيىن قەلبىمدە مۇھەببەت شامىنى يورۇتۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، مۇھەببەتنىڭ ئويغىنىشى ئۇنداق تېز بولمىسا كېرەك» دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۆز قارارىنى ئۆزى بۇزىدۇ.

مەرھابانىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدىن خەۋەرسىز نەزەر بىلەن ئارمان بۈگۈن يەكشەنبە بىر ئاشخانىدا بىرگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار مەرھابانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، نەزەر ئۈچ مىڭ سوم، ئارمان ئىككى مىڭ سوم نەق پۇل ئالغانىدى.

— ئوغۇل بالىغا بەرگۈسىز قىز جۇمۇ، ئاداش، — دېدى نەزەر ئىككى جەينىكىنى جوزىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — مانا قارا، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئىككىمىزگە بەش مىڭ سوم پۇلنى بېرىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ.

— پۇلى قۇرىسۇن ئاداش، — ئارماننىڭ كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىشقا باشلىدى، — ماڭا بىر يىلنىڭ ئالدىدا كۈتكىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇق رازى قىلىمەن دېۋىدى، ئايلىنىپ كېلىپ بەرگىنى مۇشۇ ئىككى مىڭ سوم بولۇپتۇ.

— بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانچىلىك ئالماقچىدىڭ؟

— ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، مەرھابانىڭ ئۆزى كېرەكتى ئاداش، سەن بىلمەيسەن، مەرھابانىڭ ماڭا شۇنداق كۆڭلى بار جۇمۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — نەزەر ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ھا - ھا! — ئارمان مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ، نەزەرنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى، — نېمە مۇمكىن - پۇمكىن ئۇ، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئۇ ئاللىقاچان پېقىرنىڭ مەشۇقىغا ئايلىنىپ

بولدى، ناھايىتى تويلا قىلساق بولىدۇ.
— يالغانچىلىق قىلما، ئارمان! — نەزەر
جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، — مەرھابا مې-
نىڭ، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئەڭ
دەسلەپىدە ماڭا كۆڭۈل بەرگەنلىكى
ئۈچۈنلا، بېشىمدىن قورقماستىن تەۋەككۈل-
چىلىق قىلىپ ئاياغ كىيىم سېخىنى قۇر-
غانمەن. سەن ئوغۇل بالا بولساڭ، مېنىڭ
ھورۇرۇمغا تېگىدىغان ئۇنداق گەپنى قىلما.
— جېنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ لاتا گەپ
قىلما!
— ئۆزۈڭ لاتا!
— مۇنۇ يالالىما چاڭجاڭ نېمە دەي-
دۇ؟ — ئارمان خۇددى نۇرغۇن ئادەملەر
بىلەن ئولتۇرغاندەك ئىككى يېنىغا قاراپ
قويۇپ ھۇرپەيدى، — سېنىڭدەك داكىلارغا
كۆڭۈل بېرىدىغان مەرھابا دۇنياغا تېخى
تۆرەلگىنى يوق، جۇمۇ...
ئۇلار جاق سېلىشقانمۇ بولار ئىدى،
شۇ ئارىلىقتا ئاشخانىنىڭ خوجايىنى
كېلىپ ئاجرىتىپ قويىدى.
— قېنى، تۆرەلگەن - تۆرەلمىگىنىنى
كۆزۈڭگە بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان
بولسام نەزەر بولماي كېتەي...
— ئۆزىنى ئەمەس، شولىسىنى كۆر-
سىتىپ باقە، داكا.

## مۇخبىرنىڭ زىيارىتى

— بولدى خوتۇن، — جوزىنىڭ قېشى-
دا يانپاشلاپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان
شاخېلىل شاپائەتكە مۇراجىئەت قىلدى، —
تاماقنى ئۇسسۇۋەرگىن، مەرھابا يىغىنىنى
تۈگىتىپ كەلگىچە مۇنۇ قورساق چىدىماي-
دىغان ئوخشايدۇ.
— يەنە ئازراق ساقلىساقمىكىن، —
دېدى شاپائەت.
— يىغىن ئاچقان ھۆكۈمەت تاماق
بەرمەي يولغاسالىدۇ دەمسەن، ئۇسسۇۋەرسەڭا.
شاپائەت قازاندىكى پولۇنى ئۇسسۇ-
ۋېتىپ سورىدى:
— مۇشۇ ۋاقىتقىچە تۈگىمەيدىغان
نېمە يىغىن ئىكەن شۇنچىۋالا؟
— ئىشقىلىپ ماختايدىغان يىغىندەك
قىلىدۇ.
— ماختىسا ماختىغۇچىلىكى بار ئۇ
قىزىمىزنىڭ، — شاپائەت لېگەننى جوزىنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ ئۆزىچىلا كۈلدى، — ئەم-
دىغۇ قەدرىگە يەتكەنسىز.
— ئۇنىڭ گېپىنى بىر قىلما، — شا-
خېلىل پولۇدىن بىر كاپام ئېلىپ چاينىغاچ
داۋام قىلدى، — مەن ئۆزۈمنى سودىگەر
دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇ مېنى ئەمەس، نى-
نى سودىگەرلەرنى سۇندۇرۇۋەتتى، جۇمۇ.
ئويلاپ باقە، ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇشقا
تېگىشلىك بارلىق نەرسىلىرىگە 250 مىڭ
سومغا يېقىن پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇۋېتىپ
يەنە بىر مىليون سوم پايدا ئېلىش ئاسانمۇ؟!
— شۇ ئەمەسمۇ! — شاپائەت ئۇلۇغ-
كىچىك تىنىپ، ئاشقا قول ئۇزاتتى، ئىككى-
سى ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقاندا تېلې-
ۋىزوردا مەرھابا بىلەن تېلېۋىزور ئىستانـ-
سىسىنىڭ مۇخبىرى پەيدا بولدى. بۇنى
كۆرگەن شاخېلىل بىلەن شاپائەت تامىقنى
ئۇنتۇشۇپ تېلېۋىزورغا تىكىلدى.
— بىر يىللىق پايدىڭىز قانچىلىك
بولدى؟ — دەپ سورىدى مۇخبىر مەرھابادىن.
— بىر مىليون ئەتراپىدا، — مەرھابا
قورۇنۇپقىنا جاۋاب بەردى.
— بۇنچىلىك پايدىنى قانداق تاپتىڭىز؟
— بىرىنچىسى مەھسۇلاتلىرىمىز مىلـ

لىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پاسونى كۆپ بولۇپ، تۆت پەسىلگە ماسلاشتۇرۇلغان، ئىككىنچىسى، خېرىدارلارنىڭ سۈپەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەقسىز رېمونت مۇلازىمىتىنى يولغا قويدۇق. مۇشۇ ئىككى ئىشىمىز خېرىدار جەلپ قىلىپ، ئوبوروتىمىزنى تېزلەتتى.

— بىر يىل جەريانىدا قانچىلىك ئادەم ئاياغ كىيىمىنى ياماتتى؟

— ئارانلا سەككىز ئادەم.

— ئەمىسە ئاياغ كىيىملىرى يىرتىلماپتۇ-دە؟

— ئۇنى بىر نېمە دېمەك تەس، مەن ئويلايمەنكى، يىرتىلغان بولسىمۇ كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى، بازار ئۇچۇرىدىن قارىغاندا، ھازىرقى ياشلاردا تىرىشچان-ئىقتىسادچىللىق بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرۈش ئادىتى ئىنتايىن كەم، ئۇلار كونىلاردەك بىر ئاياغ كىيىمنى ياماپ بىرقانچە يىل كەيمەيدۇ. ئىككىنچىسى، ھازىر مودا دەۋرى. ياشلىرىمىز مودا قوغلىشىپ ياراشسۇن، ياراشمىسۇن كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نېمىنى كىيىدۇ. بۇ ھازىر ياشلىرىمىز ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر خىل ئۆلۈك ھەم پاسسىپ ئادەت. ئېھتىياجىنى كۆرمىگەندە نورمال تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ. سودىدىكى بىردىنبىر چىقىش يول جەمئىيەتنىڭ تېخى ئاشكارىلانمىغان يوشۇرۇن ئېھتىياجىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشتە. نۇرغۇن كىشىلەر مېنى تەۋەككۈلچى دېيىشتى، بۇ تولىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك. مەن چوڭ سۆزلىسەم، ئالدى بىلەن بىر تەتقىقاتچى ئاندىن قالسا رىقابەتچى.

— ئالدىمىزدا نېمە ئىش قىلماقچىسىز؟

— ئەسلى مەقسىتىمىز يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن مىللىي سانائەتنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئىدى. تاپقان بارلىق پايدامنى زاۋۇتقا ئىئانە قىلماقچى. بۇنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن كېلىشىپ بولدۇم، يەنە ئىككى-ئۈچ كۈندە ئەمەلىيلىشىدۇ.

شاخبىلىل مەرھابانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئاخىرىنى ئاڭلاپ بېقىش مەقسىتىدە ئۆزىنى ئاران بېسىۋالدى.

— ھازىرقى تىجارىتىڭىزنى يەنە قانداق كېڭەيتمەكچىسىز؟ — مۇخبىر يەنە سورىدى.

— بۇنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— جەمئىيىتىمىزدە ئىزدەنگۈچىلەرگە قارىغاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ، ئۆزۈپ ئېيتالايمەنكى، بۇنداق سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئەمدى ئاۋۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن پايدا تاپماق ئەمدى تولىمۇ تەس.

— ئەمدى نېمە قىلماقچىسىز؟

— كەچۈرىسىز، بۇ ھازىرچە مەخپىي.

مۇخبىرنىڭ زىيارىتى ئاخىرلىشىپ، تېلېۋىزوردا باشقا خەۋەر كۆرسىتىلىشكە باشلىدى.

— قۇتۇرغان قۇرت! — شاخبىلىل مەقسەتسىزلا غوڭشۇپ، ئېغىزىغا بىر كاپام پولۇ سالدى. ئۇ ئەمدىلا چاينىۋىدى، بىر تاشنى چىشلىۋېلىپ، پۈتۈن بەدىنى زىڭىلداپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

ئايشەم قادىر

# خىجىللىق

(ھېكايە)

تۈنۈگۈنكى يىغىندا ئېلان قىلىنغان بىر خەۋەر گويا بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا چېقىلغان چاقماقتەك مېنى قاتتىق ئەندىكتۈرۈۋەتتى، يۈرىكىم ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ، كۆڭلۈمنى بىر ئەنسىزلىك تۇمانى قاپلىۋالدى، شۇڭىمۇ كۈندۈزنى خام ياغ ئىچىۋالغاندەك گاراڭ ھالەتتە ئۆتكۈزۈپ، تۈن بويى كىرپىك قاقماي، يىلاندەك تولغىنىپ چىقتىم، دېمىسىمۇ ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا، دېگەندەك ئۆزۈم تاپقان «بالا» — دەبۇ، بۇنداق بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟ ھەر قانچە پۇشايمان قىلغىنىم بىلەن ۋاقىت ئۆتتى، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا چارەيوقتەك تۇيۇلاتتى، ئويناشماق ئەرباب بىلەن، باپلاپ سالار ھەر باپ بىلەن، دېگەندەك ئۇنىڭ مېنى «باپلاپ» سالىدىغان ناھايىتى ياخشى «پۇرسىتى» كەلگەندەك ئىدى، بۇنى خىيال قىلسامىلا بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىشقا باشلىدى.

كارخانا رەھبەرلىكىنى تەكشۈرۈش، رەتكە سېلىش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي نازارەتتىن ۋاڭ چۇجاڭ زاۋۇتىمىزغا كېلىپ ئاممىدىن پىكىر ئالدى، پېشقەدەم ئۇستىلار قاتارىدا مەنمۇ بۇ سۆھبەتكە نائىل بولدۇم.

مەن ۋاڭ چۇجاڭنى خېلىدىن بېرى بىلەتتىم، ئۇ ئېگىز بوي 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قاتاڭغۇرراق كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ قېلىن كۆزە يىنەك ئاستىدىكى سوزۇق كۆزلىرىدىن سەممىيلىك، مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى، ئۇ، نازارەتنىڭ كارخانىلارغا مەسئۇل رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇزۇن ۋاقىت جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلىگەن بۇ ئادەم ئۇيغۇرچىنى خېلى راۋان سۆزلەيتتى.

ۋاڭ چۇجاڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى چۈشەندۈردى، زاۋۇتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرىدا: رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرمەكچى، بۇ ھەقتە سىزنىڭ قانداق مۇۋاپىق تەكلىپ - پىكىرلىرىڭىز بار، سۆزلەپ باققان بولسىڭىز، — دېدى.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ قالدىم. ۋاڭ چۇجاڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدىغاندۇ؟ زاۋۇتىمىز خېلى كونا زاۋۇت بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۆزىمىزنىمۇ بېقىپ كېتەلمەيۋاتىمىز، دېمىسىمۇ باشلاپ ماڭىدىغان ياخشىراق بىرسى بولمىسا بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قالدى، كىمنى قويۇش كېرەك؟ زاۋۇتىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشلىرىمىز تېخى بەك ياش، تەجرىبىسىز، چوڭلىرىمىزچۇ، خېلىلا قېرى، ھەتتا ئەتە، ئۆگۈن پېنسىيىگە چىققۇدەك ياشتا، ئۇنداقتا سىرتتىن يۆتكەپ كېلىش كېرەك بولىدۇ، ھەر ھالدا پالانى زاۋۇتنىڭ باشلىقى دېگەنگە لايىق بىرەرسى بولمىسا بولامدۇ دېگەن بىر پىكىر كۆڭلۈمدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن زاۋۇتىمىزنىڭ مەن بىلىدىغان ئەھۋاللىرىنى

مىساللار بىلەن كۆپتۈرۈپ، ئۇزاق سۆزلى-
دىم ۋە ئاخىرىدا رەھبەر بولۇشقا مۇناسىپ
كىشىلەرنى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىشنى
ئېيتتىم.

ۋاڭ چۇجاڭ مېنىڭ سۆزۈمنى دىق-
قەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ئان-
دىن تۇيۇقسىزلا:

— يولداشلار تەشكىلات بۆلۈم باشلى-
قى ساۋۇت بىلەن سىلەرنىڭ سېخ مۇدىرى
شياۋلىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، سىزنىڭچە بولار-
مۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

گەپنى ئاڭلاپ شاپىلاق بىلەن بىرنى
سالغاندەك دىڭگىسىدە چۆچۈپ كەتتىم، ساۋۇت-
قۇ پېشقەدەم كادىر، رەھبەرلىك تەجرىبىسىمۇ
خېلى بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇناسىۋىتىمىزمۇ
ياخشى، ئاداۋىتىممۇ يوق، بولسا بولۇۋەر-
مەمدۇ. ئەمما، شياۋلى بىلىم جەھەتتىن
شەرتى توشقان بىلەن تېخى تونۇگۇنكى
«سويما» تۇرسا، ئۇنى «مۇدىر» دېگىنىم يەت-
مەي، ئەمدى زاۋۇت باشلىقى دەمدىمەن.
ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېلىقى چاغدىكى «يامان-
لىقى» چۇ تېخى، بۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىم
يوق، بۇلارنى ئويلىغانسېرى قويۇقا چاچلىرىم
تىك تۇرغىلى تۇردى.

— يولداش ساۋۇت ئۇستۈرۈلسە بو-
لىدۇ، ئەمما شياۋلى بولمايدۇ، — دېدىم
كەسكىن ھالدا، — ئۇ بىلىملىك بولغىنى
بىلەن قابىلىيەتلىك زاۋۇت باشلىقى بولا-
لىشى ناتايىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تېخى
ياش، بۇنداق چوڭ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقىپ كېتەلىشى تەس، سېخ مۇدىرى
بولغىنىغىمۇ ئۇزۇن بولمىدى، شۇڭا يەنىلا
تەجرىبىلىكرەك كىشى كېرەك.

مېنىڭ ئاچچىقىم دەررۇلا چىرايىمغا
چىقسا كېرەك ئەتىمالىم، ۋاڭ چۇجاڭ سۆھ-
بەتنى شۇ يەردە توختاتتى.

مەن قانداقلا قىلغان بىلەن شياۋلى-
نىڭ ماڭا قىلغان «يامانلىقى» نى ئېسىم-
دىن چىقىرالمايتتىم، ئۆتكەندە مەن ئوغ-
لۇمنىڭ توينى قىلغان چاغدا ئۇ سېخ ئىش-
چىلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى. مەن
تويدا كۆپرەك چىقىمدار بولۇپ قالدىم، دەپ
300 يۈەن قۇتقۇزۇش سورىسام ئۇ ماڭا
ئارانلا 100 يۈەن تەستىقلاپ بەردى، بۇ-
نى بىر «قاغا» ئەسلىدە بىز ساڭا 300
يۈەن بېرەيلى دېسەك، شياۋلى، قاسىم
ئۇستامدىن باشقا خېلى ئېغىر قىيىنچىلىقى
بار يولداشلار بار، دەپ ساڭا بەرگىلى ئۇ-
نىمىدى، دەپ شۇ كۈنلا يەتكۈزگەنىدى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭى شاگىرتلارغا قويىم-
چىلىق تېخنىكىسىدىن دەرس ئۆتۈۋدىغان
چاغدا، مەن ئۆتەي دەپ چىڭ تۇرغىنىمغا
قارىماي، يالغاندىن مېنى سالامەتلىكىڭىز
ياخشى ئەمەس تۇرسا، جاپا تارتىپ قالسىز،
باشقا ئۇستىلاردىن بىرسى بارسىمۇ بولىدۇ،
دەپ قەستەن ئەۋەتمەي ئاشۇ 2 - 3 تەك-
گە تاپاۋەتتىنىمۇ قۇرۇق قويدى، مانا شۇ-
نىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭغا بولغان ئاداۋىتىم
قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ قالغانىدى،
ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە تەقدىر مەن بىلەن
ئويناشقاندەك كىشىلەر ئۇنى زاۋۇت باشلى-
قىغا كۆرسەتسە، ۋاڭ چۇجاڭ «سەن نېمە
دەيسەن» دەپ سوراۋاتسا، بۇ ماڭا چەكسىز
ئەلەم ئەمەسمۇ؟ خەق نېمە دېسە دەۋەر-
سۇن، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ رەھبەر بولۇ-
شىغا ئاۋاز بەرمەيمەن، يۇقىرىغا بېرىپ پىك-
رىمنى ئېيتىمەن.

لېكىن يۇقىرىغا ماڭغانلىرىم بىكارغا
كەتتى، ئاخىرى تەكشۈرگەن يېڭى رەھبەر-
لىك بەنزىسىنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن زاۋۇت
باشلىقى دەپ شياۋلىنىڭ ئىسمى ئېلان
قىلىندى، شۇنىڭدىن بۇيان كۆڭلۈمدىكى
بۇ غەشلىك ئۇرۇقى يىلتىز تارتىپ، بىخ-
لىنىپ كېلىۋاتاتتى، گەرچە ئالدىدا ۋاي
لى چاڭجاڭ دېسەممۇ كۆزدىن سەللا نېرى
بولسىلا ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى بولغاچقىلا ئۆس-

كەنلىكىنى كۆرگەنلا يەردە باشقىلارنىڭ قولىقىغا ئانچە-مۇنچە قۇيۇپ تۇراتتىم، كىم بىلىدۇ، سىغىزخانىلارنى يوق دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ يەتكۈزگەندۇر بەلكىم؛ لېكىن ئۇ قىلچە بىلمىگەندەك يەنىلا ماڭا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ياكۆڭلىدە بىر ئەپلىك پەيت كۈتۈۋاتامدۇ تېخى، بۇنىمۇ بىلىپ بولمايتتى، ئۇنىڭ بۇنداق ئىللىق مۇئامىلىلىرى ماڭا ساختىدەك بىلىنىپ، بۇنىڭغا ئىشەنمە، ئىشەنمە، دەيدىغان بىر شەيتان ۋەسۋەسىسى قوشۇلۇپ چاشقاندەك ئىچىمنى تاتىلاپ، مېنى بىئارام قىلاتتى، كۈنلەر مانا مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋاتاتتى.

بىراق، تۈنۈگۈنكى يىغىندىكى گەپ بولمىغان بولسىمۇ مەن ئۇنچىۋالا ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپمۇ كەتمەيتتىم، مېنىڭ قارىشىمچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىقى ئۆچ ئالىدىغان «ئەپلىك پەيت» كېلىپ قالغاندەك تۇراتتى. چۈنكى شىياۋلى بۇ قېتىم تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىش خىزمىتىدە نازارەتتىكى باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى، زاۋۇتنىڭ باھالاش گۇرۇپپىسىدىكى مەن ئۆزۈممۇ بار ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا مېنى قوللايدىغانلارمۇ بار، بۇ تەرەپ ئانچەلىك خەۋپلىك ئەمەس، بىراق ئاساسلىق يەرگە بارغاندا ئۇ بىرەر پۇتاق چىقىرىپ ماڭا توسالغۇلۇق قىلمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ تېخى يەنە ئۇنى باھالايدىغان چاغدا مەن قارشى ئاۋاز بەرگەن تۇرسام، مانا مۇشۇنداق تەرەپلەر بولغاچقا كۆڭلۈم غەشتە، ئۆزۈم دەردتە قېلىپ خۇددى چۆگىلىتىپ قويۇۋەتكەن پىرقىرىغۇچتەك قېيىپ قالدىم، ئەگەر ئۇ مېنى ئوتتۇرىغا قويغاندا قارشى ئاۋاز بېرىدىكەن، يۇقىرىغا ئۇنىڭ ئۈستىدىن مېنى چەتكە قاقتى، ئۆچ ئالدى دەپ ئەرز قىلىمەن، مېنىڭ قانداقلىقىمنى كۆرۈپ قويسۇن، قانداقلا بولمىسۇن مەن ئۇنىڭدىن نەچچە ئىشتاننى ئوشۇق يىرتقان-دە، دېگەن ئويلار كۆڭلۈمدىن كەچتى-دە، ئۆزۈمنى خېلى يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، مېنى ئەندىشىگە سالغان ھېلىقى ئىشلارمۇ ئاخىرلىشىپ، باھالاشنىڭ نەتىجىسىمۇ ئېلان قىلىنىپ بولدى، شۇڭىمۇ ھەپتە ئون كۈندىن بۇيان شىياۋلىدىن قېچىپ يۈرىمەن، ئۇنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالساممۇ يۈزۈم لاپپىدە ئوت ئالغاندەك قىزىپ كېتىدۇ، نېمىشقا دېمەمسىز؟ يەنىلا ھېلىقى ئىش تۇغرىلىق، مەن ئۈستىدىن ئەرز قىلغان، يەڭ تۈرۈپ ئېلىشماقچى بولغان شىياۋلى ماڭا بىرىنچى دەرىجىلىك تېخنىك ئۇنۋانى بېرىشتە چىڭ تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ، بۇنىمۇ ھېلىقى «قاغا» لار ماڭا يەتكۈزدى، ئۇ يەردە ھەر خىل پىكىرلەر بولغان ئوخشايدۇ، بەزىلەر مېنى مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن دەپ قوشۇلمىغاندا، شىياۋ لى مېنىڭ تۆھپىلىرىمنى بىرمۇ بىر تونۇشتۇرۇپ ئاخىرى باشقىلارنىمۇ قايىل قىلىپتۇ، ئۇ نەدە يۈرۈپ مېنىڭ ئەھۋالىمنى شۇنداق تەپسىلىي بىلىۋالغاندۇ... بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن قاتتىق ئويالدىم، بۇنى ھەربىر ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك، ئەكسىچە شىياۋ لى كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ زورىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

ئوسمانجان ساۋۇت

## ئاشىق دىلىنىڭ مىڭ بىر كۆزى بار

### باھار بىلەن سۆزلىشىش

كۈمۈش قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتىسەن،
چۈشلەرىنىڭ ئىلكىدە چېچەك ئاچىسەن.
ئاشىقتۇر چېچەكلەر چېچەككە مەڭگۈ،
زېمىندىن ئاسمانغا ئىپار چاچىسەن.
سەن دەۋرەپ كەلگەندە مەنمۇ دەۋرىدىم،
يوقالغان ئىلھامنى ئۆزۈڭ تاپىسەن.

بىلمەن سۆيۈنۈش سەن بىر ھاياجان،
تەۋرەشتە قالغاندا تىترەپ تۇرار جان.
ئىشەنمەي قالدىم مەن شەھلا كۆزۈمگە،
ھالىمغا يەتكەيسەن ئالتۇن بويلۇق خان.
دالىدەك كەڭ ئېچىپ قۇچاقلىرىنى،
تۇيۇرىقىم كۈتمەكتە سېنى جانىجان.

چاڭقىدى تىنىقىڭ، تىنىق بولدى رام،
ۋەسلىڭگە باغلىنىپ بولدۇم مەن قارام.
ئاجايىپ قۇچاقلار قىسماقتا مېنى،
تەپتى ۋە شولىسى تارام ۋە تارام.
تاپىدىم مېڭەمگە ئۆتكۈزمەكتە ئوت،
بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم — بۇ مېنىڭ ئانام.

شۇ جادۇ كۆزلەردەك باقار ھەر زەررە،
ھەر زەررەڭ يۇمراندۇر، ھەر زەررەڭ بەررە.
ئارمانغا ئۇلاشتىم ئۆزۈڭنى لىۋەن —
رۇجەكتىن ئۆيۈمگە ئاتقان ھەر مەررە.

بىر قەترەڭ تامچىسا ياز يامغۇرىدەك،
ياز-يامغۇر تۇيغۇلار ئاشتى مىڭ كەررە.

تاغلىرىم، باغلىرىم، ئىدىرۇ-قىرىم،
دېيىشتى بىرسىنى دىلدارۇ، پىرىم،
دىلدارىم دىل بېرەر، پىرچۇ؟ پىر مەدەت
مەيىن بىر قەدەمدە قىلدىڭ بىر ئىرىم.
كۆڭلىمگە مۇز تۈككەن بىراۋلارمۇ بار؛
ۋە لېكىن ئۆزۈڭسەن مەڭگۈلۈك سىرىم.

مەن سېنى تەلمۈرۈپ كۈتتۈم ئىنتىزار،
كۈتتىمۇ، ئاخىرى كۆرسەتتىڭ دىدار.
كۈتۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سۆيگۈ جەزمەن،
سۆيگۈسىز ئادەملەر كۈتەلمەس زىنھار.
قارلاردىن، چاپقۇندىن سورىدىم سېنى،
بۇ تەشنا قەلبىمنى قىلىپ مەن ئىزھار.

سۆيۈنچە سورىدىم ياردىن ئالدىراپ،
بىتاقەت يۈرىكىم كەتتى قالتىراپ.
ئۆزۈڭدەك كەپتىغۇ دېدىم ئۆزۈڭنى،
يۇلتۇزدەك جىمىرلاپ، ئايدەك يالتىراپ.
كۆڭۈلنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى كۆپ كۈيلەر،
گاھىدا چاراسلاپ، گاھى شالدىراپ.

شەپقەتنى كۆرگەندە سېنى ئەسلىدىم،
مەن سېنى شەپقەتنىڭ باغرى بەس، دېدىم
قوزىدا ئۇچراشتىم سەن بىلەن خۇشال

ئەسەبىي ھېسلاردىن تەستە پەسلىدىم.
ئالتۇن باش بولۇشتى ھالال نوتىلار،
ھارىمىن ئايىماي كەسكىن كەسلىدىم.

يېتىسەن ھاياتقا سوئال ياغدۇرۇپ،
ھەممىگە ھېمىشەم نەزەر ئاغدۇرۇپ.
ئۇنچىگە كۆمۈسەن زېمىننى تامام،
توك قاپاق بولۇتنى قىشتىن تاندۇرۇپ.
جىلغىلەر تۆكمەكتە مەلىكە ئاپتاپ،
قانىمغان بۇرجەكنى نۇرغا قاندۇرۇپ.

كۆمۈش قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتىسەن،
چۆشلەرنىڭ ئىلكىدە چېچەك ئاتىسەن،
چۆشلەرنى چىشىمغا چىشلەتكەن پېتى،
چۆشلەردەك مەنزىلگە مېنى چاتىسەن.
ئىلھامىم يوقالغان سېنىڭ قولۇڭدا،
مەن ئەمەس ئۇنى سەن ئۆزۈڭ تاپىسەن.

ۋىسالنى تىلەيدۇ تىنماستىن سەنەم،
ناۋاسى مۇقامدۇر، ناۋاسى ئەجەم.

يارىغا تەققاسلار ئۆزىنى ھامان،
قانىتى، پەرۋازى، كۆكى مۇجەسسەم.
تارتۇققا ئاپىراي يارىمغا سېنى،
ئۆيىگە بارغاندا مېھمانغا مەن ھەم.

سەن باردا بولمايدۇ مېنىڭ قەددىم دال،
تولپارىم يەلپۈتەر سەپەرگە دەپ يال.
تۆمەن گۈل چاقىرار دېيىشىپ: مېنى —
گۈلخۇمار ئىكەنسەن، قېنى، مېنى ئال.
خۇشپۇراق ئىكەنغۇ گۈللەرنىڭ رەشكى،
تالاشتا قالدىم مەن ئاجايىپ بىر ھال.

مىجەزىم سەن كەبى، نىيىتىممۇ ئاق،
تالاشقا سال ئۇنى، سىن كۆزۈڭدە باق.
سىناقتىن ئۆتىدۇ ئۇ چوققۇم ئالىي
كۆزى يوق قىياسلار جاندىن تويار چاق.
قولۇڭنى سېلىپ كۆر يۈرىكىمگە سەن،
قولۇڭغا چىقىدۇ بۇ ئانا تۇپراق!

## ياشلىق خاتىرىلىرى

سوئال قويدۇم مەن ساڭا ئاق يامغۇردەك ياغدۇرۇپ،
كەلدىم ئەمما ئىنجۇ چىش قاپقىسىنى ئاچالماي.
سوئال قويدۇم يۈرەكنىڭ ئىچ-تېشىنى ئاغدۇرۇپ،
دەردتە قالدىم ۋە لېكىن تۈزۈك جاۋاب ئالالماي.

تىت-تىت بولدۇم پەرىشان، بىتاقەتمەن شۇ تاپتا،
ھالى بىلەن ياشايمەن قايىنامدىكى سالچىنىڭ.
باغرىم دېڭىز، يېرىلار سۆيگۈ دېگەن كاراپتا،
ئېيتقىن جېنىم، راست سۆزمۇ ئېيتقان سۆزى پالچىنىڭ؟

پالچى ئېيتقان: ئۇ سېنى مەڭگۈ، مەڭگۈ سۆيىدۇ،
ئاچالمايدۇ كۆڭلىنى تۇغۇچ بىلەن بىراقتا.
سەندىكى ئوت ئۇنىڭمۇ يۈرىكىدە كۆيىدۇ،
ياشايسىلەر ۋە لېكىن ۋىسالدىمۇ يىراقتا!

* * *

قاپقارا ئۆڭكۈرگە تىقىلغان تۈندەك،
بەك تىلسىم، بەك سىرلىق قارا كۆزلىرىڭ.
كىكىرتەك ئىچىدىن چىقمىغان ئۈندەك،
چىقمايدۇ ئاغزىڭدىن قىممەت سۆزلىرىڭ.

لەھەڭدەك يالمىدى مېنى تىلسىمات،
تېگى يوق دېڭىزغا غەرىقمەن ئەمدى.
سەۋدادا ھېچكىمگە بولالماس ھىمات،
قۇياشتىن باغرى قان شەرقمەن ئەمدى.

قورقمايمەن قايىنامنىڭ تەڭسىزلىكىدىن،
دولقۇنلار كېتىشتى مېنى تەڭ باشلاپ.
شادلىقىم ئۇپۇقنىڭ چەكسىزلىكىدىن
كەتمەيدۇ مېنى ئۇ ساھىلغا تاشلاپ.

بىھېساب ھۈنەر بار بۇ دېڭىز ئىچرە،
مىلڭ چۈۋۈپ، مىلڭ قېتىم توقۇيدۇ سېنى.
ئازابلار دەستىدىن سوۋساك زەررە
بىر قەترە مىلڭ داخان ئوقۇيدۇ سېنى.

يوق ئەمدى مەن ئۈچۈن قولايلىق مەھەل
يوق ئەمدى نەشتەردىن، تىغدىن قۇتۇلۇش.
بىنەزەر شاھلىقتىن مىلڭ ھەسسە ئەۋزەل،
بۇ كەبى غەرقلىق، بۇنداق يۇتۇلۇش.

بىپەرۋا دەپ سەندىن غەملەر يېۋىدىم،
چۈشەندىم بەختىمنى كۆزلەيدىكەنسەن.
دىلدىكى سىردىنى بىلەي دېۋىدىم،
تىل ئەمەس، كۆزۈڭدە سۆزلەيدىكەنسەن.

* * *

سېنىڭ تاتلىق ئاغزىڭدىن مەڭگۈ بىر سۆز چىقماسمىش،
تەمە قىلماي يۈرۈشۈم كېرەك ئىكەن ئارماندا.
زەھەر كەبى شۇ سۆزلەر قويۇلغاندا ئېڭىمغا
بار بولدۇم ھەم يوق بولدۇم ئىككىمىز بار جاھاندا.

ئايان بولدى يوقلۇقۇم تۇيغۇلىرىڭ ئىچىدە،
ئەمدى نەدە يۈرەرمەن يولسىز، سولسىز تەمتىرەپ.
نۇرسىز قالدىم ئاخىرى ئايدالىدا، كېچىدە،
كىمگە ئېيتاي دەردىمنى كىمگە يىغلاپ، ئەركىلەپ؟

ۋۇجۇدۇمدىن كۆچتى روھ، سۇنۇپ كەتتى غورۇرۇم،
ياشاڭغىراپ تۇرماقتا سېنى يۇتقان جۈپ كۆزلەر.
ئاڭلىنىدۇ قۇلاققا ئەمما غايىب بىر سادا:
ھەزىل بەلكى ئۇ سۆزلەر،
تەتۈر بەلكى ئۇ سۆزلەر.

ھەزىل بولسۇن ئىلاھىم، تەتۈر بولسۇن ئىلاھىم،
راستى ـ ئوكى بۇ سۆزنىڭ ئەجەل، دوزاخ، ھالاكەت.
سورالمايمەن بۇ سۆزنى مەن سېنىڭدىن يەنە بىر،
رەھىم قىلساڭ راستىڭ ئېيت، سۆيىمەن دەپ كارامەت!

## سۆيگۈ دەرىخى

ياق كۆچەت ئەمەسكەن، دەرەخكەن بىلدىم،
يۈرەككە سەن ئۆزۈڭ تىككەن ناباتات.
ئەتەمنى شۇ بۈيۈك دەرەخكە ئىلدىم،
يولىنى ئىپتىقاندا پىچىرلاپ هايات:

سۆيۈشىمۇ يۈز بىرەر سۆيۈلۈشىمۇ هەم،
سۆيگىن ۋە سۆيۈلگىن يىغلا هەمدە كۈل.
هىجرانلار كەتمەيدۇ بىشىڭدىن هەر دەم،
ۋىساللار يىلدا بىر پۈرەكلىگەن گۈل.

ئۆرتىنىپ ياشايسەن كۆيۈپ ياشايسەن،
كۆيۈشكە ئوخشاشتۇر ئاسمان، تالا، ئۆي.
ئۇيالما، يولۇڭدا جەننەت ياسايسەن،
سۆيدۈڭمۇ دىمەككى شائىرانە سۆي...

ياپراقلار نۇر تۆكتى تارام ۋە تارام،
قەلبىم بىر پارلىغان ئاجايىپ دۇنيا.
چىرىغى ئۆچكەنلەر يىقىڭلار مىنى،
قۇياشتەك، ئاپتاپتەك يانىمەن گويا.

ياپراقلار كۆي تۆكتى دەريا ۋە دەريا،
ناخشىغا، ناۋاغا كۆمۈلدى دۇنيا.
ناۋاسىز قالغانلار ئاڭلاڭلار مىنى،
غايىب بىر كۈيچىدەك كۈيلەرمەن گويا.

ئۇ زۇمرەت رەڭ ئىلىپ مۆجىزە كەبى،
ئاينىدى شاخارىپ يۈرەكتە تەنها.
ياپراق، ۋە غوللىرى ئۆزۈمدە سەبى
يىلتىزى ئۆزۈڭدە تۇرىدۇ ئەمما...

* * *

كۆيدۈردۈڭۇ كۈل بولدۇم ئەمدى چېچەك ئاچىسەن،
كۈل ئۇچارغان شامالار سىنى قالتىس قىز دىسۇن.
چاچساڭ ئەگەر ئىيتىپ قوي قەيەرلەرگە چاچىسەن،
ئىزدەيدىغان دوستلىرىم مىنى شەدىن ئىزدىسۇن.

ئۇيۇل تۇرغان نەرسىنىڭ قۇم بولغىنى قانداق ئىش،
قان تەپچىگەن يۈرەكنىڭ كۆيگىنىگە هەيرانمەن.
سىنى گۈلدەك ياشنىتىپ چېچەكلەتكەن قانداق قىش،
ئوڭلانمىدىم بىر پەقەت شۇندىن بىرى ۋەيرانمەن.

كوچىلاردا ئاۋايسىز تىگىپ كەتسەم بىرسىگە،
ئەپۇ سوراپ يانىمەن دەرهال ئەلا ئەدەبكە.
سەن كۈل قىلىپ بىرسىنى زەهەر قۇيۇپ ئىسىگە،
ئىشىڭدا يوق يۈرىسەن پەرۋايىڭ دەل پەلەكتە.

بىر تال پەينى كۆيدۈرۈپ تۆلىگەنتىم بىر چاغدا،
ۋايساشلارغا ئىمكان يوق، ئىمكان يوقتۇر تىنىشقا،
ئالەم پاتقان ئىچىگە يۈرەكلەرنى كۆيدۈرۈپ،
تۆلەش تۆگەل بىر قىيا قارىمايسەن نىمىشقا؟

* * *

سەندىن باشقا جانانىم يوق جاھاندا،
تىنىقىڭسىز تىنىقىممۇ يوق ئەمدى.
دەقىقىسىرى ئۆرتىلىمەن ئارماندا،
بىر يوقلۇغۇڭ جېنىمغا مىڭ ئوق ئەمدى.

سەندىن باشقا جانانىم يوق جاھاندا،
ماڭا كېرەك شادلىقىم سەن، سەن پۈتۈن.
سايە بولۇپ ئەگەشكىنىم ئارماندا،
ياشاش ئۈچۈن، بەخت ئۈچۈن، سەن ئۈچۈن!

سەندىن باشقا جانانىم يوق جاھاندا،
كارىممۇ يوق كىملەر كېلىپ، كىم كەتسۇن.
كۈنلەر، تۈنلەر ئۆتمەكتىدۇر ئارماندا،
بۇ ئالەمدە ئارمىنىغا كىم يەتسۇن؟!

سەندىن باشقا جانانىم يوق جاھاندا،
نەچچە قېتىم يارالسامۇ شۇ پەقەت.
ئۆمۈر بويى ئۆرتەلسەممۇ ئارماندا،
ئۆچمەس ئەمما ئۆزۈڭ ياققان مۇھەببەت.

ئاھ كۆڭۈل، ئاھ يۈرەك سەن يىغلا ئەمدى‌يە
يار ساڭا تىغ ئۇردى، ئۇردى بىر خەنجەر.
چاپچىما دەپ ساڭا ئېيتقاندىم ئەسلى،
كۆنمىدىڭ كۆيدۈم دەپ، چاپتىڭ دەر بەدەر.

قان تەپچىپ چىقىدۇ يارائىدىن مانا،
داۋاغا بارمايمەن، ئېقىپ پۈتكەي ئۇ.
تۈنىنغان تەڭرىم گەر رەھىمسىز بولسا،
نە كېرەك ماڭا جان، تېزرەك پۈتكەي ئۇ.

ئېرىدى ئۈمىدلەر، يۈتتى كېلىچەك،
بىپايان دەشتلەردە قالدىم مەن يالغۇز.
قويۇلدى ھەر سۆزدە پەرۋازىمغا چەك،
ھەسرەتتە يۈرۈيمەن پەرىشان ھۇنۇز.

بىر ئۆكسۈك باغرىمدا يىغلايدۇ يۈرەك،
ئەلەملەر ئەلەگلەپ قىينىلىدۇ جان.
كىممۇ بار ئىدى سېنىڭدىن بۆلەك،
قىينىدىڭ، قىينىلىپ ياشايمەن ھامان.

بارماق بولسام ئۇپۇقتا بىر سېنىڭدىن سوردىم،
ئۆزۈم قېلىپ تىكەنگە سېنى گۈلگە ئوردىم.
ئاخشام ئېيتقان ناخشاڭنى — مەڭگۈ مېنى مەست قىلغان،
كەلمىسىمۇ ئاۋازىم ئەتىگەندە دىررىدىم.

ساڭا مەلۇم ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس خىيالىم،
ساڭا ئايان ھېمىشە تولۇن بولغان ھىلالىم.
سىنىڭ ئۈچۈن جۇش ئۇرۇپ، سېنىڭ ئۈچۈن ئوخچۇيدۇ،
مېنىڭ ئىلھام قايىنىغان ئۇيىناق بۇلاق زىلالىم.

سەن بىر قۇدرەت كۆڭلۈمنى رام قىلىشتىن قالمىدىڭ،
قۇدرەت قويۇپ يۈرەككە زادى سەن بىر تالمىدىڭ.
شۇنچە شادلىق، بەختىنى ماڭا بېرىپ بىكارغا،
سەن بەندە مەست تەڭرىمۇ، بىرمۇ بەدەل ئالمىدىڭ.

تەنتەكلىكىم بارمىنىڭ ئەركىلەيمەن مەن ساڭا.
ئەركىلىگەن ئەر ئازاد تەڭ كېلەلمەس نۇر ئاڭا.
ئېزىلتقۇغا دۇچ كېلىپ تارايغاندا يوللىرىم،
سىلاپ مىسكىن بېشىمنى پاناھ بولدۇڭ سەن ماڭا.

سۆزلىشىمىز ھەر دائىم پىچىرلىشىپ ئىككىمىز،
سۆزلىشىدۇ گوياكى ئىككى نۇقتا، ئىككى ئىز.
كېسىمىگىسىز ئىش پۈتمەس، رۇخسىتىگىسىز يول چۈشمەس،
ۋۇجۇدۇمدىن چىقمايسەن مەڭگۈ جاندەك سەن ھەرگىز.

ئاشىق دىلىنىڭ مىڭ بىر كۆزى بار،
بىر زەررىنى مىڭ زەررە قىلغان،
ئاشىق دىلىنىڭ مىڭ بىر سۆزى بار،
يۈرەكلەرنى ياشناتقان، تىلغان.

بىر نىگاھىڭ ئۇستىدە ئۇزاق،
تويلىنىمەن چالغىماستىن جىم.
دەيمەن سۆيگۈ تاراتتى بۇلاق،
پاكى نەپرەت، يامازاق بەلكىم.

بىر سۆزۈڭنى تارتتىم مىڭ ياققا
بارمىدۇ دەپ ناچار بىر مەنا،
ئاڭلالمىسەن تاشنى تاياققا،
ئاشىق پەقەت سەرۋىگە رەنا.

زىغىرلىدىم، ئىزدىدىم سەۋەب،
مۇڭ قىچقىرىپ گاھى تۆكسەڭ ياش.
كۆز ئالدىمدا بىھېساب سەدەپ،
چالقىپ كېتەر بىر ئالتۇن قۇياش.

نىچۈن تاڭدا بالقىدى قۇياش،
نىچۈن پارلاپ كەتتى ئۇ سەدەپ.
مەن بولدۇمму ھەسرەتلەرگە باش،
مەن بولدۇمۇ قۇياشقا سەۋەب؟

جىرىنگىلسا لېۋىڭدە كۈلكە،
ئارمانلارنى ئويلاپ كېتىمەن.
ئوخشايمەنۇ ئېچىلغان گۈلگە،
ئاسمانلارنى بويلاپ كېتىمەن.

خوشلاشقاندا كەينىڭگە باقماي،
كەتسەڭ ئەگەر مەغرۇر، خىرامان،
دەقىقىلەر ماڭا شاد باقماي،
ئۆتەر يەنە غەمدە بىئامان.

ئاشىق دىلىنىڭ مىڭ بىر كۆزى بار،
ئىشلەپ تىنماس تارازىسى ھەم.
بىرلەھزىدە مىڭ بىر سۆزى بار،
سەۋدايىمۇ دەپ قالما ئەركەم،

ئۇچقۇنلىدى كۆزۈڭدە رەشك ئوتى تۇنجى رەت،
مەن دوستۇڭغا سىنچىلاپ مۇنداقلا بىر باققاندا.
رەشك دېگەن بىر يالقۇن، رەشك دېگەن مۇھەببەت،
نەگە قوياي ئۆزۈمنى سەندىن يالقۇن ئاققاندا.

قاپىقىڭدىن ياغدى قار، مانان باستى بېغىمنى،
ئىزدىگىنىم تالايدىن ئەمدى سەندىن تېپىلدى.
بەخت دېسەم بولغۇدەك يىغلاپ ئۆتكەن چېغىمنى.
ئاچالمىغان دەرۋازام مانا ئەمدى ئېچىلدى.

## شېئىرلار

توختى ھاجى روزى

### قاردىن كەلگەن ئىلھام

ئۇيناقلىشىپ يايراپ،
ئاپئاق پەرلەر ياغدى.
يەر ـ زېمىننى ئاپئاق
چېچەك لىباس ياپتى.
يەرگە، كۆككە باقتىم،
تۇيغۇم ئاڭا ئاغدى.
بۇ:
«بېلىقنىڭ قۇيرۇقى،
قوزا بۇرنى①» چاغدى.
دېدىم: ئەجەب چاغدا
بۇنچە كۆپ قار ياغدى!؟
يەر دېدىكى: بۇ قار
چاڭقاق لەۋگە ياقتى.
يەر سۆزىنى ئاڭلاپ
دىلدا بىر ئوت ياندى.
ئاق چېچەك بوپ ئۇچتۇم
يەر ـ زېمىننى قۇچتۇم.
ئېرىپ يەرگە سىڭدىم
قەلبىم كۆلۈپ قاندى.

* *

«قوزا» قىلدى بۇيرۇق
«بېلىق» يىغدى قۇيرۇق.
دالا ـ قىرلار، باغلار
قاردەك ھۆسن ئاچتى.
ئاپئاق چېچەك بولدۇم
شاخ ـ شاخلارغا قوندۇم.
خۇش ـ شادلىققا تولدۇم،
ئارزۇم كامال تاپتى.

### كۈتۈش

يىراق، خىلۋەت قىشلاق
يالغۇز كۈلبە،
چەتتە
قىز تىكىندۇ كەشتە،
شام تۈۋىدە، كەچتە.
كۈلبە غېرىب، جىمجىت
ئوتمۇ ئۆچكەن مەشتە.
قىز خىيالچان، مىسكىن،
كۆڭلى تىنچسىز ـ غەشتە
تۇرۇپ تىڭشار سىرتنى
كۈتۈش ئەجەب تەس ـ تە
ئاھ!
— شۇ تاپتا يىگىتى
يۈرەر قايسى ئورمان،
قايسى دالا ـ دەشتتە؟!
چۆل بېتىگە ئىزى بىلەن
چېكىپ گۈزەل كەشتە.

### قىز ۋە گۈل

قىز ئىگىلدى گۈلنى يۇراپ،
گۈل ئىنتىلدى قىزغا قاراپ
گۈل ھىدىدا مەجنۇن دىماق
بەرگى لەۋنى ئالدى شوراپ
قىز مەپتۇنمۇ ۋە ياكى گۈل
تاپالمىدىم بۇڭا جاۋاب.

---

① «قۇتادغۇ بىلىك» دە مۇنداق دېيىلگەن: [illegible] مۇنەججىملەر ئاسماننى 12 بۇرجقا بۆلگەن [illegible] بېلىق — تىشلىق ئاخىرقى ئىبىي، قوزا باھارنىڭ بېشى.

## هايات تۈيغۇسى

يەنە بىر سولنى تۈگىتىپ مانا
قىر بېشىغا قاپتىمەن چىقىپ.
ھېسابلىسام قىرىقبەش سولنى
بىر-بىرىگە كەپتىمەن چېتىپ.
ھەر-بىرسولدا ئوخشىمىغان ئىز؛
بىرى گۈلزار، بىرى ئاق-تاقىر.
شاھىت شۇلار كەچمىشلىرىمگە

ئويلاپ شۇلى ئاھ تارتتىم ئاخىر.
ئۇھ! دېمىدىم ئاھ دېگەن بىلەن
قىسمەتلەرنى چۆشەنگەچ ھازىر.
يېڭى سولغا قەدەم تاشلىدىم،
بايراق قىلىپ ئىشەنچ-ئارزۇنى.
تىنىقىم بار-ئاق قالماس ئىزىم،
يېڭىشلارغا ئەمدى مەن قادىر.

ئارسلان

## ئۈچ غەزەل

### بەر پەلەك، ئالەم غېمىنى مەي قىلىپ

توزىغايمۇ ياشلىقىم تاپمايلا ئەپىغاندىن خالاس،
چۆلگە بەند بىچارە بۇلبۇلدەك گۈلىستاندىن خالاس.

ئى پەلەك، ئالساڭمۇ ئال شادلىق، ئويۇن، دۇنيانى ھەم،
ئەت پەقىرنى بىر دەقىقە داغى ھىجراندىن خالاس.

يارنىڭ ئەكسىنى ناۋايى كۆرسە مەيدە مەست بولۇپ،
مەن كۆرەرمەن ھەر خىيال، ھەر جايدا پىنھاندىن خالاس.

يار يۈزىن يۈيغانلىكى سۇ تامچىسىدىن گۈل ئۈنەر،
دىمى خۇش بۇي، كۈلكىسى كۈي، زارۇ-پىغاندىن خالاس.

لەۋلىرى ياقۇت، نەياقۇت، ئوتقۇ، بەرگەي تەپتى جان،
جادۇ كۆزلەر قۇترىتار ھەم بولغىلى جاندىن خالاس.

قەددى شەمشاد، قاشلىرى دار، چاچلىرى سىرتماق، مېنى
بىر بوغۇشتا ئەيلىمەكچى كونا زىنداندىن خالاس.

جانغا پاتتى جاننى قەستلەپ نەيزىدەك كىرپىكلىرى،
ۋەسلى ئەتكەي يا جاھاندىن، يا پەرىشاندىن خالاس.

يىغلىسا ھالىمغا يامغۇرلار، كۆلەر گۈلدۈرماما،
ئەتكىلى بولمايدۇ كۆپ خىللىقنى دەۋراندىن خالاس.

دەردتىن ئۆزگە ھېچنېمە بەرمەس ۋاپاغا بۇ جاھان،
نى ئەجەبكىم بولمىسا گۈلگۈن يېشىم قاندىن خالاس.

تۇت ئارسلانغا پەلەك ئالەم غېمىنى مەي قىلىپ،
جاندىن ئەتسەڭمۇ خالاس ئەت، ئەتمە جاناندىن خالاس.

بەك ئۇزاق ھىجران تۈنى

دەردنى كۆپ تارتقانغا ئىقبال نۇرى ئاخىر يار ئىمىش،
يولۇقۇپ ئاپەتكە ئۆلمەي قالسا ئامەت بار ئىمىش.

يار دېدىم، كۆردۈم بالا - دەرد، كۆرمىدۈم ئامەت، ۋىسال،
كېلىۋەر دەرد، سۆيگۈ ئەسلى دەردكە دوستىمىش، زار ئىمىش.

يار دېدىم، كۆز ۋە قېشىڭ قىلدى قىيامەت روھ ئارا،
سۇمبۇلۇڭ چاچقان ئىپارلار جان ئۈچۈن ئازار ئىمىش.

ئاق سۇزۇك كۆڭلەكنى ئاي بەرگەنمۇ ئالتۇن تاجنى كۈن،
رومالىڭ تاڭنىڭمۇ رەڭدار، تاڭ ساڭا دىلدار ئىمىش.

ماڭا بىر شاھلىق بېرەر بىر كۈلۈشۈڭ ئىللىق قاراپ،
قەست قىلار مەپتۇنلىرىڭ، مەپتۇن كۆڭۈللەر تار ئىمىش.

ناز - كەرەشمەڭ جادۇسىدىن جانغا يەتمەكتە خەتەر،
تاۋۇشىڭ كۈلدۈرگۈچى، يىغلاتقۇچى زىلتار ئىمىش.

كۆز يېشىم يۇيسا ئاياغىڭ چاڭلىرىنى نى ئەجەب،
بەك ئۇزاق ھىجران تۈنى، ئاشىق بۇ تۈندە خار ئىمىش.

ساقى بەر ئاسمان قەدەھىدە ئارسلانغا شاراپ،
بىۋاپا چېھرىن ئايان قىلماققا مەي غەمخار ئىمىش.

## قەيەرگە سىغدىكى نالەم

يېرىپ تۆن قوينىنى چىقتى سۆزۆك نۆر، يورىدى ھەريان،
نەبىر نۆر، نۆركى كۆلگەن ئاي، نە ئاي، بىر ئاي چىراي جانان.

جۆدالىق دەشتىدە بەردى ماڭا ھۆش، ھىدلىرى خۆش بۇي،
نەھۆش، ھۆشكى ئەقىل ـ ئىدرەك، نە ئىدرەك، ئىدىرەكى بىر جان.

قېشى يا، كىرپىكى ئوقتۆر، كۆزى چەشمە، ئۆزى سەرۋى،
نەسەرۋى، سەرۋى، قەدپەرى، نەپەرى پەرىسى ئىسيان.

زىناقى سېھرى تەكتىگە مۆكۆنگەن كۆز بوياپ قاپقان؟
نەقاپقان، قاپقانى ھىجران، نەھىجران، ھىجرانى زىندان.

كېچە ـ كۆندۆز ئازاب چەكتىم، قەيەرگە سىغدىكى نالەم،
نە نالە، نالەئى قان ـ ياش، نە قان ـ ياش، قان ـ ياشى تۇغيان.

يېشىم چاچقۇ يولىغا، ئىككى دۇنيارىم ئاڭا تەقدىم،
نە دۇنيا، دۇنيائى پاكلىق، نەپاكلىق، پاكلىقى ۋىجدان.

ۋاپا ئەيلەپ، ۋاپا ئىزدەپ ئارسلان تاپقىنىڭ كۆلپەت،
نە كۆلپەت، كۆلپەتى قىسمەت، نە قىسمەت، قىسمەتى ئىنسان.



مۇھەممەت باغراش

# ياۋا ئەتىرگۈل

(پوۋېست)

## 1 - باب

يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئالتە ئايلىق يېزىقچىلىق سىمنارىيىسى جەنۇبتىكى بىر كىچىك شەھەردە ئېچىلدى. بۈگۈن سىمنارىيىنىڭ 15 - كۈنى، ئۈچ كۈن ئىلگىرى قوشنا ۋىلايەتنىڭ بۇ مەركىزىگە زىيارەتكە كەلگەنىدۇق، چۈشتىن بۇرۇن شەھەر سىرتىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، ئاپتوبۇستا 4 - 5 سائەتلەپ قېقىلىپ - سوقۇلغاچقىمۇ بەكلا چارچاپتىمەن، مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. بىردەم كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولۇپ خېلى ئۇزۇن ئېغىناپ ياتقان بولساممۇ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى، كاللامدا يازماقچى بولغان پوۋېستىمنىڭ كۆرۈنۈشلىرى غۇۋا لىپىلدايتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئىچىگە تۇرۇپلا مۇشۇ سىمنارىيىگە كەلگەندىن كېيىن ماڭا باشقىچىلا تەسىر قىلغان بىر ئادەمنىڭ سىماسى ئارىلىشىۋالاتتى، مەن ئۇ رېئال ئادەمنىڭ قىياپىتىنى پوۋېستىمنىڭ خىيالى كۆرۈنۈشلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە جان - جەھلىم بىلەن ئۇرۇناتتىم، چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ مېنىڭ يازماقچى بولغان پوۋېستىم بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق ئىدى، شۇنچە قىلسammۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمەيتتى ...

ئۇشتۇمتۇت تېلېفون جىرىڭلىدى، مەن ياستۇقتىن بېشىمنى كۆتۈرمەيلا تومپۇچكىسى ئۈستىگە قولۇمنى سۇندۇم.

— مۇبارەكمۇ سىز؟ — دېدى بىزگە «يول باشلىغۇچى» بولۇپ يۈرگەن نايناق خېنىم ئالدىراپ سۆزلەپ، — شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە زىياپەت بولماقچى، پەستە ماشىنا ساقلاپ قالدى، تېز چۈشۈڭ!

يەنە شۇ زىياپەت، تويىچى خوتۇندەك ئالا قويمايدىكەنسىز - دە، ھېلى پارتكوم، ھېلى ھۆكۈمەت، ھېلى مەدەنىيەت ئىدارىسى، ھېلى مائارىپ ...

مەن ياقامدىن بىرى تارتـقاندەك ئورنۇمدىن زورىغا تۇردۇم ـ دە، يۈز ـ كـۆزۈمنى سوغۇق سۇدا يۇدۇم، ئاندىن كاستۇمىمنىڭ يېڭىنى ساپقاچ ئۆكچەمنى پاياندازغا چىك ـ چىك ئۇرۇپ ياتاقتىن چىقتىم.

راستىمنى ئېيتسام مەن بۇ زىياپەت، كۆتۈۋېلىشلاردىن يەتكۈدەك تويدۇم، ئوخشاش مەنە، ئوخشاش رەڭ، ئوخشاش پۇراقتىكى قارشى ئېلىش نۇتقى. بىزارلىق ۋە تىت ـ تىت ـ لىق ئارىلاشقان قۇرغاق چاۋاكلار، يەپ ـ ئىچىشلەر، زالنىڭ هاۋاسىدا تۇرلۇك تائام ـ لاردىن ئاڭقىۋاتقان تۇرلۇك خۇرۇچلارنىڭ، رەڭگارەڭ ئىچىملىكلەرنىڭ چۈچىمەل ئـۆتكۈر هىدى، ئادەملەردىن كېلىۋاتقان تاماكا، سوپۇن، ئەتىرە ۋە تەر پۇراقلىرى ...

بۈگۈنمۇ شۇنـداق بولدى، زىيـاپـەتتىن كېيىن تانـسا باشلاندى، ئىچـىمـلىكنىڭ كۈچى بىلەن هېسسىياتلىرى قۇترىغان ئەركەكلەر خۇددى تومۇز ئاپتىپىدا ئالدىراپ ـ تېـ نەپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى مۇزدەك دەريا سۈيىگە ئۆزلىرىنى تاشـلىغانـدەك ئايال ـ لار تەرەپكە تاشلاندى، بۇ سورۇنغا تانسا ئۈچۈنلا چاقىرىلغان قىز ـ چوكانلارمۇ دەل شۇ پەيتـ نى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋشقاندەك ئىدى، تۈجۈپىلەپ قىلغان پەردازلىرى ۋە تاللاپ كىيگەن رەڭگارەڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ مودىسىنى ئۇنىسىز دامـلىشىپ، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ ئولتـۇرغان ئايالـلار دەررۇ جانلىنىپ ئۆزلىرىنى تۈزەپ يالـغان تارتىنىش، ئۇياتسىز جىلمىيىش بىلەن ئەركەكلەرنىڭ قۇچاقلىرىغا تىقىلىشتى.

قىلىچىسىمان رەڭدار، گىرىمسەن شولا ئاستىدىكى قىزىغان خۇش خۇي ئادەملەر توپى غايەت زور تۈگمەن تېشىدەك بىر نىشانغا قاراپ شىددەت بىلەن ئايلىنىشىدۇ.

قەپەسكە قامالغان شىردەك ئىچىمدە بىر تىت ـ تىتلىق، بىر يۇلقۇنۇش ئـۆرىدەيتتى. بۇرنۇمـنى بىرى ئېتىۋالغاندەك بىر خىل بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە يۈرىكىم سىيلىپ كەتـتى، مەن بۇ يەرگە پەقەت هېلىقى ئادەمنى كۆزىتىش ئويىدىلا كېلىۋېدىم، ئۇزۇلگەن تونۇشـ لۇقنى ئۇلىماقچى ئىدىم. لېكىن بولمىدى، ئۇ كەلمىگەندەك، ئادەتتە ئادەم كـۆپ سورۇنـ نى، بولۇپمۇ بۇنداق مالىمانچىلىقنى ياقتـۇرمايتتىم، ئاخىر چىدالماي ئورنۇمـدىن ئاستا تۇردۇم ۋە شىرەلەرنى ئارىلاپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسـلىققا تىرىـشىپ زالنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدىم.

## 2 ـ باب

ئاپرېل ئايلىرى ئىدى، ئەمدىلا قۇلاق چىقىرىشقان دەل ـ دەرەخلەر ئەتىگەندىن بۇ ـ يان بىر خىلدا يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇردا يۇيۇلۇپ پاكىزىلەنگەنىدى، باهار بەخش ئەتكەن هاياتى قۇدرەتتىن يايـراپ ـ ياشناپ تۇرغان گۈل ـ گىيـاه ۋە دەل ـ دەرەخـلەر ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئالەمگە تۈغۇلۇش، ئۆسۈش ۋە ياشناشنىڭ خۇشاللىقىنى تارقىتاتتى. مۇ ـ هىتتىن نەم يەرهەم ئوت ـ چۆپنىڭ خۇش بۇي هىدى كېلەتتى، يەڭگىل چىقىۋاتقان شامال بىلەن بىللە تولغاق يەۋاتقان ئانا تەبىئەتنىڭ هەم ئاچچىق هەم تاتلىق ئازاب ئىچىدىكى بەختىيار هاسىرىشى ئاڭلانغاندەك بولاتتى ...

مەن بىر خىلدىكى تۇخۇمسىمان تاشلار ياتقۇزۇلغان تار يولدا كېلىۋاتىمەن. يالغۇز ئاياغ تاش يولنىڭ يۈزىمۇ كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن ئىشقىلاپ يۇيۇلغاندەك نەم، سىلىق ۋە پارقىراق ئىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تەكشى قىرقىلغان ئارچا، ئۇنىڭ نېرىسىدا قارىغاي كۆچەتلىرى يايراپ تۇراتتى، ئارچا ۋە قارىغاي ياپراقلىرىدا توختاپ قالغان يامغۇر تامچىلىرى مەرۋايىتتەك جىمىرلايتتى، يامغۇردىن كېيىنكى تازا هاۋادا بىر ئۆزۈم خىيال سۈرگەچ سەيلە قىلىش خۇشاللىقى ئىچىگە لىق توشقانىدى.

تار يول قارىغاي كۆچەتلىرى بىلەن قاپلانغان كىچىككىنە بىر تۆپىلىككە ئېلىپ كەلدى، بۇ يول تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدىن تاشلاپ قو يۇلغان ئارقاندەك ئارتىلىپ ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى. مەن يول بىلەن تۆپىلىككە كۆتۈرۈلدۈم. تۆپىلىكنىڭ نېرىسىدىكى پەسلىكتە بىردىنلا پىيالىنىڭ ئاغزىدەك يۇپ ـ يۇمىلاق بىر كۆل كۆرۈندى، كۆلنىڭ ئەتراپى پايانسىز كەتكەن قومۇچ، يېكەن بىلەن قورشالغانىدى. مەن تۆپىلىكتە تۇرۇپ يېشىل دائىرە ئىچىدە ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان كۆلگە ئىشتىياق بىلەن كۆز سالدىم. كۆل يۈزىدە بىرتوپ ياۋا ئۆردەك ۋە چۆمگەكلەر ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇ كۆل رومانلاردا، رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەندەك يېشىل ئالۋۇن، ساماۋى گۈزەللىك ۋە بىر خىل يېشىل رومانتىكا ئىچىگە غەرق بولۇپ تىمتاس پارقىراپ ياتاتتى.

قەلبىمدە بىر خىل ئازادىلىك تۇيغۇسى مەۋج ئۇردى. ئۇشتۇمتۇت بىر ئادەمنىڭ كۆلنىڭ لېۋىدىلا كۆل تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم، شۇ هامان قەلبىمدىكى ئازادىلىك تۇيغۇسى ۋە مۇشۇ يېشىللىق بەخش ئەتكەن خۇشاللىق تۇيۇقسىز سوققان كۈچسىز لېكىن بىلىنەرلىك شامال بىلەن سەلگىنە چايقالغان كۆل يۈزىدەك داۋالغۇپ كەتتى. قىزغىنىش تۇيغۇسى كۆڭلۈمنى ئارامسىزلاندۇردى.

مەن بۇ «قارانچۇق» تىن قۇتۇلۇپ يىراقراق كېتىش ئۈچۈن تۆپىلىكتىن چۈشتۈم. كۆل تەرەپكە يېقىنلاپ كەلگىنىمدە ھېلىقى ئادەمنىڭ گەۋدىسى نېمىشقىدۇر مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭ گەۋدىسى تار، بەكلا ئەتسىز ۋە سەل مۈكچەيگەنىدى. دۈمبىسىنىڭ سىرتى ھەتتا ئۇنىڭ ئومۇرتقا ئۆزەكلىرى تۈگۈر ـ تۈگۈر بولۇپ بىلىنىپ تۇراتتى، دېمەك بۇ ئادەم ئورۇق، پاكار، ۋىجىككىنە بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بېشى ئالدىغا سېلىنغانىدى، تۇرقىدىن ئويغاق ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، مۇبادا ئويغاق بولسا ئۇ شۇدەمدە دۇنيانى تاماملا ئۇنتۇپ، تېگى ۋە چېكى يوق خىيال ئىچىگە چۆكۈپ، ھوردەك تىترەپ، ھاۋا ۋە تۇمانغا ئارىلىشىپ ئېرىپ، سىرغىپ سۇغا قوشۇلۇپ، ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپ يېشىل رەڭ بىلەن سىڭىشىپ مۇشۇ ھۆل، غەمكىن، پەرىشان ۋە خىيالچان بوشلۇق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك ئىدى.

ئۇ شۇ ئولتۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىدا مۈگدىنىپ ياتقان كۆل ئىچىدىن نېمىنىڭدۇر ۋە كىمنىڭدۇر ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك، يا بولمىسا كۆل ئاسمىنىنى قاپلاپ تۇرغان ئاشۇ كۆلرەڭ بۇلۇت ئىچىدىن كىمنىڭدۇر كۆل بويىغا چۈشۈپ كېلىشىنى تەشنالىق ۋە زارىقىش ئىچىدە كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى، ئۇ نېمىنى كۈتىدۇ؟ سۇ پەرىسىنىمۇ؟ ئەرش مەلىكىسىنىمۇ؟ ياكى قاچانلاردىدۇر بىر سەۋەب بىلەن تەن

قەپەسدىن چىقىپ كەتكەن ۋە بۈگۈن نەلەردىدۇر تېنەپ يۈرگەن ئۆزىنىڭ يېگانە روھـ
نىمۇ؟ ئۇنى مۇشۇ يېگانىلىق ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى ئېسىدىن چىقارغۇزۇپ ئۇنىڭ دىلـ
نى ئېزىۋاتقان كۈتۈشنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ ...
مەن ئۇشتۇمتۇت ئۇيۇلۇپ قالدىم. بىراۋنى مەخپى كۈزىتىش بىلگەن ئادەمگە تولـ
مۇ ئەخلاقسىزلىق ئىدى، مەن ئۇ كىشىنىڭ تۇيۇقسىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ سېلىشىـ
دىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆزۈمنى چەتكە ئالماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم، دەل شۇ
چاغدا ئۇ ئادەم مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا لاپىپىدە قارىدى، مەن
چۆچۈپ كەتتىم. بۇ ھېلىقى ئادەم ئىدى، نېمىسى بىلەندۇر مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان ئادەمـ
نىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى تەشنائى. مۇشۇ سىمىنارىيىگە كەلگەن يازغۇچى، مەن
بۇ يەرگە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم ... نېمىشقا؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

## 3 - باب

سىنارىيىگە كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بىزنى بىر مەنزىرىلىك رايونىغا ساـ
ياھەتكە ئېلىپ بارغانىدى. بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان قەدىمكى زاماندىن قالـ
غان غايەت زور قەلئە ئىدى، بۇ يەردە قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋاقتىدا ئاۋات مەھەلـلە
بولغانىكەن، قەلئەنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ياۋا ئۆرۈك، ياۋا ياڭاق، ياۋا ئالما دەرەخلىرى بارـ
كەن، بۇ مېۋىلىك باغنىڭ يېنىدىن كىچىكرەك بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدىكەن. يازغۇچىلار بۇ
يەردە بەس - بەس بىلەن رەسىمگە چۈشۈشتى، ھەر كىم بۇ مەشھۇر سەييىگاھتىن بىرەر
خاتىرە قالدۇرۇشقا قىزىقاتتى.
مەن مۇشۇ پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە تۇرۇپ ئىختىيارسىز ھالدا بىر كىشىنى ئېسىمىگە
ئالدىم، ئۇ 36 — 38 ياشلار ئەتراپىدىكى ۋىجىككىنە بىر ئادەم ئىدى، بۇ ئادەم مۇشۇ
بىر نەچچە كۈنلۈك پائالىيەت داۋامىدا ھېچقانداق كىشىگە بىرەر ئېغىز بولسىمۇ سۆز
قىلىپ باقمىدى، ئۇ ئادەملەرگە يېقىن يولىمايتتى، ئاپتوبۇستا، يىغىن زالىدا، تاماقخانىدا،
ياكى ھەممىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ياكى ئەڭ ئارقىسىدىكى بۇلۇڭدا تىقىلىپ ئولتۇرۇـ
ۋالاتتى. سورۇنغا بولسا ھەممىنىڭ ئالدىدا كىرىۋالاتتى - دە، بىر كەمدە ھېچكىمـ
گە تۇيدۇرماي غىپپىدە كېتىپ قالاتتى.
مەن ئۇ ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە خۇدايىمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ۋە
پەرىشتە تەزىم قىلغۇدەك دەرىجىدە سۈباتلىق قىلىپ ياراتقان ئەڭ نادىر ئەسىرى بولـ
مىش ئادەملەر توپىغا بۇقەدەر كۆرۈمسىز، بۇ قەدەر بەد بەشىرە مەخلۇقنىمۇ ئارىلاشـ
تۇرۇپ يارىتىپ قويغىنىغا ھەيران قالغانىدىم.
ئۇنىڭ پۇت قوللىرى بەكمۇ كالتە ئىدى، يۈزىنىڭ بىر يان تەرىپىدە چېكىسىدىن
تارتىپ ئېڭىكىگىچە تارتىلىپ چۈشكەن چوڭقۇر تاتۇق ئۇنىڭ بىر يۈزىنى چەپ كۆزى
بىلەن قوشۇپ كەسكىن رەۋىشتە ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىغان، تاتۇق باشلانغان چېكىسى ئۇۋاـ
تۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بىر كۆزى گۇنىسىز پارقىراپ تۇراتتى، بۇ ئادەمنىڭ قىياپىـ

تى مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىر قاراشتىلا ئەسكى قىلغاندى. بۇ ئادەمنىڭ ئىشۇ بەدبە-
شىرەسىمۇ ياكى ئۇنىڭ خۇددى بۆرىدىن قورققان قوزىدەك ئادەملەردىن چەتلەپ، ئۆزىنى
تارتىپ يۈرۈشلىرىمۇ ئەيتاۋۇر ئۆزۈممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئاللىقانداق بىر
يېرى تۇرۇپلا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، مەندە «بۇ قانداق ئادەم؟ ئۇنى بىر چۈشە-
نىپ باقايچۇ» دېگەن بىر ئىستەك قوزغالدى، بۇ بەلكىم مېنىڭ يازغۇچىغا خاس كەسپىي
ئىقتىدارىمدۇ، ئىشقىلىپ مەن ئۇ ئادەمنى يىراقتىن كۆزىتىشكە باشلىدىم، پۇرسىتى كەل-
سە تونۇشۇپ قېلىشنىمۇ خالايتتىم. لېكىن شۇ كۈنگىچە مانا شۇنداق پۇرسەت توغرا كەل-
مىدى. چۈنكى ئۇ مەندىن، توغرىراقى ھەممىمىزدىن قېچىپلا يۈرەتتى، مەن باشقىلارنىڭ
ئۇنى يوقنىڭ ھېسابىغا چىقىرىدۇەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم ــ ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا
ئالمايتتى، ئۇنى ئىزدىمەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن مەيلى تۇرمۇش، مەيلى ئەدەبىي تېمىلاردا
مۇنازىرە قىلمايتتى، ئۇ گويا ھايات تەرىپىدىن، كىشىلەر تەرىپىدىن، سىمىنارىيە تەرىپى-
دىن تامام ئۇنتۇلغانىدى. لېكىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ
قىلىشقا باشلىدى، مەن ئۇنىڭغا بەكلا قىزىقىپ قالدىم.

بۈگۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى، رەسىمگە چۈشۈش باھانىسىدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋې-
لىش مۇمكىن ئىدى، شۇڭا مەن، مېنى بىللە سۈرەتكە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىۋاتقانلار-
دىن مىگىبىر بالادا قۇتۇلۇپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدىم، بۈگۈن مېنىڭ ئۆز ئىستىكىمنى
ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىدى، بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەم بولمايتتى...

ئۇ ئادەملەر توپىدا كۆرۈنمەيتتى، بىر چاغدا مەن ئۇ ئادەمنىڭ ياۋا ئۆرۈكلۈكنىڭ
قارشىسىدا، قوپال ۋە كېلەڭسىز قورام تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئارقىسىنى دەرياتەرەپكە قىلىپ
بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ شۇ تاپتا گويا ئادەم ئەمەس ئەكسى-
چە ئۆز ئەتراپىدىكى ئاشۇ سېزىمسىز، قەدىرسىز، ئۇنتۇلغان تەسىرسىز قورام تاشلارنىڭ
بىرى ئىدى.

ئىچكى ھوزۇرلىنىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئادەم ئەڭ بىچارە ئادەم. بۇنداق ئادەم
جەننەتتىمۇ ئۆزىگە خۇشاللىق تاپالمايدۇ. ھاياتتىن ئۇنىڭغا ھەممىلا نەر-
سە ئۆلۈك، جانسىز، ئەھمىيەتسىز كۆرۈنىدۇ. بۇ شىزنىڭ ئۇچۇنكى بۇنداق ئادەمنىڭ
قەلبى ئاللىقاچان ئۆلگەن، مەن ئاشۇ ئادەمنىڭمۇ ئۆزىدىن ئاۋۋال قەلبى ئۆلگەن بىر
ناتىۋان ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغانىدىم، «بۇ قانداق غەلىتە ئادەم؟ ئۇ نېمىنى ئويلايدۇ،
ئۇ نېمىشقا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان؟ ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋە-
ۋەب بولغان سىرلىق كەچمىشلەرنى كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالىمامدۇ؟ نېمىشقا؟»
دەپ ئويلايتتىم مەن ئۇ ئادەم توغرىسىدا پات - پات.

مەن يېنىمدا ئاپپاراتىغا لېنتا ئالماشتۇرۇۋاتقان ئىرشاد ئەپەندىدىن سورىدىم:

ــ ئاۋۇ كىشىنى بىلەمسىز؟ ئۇ كىم بولىدۇ؟ ــ مەن قارشىمىزدىكى ھېلىقى كىشى
زوڭ قاغىدەك ئولتۇرغان قىيا تاشلارنىڭ ئارىسىنى ئىما قىلدىم، ئىرشاد ئەپەندى ئۇ
تەرەپكە قارىدى ۋە ھەيران بولغاندەك سورىدى:

ــ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاپسىزغۇ؟ تۇرغانلا بىر مەنىسىز ئادەم.

— ئىسمى كىم؟ شائىر مۇ؟

ئېرشاد ئەپەندى شېئىرلىرىنىڭ تەمسىز، قۇرۇق ۋە كېلەڭسىز بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنى بىرلا شائىر سانايدىغان شۆھرەتپەرەس، ماختانچۇق، ئىچى تار ئادەم ئىدى. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا مەنسىتمىگەندەك قىلىۋاتقان ئىشىدىن بېشىنى كۆتەرمەيلا زورغا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق ئادەمدىن شائىر چىقامدۇ؟ سىزمۇ قىزىقىدىكەنسىز... ئانچە-مۇنچە ھېكايە دېگەن نېمىلەرنى يازسا كېرەك. ھېلىقى نېمىتا؟ ھە... تەشنائى دېگىنى شۇ ئىكەنغۇ؟ — ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى، مەن ئۇنىڭ كۈلكىسىگە پەرۋا قىلماي ئالدىراپ سورىدىم:

— ھېلىقى «تەشنائى» مۇ؟

— نېمانچە ھاياجانلىنىسىز ئۇكا، ھېلىغۇ «تەشنائى» ئىكەن، «چاڭقاقى» بولسىمۇ نېمە بوپتۇ؟ بەربىر سىزگە يەتمەيدۇ-دە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا ئادەم سىياقى بولسىچۇ كاشكى؟ — ئېرشاد ئەپەندى بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ ھىجايدى.

مەن ئېرشاد ئەپەندىنىڭ چىرايىغا نارازىلىق بىلەن لاپپىدە قاراپ قويدۇم. ئۇ شۇ ھامان جىم بولدى.

تەشنائى مەن ھۆرمەت قىلىدىغان ناھايىتى ساناقلىق يازغۇچىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان پىكىرلىرى ھەر دائىم مېنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مۇڭ-زار، ھەسرەت ۋە پىغانلار بىلەن لىپاسلانغان گۈزەل مىلودىيە بەئەينى يۈرەككە سانچىلغان پىچاق تۈۋىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل ۋە ئىسسىق قاننىڭ شىرقىراپ تارام-تارام يول بولۇپ ئېقىشلىرىنى يادىمغا كەلتۈرۈپ يۈرىكىمنى لەرزىگە سالاتتى، مەن تېخى مۇشۇ سىمىنارىيىگە كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ «نىدا» ناملىق يېڭى پوۋېستىنى ئوقۇپ تۈگەتكەنىدىم.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ تاقىر تاشلىقتىكى يېگانە ۋە بىچارە قىياپىتىدىن ئۇنىڭ «نىدا» پوۋېستىدىكى باش قەھرىمان مەسۇمنىڭ مىجىلغان، پەرياد چەككەن، زارىقىش ۋە تەشنالىق، قايغۇ ھەم ئازاب ئىچىدە ھايات ۋە ئادەملەرگە ئايانچلىق ئاۋاز بىلەن نىدايۇ رىجا قىلىۋاتقان نىمجان، ئاجىز، چەيلەنگەن، ئۈمىدسىز روھى ھالىتىنى ئاپ-ئاشكارا كۆرۈۋاتاتتىم.

مەن ئىختىيارسىز ھېلىقى تاشلىققا، ئۇ ئولتۇرغان مۇڭلۇق خىلۋەتكە قاراپ ماڭدىم.

مەن ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىنلاپ كەلسەممۇ ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلمىدى. ئۇ بېشىنى سالغىنىچە بىر پارچە قورام تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىدىن بىرخىل نامراتلارچە مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى، كۆڭلۈمنى نامەلۇم بىر پەرىشانلىق ئىگىلىۋالدى.

— سالام تەشنائى... — مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدىم. ئۇ چۆچۈپ كەتتى. مەن خېلى يىراقتىن شەپە بېرىپ كەلگەنىدىم، ئۇنىڭ سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنىڭ نېرۋىسىنىڭ تولىمۇ زەئىپ ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. ياكى ئۇ، ئۆز ئەتراپىدا سادىر بولغان ھەر قانداق ھادىسىنى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز دەپ قارامدىكىن؟ ئۇ ئارقىسىغا شارتتىدە قايرىلدى-دە، مېنىڭ راستىنلا ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىۋاتقىنىمغا ئىشەنمىگەن-

دەك ماڭا ھەيرانلىق ئىچىدە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدىم ۋە . كۆلۈمسىرىگىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ قولۇمنى سۇندۇم، ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا مېنىڭ باشقىسىغا ئەمەس دەل ئۇنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقىنىمغا كۆزى يەتتى بولغاي، ئورنىدىن پۈرژىن تېپىۋەتكەندەك چاچراپ قوپۇپ مەن بىلەن جەنۇبلىۋقلارنىڭ ئادىتى بو- يىچە ئىككى قوللاپ قول ئېلىشتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قىزلارنىڭكىدەك ئەتىسىز، ئىنچىكە بارماقلىرىنىڭ ياز كۈنى بولۇشىغا قارىماي مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ بارماقلىرى مېنىڭ قىزدىق، كۈچلۈك ۋە دىدىل سىقىمىمدا كۈچسىز تىترەيتتى، مەن ئۇ- نىڭ چىرايىغا تۇنجى قېتىم يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سەپسالدىم. ئۇنىڭ چىرايى مەن يې- راقتا تۇرۇپ تەساۋۋۇر قىلغىنىمدىنمۇ بەتتەررەك ئىكەن.

— سىز ... سىز ... قېنى، ئولتۇرۇڭ ...

ئۇ خۇددى بىرەر ناباپ ئىش بىلەن دادىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئۆسمۈر- دەك ھولۇقۇشتىن تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ كىچىككىنە كىرپىكسىز كۆزلىرى مېنىڭ ئۆتكۈر قارىشىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىچارىلەرچە پىلدىرلايتتى، پېشانىسى ۋە چېكىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى، ئۇنىڭ چېچەك ئىزى باسقان سۇلغۇن يۈزىدە بىرخىل ئۇيات، تەڭقىسلىق، ئىزتىراپ ۋە بىئارامىلىق ئەكسىلىنەتتى.

— ئولتۇرۇڭ ...

ئۇ مېنىڭ ئالقانلىرىمدىن قولىنى تارتىۋېلىپ يەرگە قاراپ تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قورقۇپ كەتكەندەك ئەنسىز ئىدى.

مەن شۇ دەمدە ئۆزۈمدە زاھىر بولۇۋاتقان تەسىراتىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەتەي بىپەرۋا ۋە بەھوزۇر تۇتۇشقا تىرىشتىم، مەن ھېچ تەكەللۇپ قىلمايلا ئۇ كۆرسەتكەن تاشقا ئولتۇرۇپ ئۇنى تەكلىپ قىلدىم:

— بىرەر ئەسەر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك، پىكرىڭىزنى چېچىۋەت- تىم-دە ... — دېدىممەن ئەيىپكارلارچە كۆلۈمسىرەپ ۋە ئاۋازىمنى ئىمكان بار سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ.

مەن ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتىمۇ ئۇنىڭغا دوستانە قىياپەتتە كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتىم، ئۇ مېنىڭ قىلىقلىرىمدىن بىرەر غەيرىي تەبىئىيلىكنى سېزىۋالدىمۇ ياكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئادەتلەنمىگەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر بىردىنىلا ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە ئۇنى- چىقماي ئۆز ئورنىغا ئولتۇردى، ئاندىن ئايىغى ئاستىدىكى ئۇششاق شېغىللارنى ساناۋاق- چى بولغاندەك كۆزىنى يەرگە تىكتى، مەن قول ياغلىقىم بىلەن يۈزۈمنى يەلپۈگەچ ئويلى- نىۋالدىم. گەپنى نەدىن باشلىشىم كېرەك؟ مەن ئاۋۋال ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم، ئاندىن ئۇنى ئۆزۈمدىن بۇيان بىلىدىغانلىقىم، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم توغرى- سىدا سۆزلىدىم.

مەن ئىسمىمنى چىقارغىنىمدا ئۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ھەيران بولغاندەك ماڭا لاپپىدە قاراپ قويدى، ئاندىن يەنە بېشىنى سېلىۋالدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغ- رىسىدا سۆزلىگىنىمدە بولسا قورۇنغاندەك بولۇپ شۈمشىيىپ كەتتى. ئاخىردا تېخى يېقىن-

راقلا ئوقۇپ تۈگەتكەن پوۋېستى «ئىدا» ھەققىدە سۆز ئاچتىم، مەن بۇ پوۋېستنىڭ تېمىسى، قۇرۇلمىسى، تىلى ھەققىدە سۆزلىدىم، ئۇ بايىقىدىن سەل روھلانغاندەك بولۇپ ماڭا پات-پات قاراپ قويدى. لېكىن نېمىشقىدۇر يەنىلا ئۈنچۇقمىدى، مەن «ئاشۇ پوۋېستىڭىز ئىچىگە بىر پىكىرنى ئەمەس گويا بىر ئادەمنى، ئارزۇ ۋە ئارمان ئىلكىدە ئىڭراۋاتقان بىر جاننى تىرىك ھالىچە كۆمۈپ قويۇپسىز، ئىشىنىمەنكى ئۇ ئادەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە پوۋېستىڭىزنىڭ ئىچىدىكى سىز كۆمۈۋەتكەن ھۆل، يېپىشقاق ۋە بىخسىق تۇپراق ئىچىدىن، قايغۇ ۋە ئەلەمنىڭ پاتقاقلىرى ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ھاياتقا، تۇرمۇشقا، بىزنىڭ ئارىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ... ئۆزى تەلپۈنگەن ئۇپۇققا قۇياش بولۇپ كۆتۈرۈلىدۇ!» دېدىم «چۈنكى ئۇ ئادەم، — دېدىم يەنە، — يالغۇزلۇقتىن ئىرادە تاپقان ئادەم ئىكەن، ئۇ قورۇقچىنى ئېگىپ تاشلايدىغان ئىرادە ئىگىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ قايىرىلماس ئىرادىسى ئۇنىڭغا جەبرىي-جاپا، مۇشكىلات ئىچىدىن ھايات قۇچۇقىغا، ئىللىق زېمىنغا داغدام يول تېپىپ بېرىدۇ...»

تەشنائى بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىغا، جەنۇبنىڭ تاۋلىق ئاپتىپىدا كۆيجۈپ، ئېسىلىپ، پارتلاي دەپ قالغان قوغۇشۇندەك ئېغىر ھاۋانى كۆتۈرەلمەي ھالسىز تىنىپ ياتقان تاقىر بوشلۇققا تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى ئۇ يەردە، ئاشۇ شاش، تۇتقۇزماس ۋە ھېيلىگەر ئالۋۇن ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان نېمىدۇر بىر نەرسىگە ئۈمىدسىز، ئېچىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە رەھىمسىزلەرچە قادالغانىدى. مەن ئۇنىڭ قارىچۇقىدا سوغۇق، ھۆل ۋە زەھەرلىك بىر يالقۇننىڭ چېقىنداۋاتقانلىقىنى ئوچۇق سەزدىم.

— بەرىبىر ...! ئۇنىڭ كۆرۈدىغان قىسمەتلىرىنى ۋاقىتتىن سورايمىز ... پەقەت شۇلا، ئاشۇ ۋاقىتلا بىلەر ... — ئۇ يەڭگىل ئەسكەن شامالنىڭ قالدۇق شەپىسىدەك ياق، قىياغا يامىشىپ چىقىۋاتقان چۆمۈلىنىڭ ئايىغىدىن شىرقىراپ چۈشكەن قۇرغاق، يۇمشاق ۋە ئۆلۈك توپىنىڭ شىرقىرىشىدەك كۈچسىز، تەسىرسىز ۋە ساداسىز قىلىپ شىۋىرلىدى. ئۇنىڭ قۇرغاق لەۋلىرى قانسىزلىنىپ كەتكەنىدى.

ھاۋا ئۇيۇشۇپ قالدى، ئىسسىق قېتىپ قالدى، ئالۋۇن بارغانسېرى بىز تامان سۈرۈلۈپ بىزنى، تاشنى، ھاۋانى، ئىسسىقنى — بىز ئىگىلەپ تۇرغان سۈكۈتلۈك بوشلۇقنى چىرمىۋالدى، مەن چىدامسىزلىنىپ ياقامنى يېشىۋەتتىم.

تاغ جىلغىسىدىكى قەدىمىي ياڭاقزارلىقتىن كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق سايرىشى ئاڭلاندى.

مەن چۈشىنىكسىز بىر كەيپىيات ئىچىدە بېشىمنى بۇراپ تەشنائىغا قارىدىم، ئۇ گويا تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك، ئالدىمىزدىكى كەڭلىككە تىكىلگىنىچە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چېھرىسىدە بىر تەرسالىق، بىر شەپقەتسىزلىك ۋە پەقەت مېتال ھەم تاشتىلا بولىدىغان سوغۇق، جاھىلانە ۋە قۇدرەتلىك ئۆزگەرمەسلىك؛ ھېسسىياتسىز، چۈشىنىكسىز ۋە چوڭقۇر بىر ئىپادە قېتىپ قالغانىدى. گەرچە مەن ئۆلۈۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ يېڭىلا جېنى چىققان مېيىتنىڭ چىرايىنى مانا مۇشۇ ھالدا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.

— خالىسىڭىز ... ئىككىمىز بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈۋالساق دەيمەن، — مەن تەسلىكتە خىرقىرىدىم، ئۇ ماڭا چۆچۈپ قارىدى.

— نېمە؟ سىز ... مەن بىلەن سۆرەتكە چۈشەمسىز؟ — ئۇنىڭ كۆزى، ھەيرانلىق ئىچىدە چەكچىيىدى، مەن چىن دىلىمدىن كۈلۈمسىرىدىم.

— شۇنداق، سىز بىلەن. بەكمۇ خالايتتىم.

مەن كۈلۈشۈمنىڭ جەزبىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، كەيپىم ئەڭ ناچار ئەھۋالدىمۇ بىرسىنىڭ كۆزىگە قاراپ جىلمىيىپ كۈلسەم ئۇ كىشى ئەسلىدە قانداق كەيپىياتتا تۇرغان بولمىسۇن ئاشۇ كۈلۈشۈم بىلەن، ئۇنىڭغا دەررۇ تەسىرىمنى ئۆتكۈزەلەيتتىم.

مەن ھازىرمۇ شۇنداق قىلدىم، مەن تەشنائىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئىچىمدە «ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزنى زاڭلىق قىلمىدىم، سىزنى چەكسىز ھۆرمەتلەيمەن، سىز مېنىڭ نەزەرىمدە ئەڭ ھۆرمەتلىك يازغۇچىسىز ... مەن سىز بىلەن چىن دوستلاردىن بولۇپ تېلىشىنى خالايمەن ...» دەپ تەكرارلاۋەردىم. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ مېنىڭ كۆزۈمگە مىقتەك قادالغان قەھرلىك كۆزلىرى ئاستا-ئاستا مۇلايىملاشتى. مەن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا دەسلەپكى يەڭگىلگىنە ئىشىنىش ھەم يۇققا خۇشاللىقنىڭ ئاستا-ئاستا يېيىلىپ، توپلىنىپ كىشى ئېنىق ھېس قىلالايدىغان بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. شۇ ھالچە خېلى ئۆتكەندىن كېيىن تەشنائى بايىقىدەك شىۋىرلىدى:

— رەھمەت، رەھمەت سىزگە...

ئۇنىڭ ئاۋازى قىزىق، دولقۇنلۇق ۋە سىلىق ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىېرشاد ئەپەندىنى بىزنى سۆرەتكە تارتىپ قويۇشقا تەكلىپ قىلىپ چاقىردىم.

ئىېرشاد ئەپەندى پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى، مەن تەشنائىنى قولىدىن تارتىپ دېڭىزدەك تۇرغۇزدۇم ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولۇمنى ئۇنىڭ مۆرىسىگە قويۇپ ئۇنى ئۆزۈمگە يېقىن تارتتىم. تەشنائى خۇددى ئۆسمۈر بالىدەكلا مېنىڭ قولتۇقىمغا تىقىلدى، ئىېرشاد ئەپەندى قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە ئاپپاراتنى بىزگە توغرىلىدى، ئۇ مەندەك بىر يىگىتنىڭ تۇرۇپلا تەشنائىدەك كۆرۈمسىز، نىمجان ۋە تاشلاندۇق ئادەم بىلەن بىرلىكتە رەسىمگە چۈشمەكچى بولۇۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتى.

مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ يېقىنراق تارتتىم، ئۇ شۇ تاپتا چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي ئۆزىنى پۈتۈنلەي مېنىڭ ئىختىيارىمغا تاپشۇرۇۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ ماڭا يېپىشىپ تۇرغان تېنى ياپراقتەك تىترەيتتى، ۋۇجۇدۇمدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ئۆزۈمنىڭ كۈچلۈك، ساغلام، بېجىرىم ۋە كېلىشكەن بىر يىگىت ئىكەنلىكىمنى باشقا ھەر قانداق چاغدىكىدىن تېخىمۇ ئوچۇق ۋە ئاشكارا سېزىش، ھەم ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى يۇرىكىمنى ئوينىتىۋەتتى، بىلىشىمچە تەشنائى مېنىڭ ئاشۇ ساغلاملىقىم، يىگىتلىكىمنىڭ نەۋقىران گۈزەللىكى ئالدىدا تىترىمەكتە ئىدى — مەندەك سۇباتلىق ۋە مەغرۇر بىر يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان بۇنداق دوستانىلىقى ئۇنى گاڭگىرىتىپ ھودۇقتۇرۇۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ بۇنداق بەختتىن بەھرىمەن بولۇشى ھاياتىدا تېخى تۇنجى قېتىمدۇر، بەلكىم!

مەن تەشنائىغا خۇشاللىق بىلەن سىڭا بېقىپ كۈلۈمسىرىدىم، ئۇ ھودۇقۇش، ئۇيۇلۇش ۋە قورۇنۇش ئىچىدە ئالدىغا قاراپ چەكچىيىپ قاپتۇ، مېنىڭ شۇ مىنۇتتىكى خۇشاللىقىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تىلەمچىگە پۇچۇق يارماق تاشلاپ بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ بۇ مەرت-

لىكىدىن سۆيۈنۈپ ھاياجانلىنىۋاتقان خەسىس دۇكانچىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن مەنىداش ئىدى ...

شۇنداق قىلىپ مەن تەشنائى بىلەن دوستلىشىۋالدىم.

## 4 - باب

لېكىن تەشنائى شۇندىن كېيىن مېنىڭ كۆتكىنىمنىڭ ئەكسىچە مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋەردى، پەقەت بىر-ئىككى قېتىم سالام قەرزىمنى قايتۇرۇپ بەرگەندەك يىراقتىن زورىغىلا سالام قىلىپ قويدى. بۈگۈن بۇ يەردە، ئۆزۈمگە تىنچلىق ئىزدەپ يۈرگەن ۋە ئۆزۈم خالىغىنىمدىن ئارتۇقراق دەرىجىدە مېنى سۆيۈندۈرگەن بۇ ئاسايىش مۇھىتتا خۇددى كېلىشىپ قويغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشتۈم. ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزۈم كۆزلەپ يۈرگەن ۋە بۇ يەردە چاپىمۇ-چاپ يولۇقۇپ قالغان بۇ رەزگى گەۋدە مېنى خۇشال قىلدى. مەن خۇشال كۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىم.

— سالام تەشنائى، راھەتنى سىزلا ئاپسىز جۇمۇ!

تەشنائى زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى:

— سىزمۇ... بۇ يەرگە كەپسىز-دە ...

ئۇ كۆل قىرغىقىدىكى بىر پارچە ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى.

— بۇ يەردە ئولتۇرسام بولامدۇ؟

ئۇ سەل سۈرۈلۈپ ئورۇن بەردى:

— يېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ...

مەن ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىدىن ئىسەنكىرەپ قالدىم. ئۇ چاقچاق قىلىۋاتامدۇ؟ ياكى تەنە قىلىۋاتامدۇ؟ مەن ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە كۆلنىڭ كۆپكۆك يۈزىگە نەزەر تاشلىدىم.

— نېمىدېگەن جىمجىت-ھە؟! چىن مەنىسى بىلەن شېئىرى جىمجىتلىق ...

— ھايات ۋە ئۆلۈم بىلەن سىرداشقا ئەڭ مۇۋاپىق جاي ...

تەشنائى يەنە شۇ چۈمۈلىنىڭ ئايىقىدىكى ئۆلۈك توپا شىرقىرىغاندەك شىۋىرلاپ قويدى، ئۇ باياتىن بېرى ماڭا بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆلنىڭ ئىچكىرىسىگە، قويۇق مانان ئىچىگە كۆمۈلگەن ئۆلۈك بوشلۇققا تىكىلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ ھەر قاچانلا يىراققا، يىراقتىكى بوشلۇققىلا قادىلىپ ئولتۇردىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم، بۇ ئارىلىق كونكرېت ۋە مىكرولۇق مەناسىدىكى بوشلۇق ھەم «ھازىر» ياكى «شۇ مىنۇت-شۇ تاپ» مەناسىدىكى ۋاقىت چېگرىسىدىن ناھايىتىمۇ ئۇزاقلاپ كەتكەن چەكسىزلىك ئىدى. ئۇ ئاشۇ «چەكسىز» لىكتىن ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئىزدەمدىغاندۇ ياكى كېلىچىكىنىمۇ؟ بۇ تارتىشىمۇ؟ ياكى تەلپۈنۈش؟

— نېمىشقا ئۆلۈم بىلەن؟ سىزگە ئۆلۈم بىلەن سىرداشىش ياقامدۇ؟ مۇشۇنداق ھايات جەزىبىسى جۇلالاپ ياتقان بىر قەدىردان ۋە مۇنەۋۋەر مۇھىت ئىچىدە ئۆلۈم ۋە-

ھىممىسى بىلەن كۆڭۈل ھوزۇرىنى دۇغلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ — مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىمىدىم. مېنىڭ ئاھاڭىمدا تالىشىش ئىستىكى ئەمەس، چۈشىنىش ۋە بىلىشكە ئىنتىلىش تىلىكى، بىر تەلەپ مەناسى ئىپادىلەنگەنىدى.

تەشنائى ئۇنچىقمىدى، يىراقتا، ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان ياۋا ئۆردەكلەر غەمسىز غاقىلداپ قويدى، بىر قارلىغاچ قەيەردىندۇر ئۇشتۇمتۇت شۇڭغۇپ چۈشۈپ، كۆلنىڭ كۆپكۆك بېتىنى قاراۋەنوزۇك قاناتلىرى بىلەن جىجاپ قويۇپ يەنە يىراققا ئۇچۇپ كەتتى، سالقىن ۋە نەم شامال ئەتراپىمىزدىكى قېلىن قومۇش ھەم يېكەنىنىڭ ئەمدىرەك پاقلان بولۇشقا باشلىغان بەرگى ياپراقلىرىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ سىلىكىپ قوياتتى، مۇھىتتىن يەنە يامغۇر شەپىسى كېلىۋاتاتتى.

— سىز ئەسەرلىرىڭىزدە ئۆلۈم توغرىسىدا يازمىسىڭىزمۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئۆلۈمنىڭ تىمۇشىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن، سىز نېمىشقا ...

— سىز نېمىشقا خۇددى قەدىرلىك دوستىڭىزنى زارىقىپ كۈتكەندەك، ئۆلۈم تەرەپكە بۇنچىلىك تەلپۈنىسىز دېمەكچىمۇ سىز؟ — تەشنائى سۆزۈمنىڭ بېلىگە تەپتى. ئۇ ھىردىنىلا غەزەبلىنىشكە باشلىغانىدى، مەن جىم بولدۇم.

— سىز مېنى ئۆزىگە ئۆلۈم ئىزدەپ يۈرگەن بىر جان كەچتى ساناپ، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، ساختا مەردلىك تەشنالىقىڭىزنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئارقامدىن پايلاپ يۈرۈۋاتمايدىغانسىز؟

مەن ئۇيات ۋە تەڭقىسلىقتىن غەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭغا كەسكىن بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئۇ ماڭا كىچىككىنە جىرتاق كۆزلىرى بىلەن خۇددى يەۋىتىدىغاندەك چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى، بۈگۈن ئۇنىڭ قاراشلىرى نېمىشقىدۇر دىدىل ۋە جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدە مەن ئويلىغاندەك غەزەپ ۋە ئەسەبىيلىك بىلەن بىللە يەنە سۆلەتۋاز بەگلەرچە كەمسىتىش، كۈچلۈكلەرچە خاتىرجەملىك، ھازازۇل خوتۇنلارچە بېشەملىك ۋە ئۆيىگە كەلگەن قايسى بىر مېھمانىنى ئۆز خانىسىدا ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇۋالغان ساھىبخانچە ئاشكارا مەسخىرە، ساختا ئىچ ئاغرىتىش ھەم ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىش تۇيغۇسى نامايىش قىلاتتى.

مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىغا چىدالماي، بوغۇزۇمدىكى سۆزۈمنى يۇتۇۋېتىپ كۆل تەرەپكە قارىۋالدىم.

— ئۆزىڭىزنى ئاقلاش ئۈچۈن سەۋەب ئىزدەۋاتىسىز ... ياق، ئاقلىماڭ، بەرىبىر! بەلكىم ئۇۋال قىلىۋاتىسەن دېمەكچىسىز... شۇنداقتۇ، لېكىن يۈرىكىڭىزنىڭ تېگىدە مېنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىۋاتىسىز، مەن سىزدىن رەنجىمەيمەن، كۆڭلىڭىز ياخشىدۇ، سىز ئويالدىڭىز، شۇ تاپتا قاتتىق ئويالدىڭىز، مانا بۇنىسى يېتەرلىك. راستىنى ئېيتسام سىز مېنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىڭىزدە نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش مەندىن سەسكەندىڭىز، ھەتتا سەسكەنگەنلىكىڭىزنى يوشۇرۇشنىمۇ خالىمىدىڭىز...لېكىن يەنە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر يېرىڭىز شۇكى، نېمىشقىدۇر ماڭا قىزىقىپ قالدىڭىز، ماڭا ھېچكىم سىزدەك قىزىقىپ باقمىغانىدى...سىزنىڭ بۇ قىزىقىشىڭىزنى نېمىدەپ چۈشىنىش مۇمكىن؟ مېنىڭ ئەسەرلىرىم سىزگە يېقىپ كېتىپ؟

ياكى مېنىڭ قايسىبىر مىجەزىم سىزنى جەلپ قىلىپ؟ ياق! ھەممىسى ئەمەس! ھەرگىز ئۇ سەۋەبتىن ئەمەس، سىز پەقەت مېنى ئۆلۈممىنى كۈتۈۋاتقان بىر بىچارە بايقۇش، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىگە چىرايلىق ئۆلۈم ئىزدەپ جان قىيناپ يۈرگەن بىر بوشاڭ، چۈشكۈن ئورنىدا كۆردىڭىز! بۇ سىزنى قىزىقتۇردى، پەقەت شۇ! شۇڭا سىز سىمناردىيە باشلانغان كۈنىدىن بىرى مېنى خۇپىيانە كۆزىتىپ كەلدىڭىز، مېنىڭ بىلەن يېقىنلىششقا ئۇرۇندىڭىز، مېنى ئاخىرقى رەت چۈشىنىپ قالماقچى بولۇپ مېنى دوستانە قىياپەتتە يېنىڭىزغا تارتتىڭىز ھەتتا ماڭا خۇشامەت قىلدىڭىز، ئىرادىڭىزنى دەسسەپ-چەيلەپ تۇرۇپ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ سۈرەتكە چۈشتىڭىز ۋە بۇ ئارقىلىق يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىڭىزنىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن ساختا شەرەپ تۇيغۇڭىزنى، باشقىلارنىڭ ۋە مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك كىچىك پېئىل يىگىت ئىكەنلىكىڭىزنى نامايىش قىلىۋېلىش تەقەززالىقىڭىزنى توييۇندۇردىڭىز! بولدىلا! يۈزىڭىزگە سېلىۋېرىپ نېمە قىلاي، سىز ئۇيۇلۇۋاتىسىزغۇ! چېكىڭىز تەرلەۋاتىدىغۇ! يۈرىكىڭىزنىڭ ساراسىمە ئىچىدە دۈپۈلدەۋاتقىنى ماڭا ئاڭلىنىۋاتىدىغۇ؟ يېتەر ئەمدى! لېكىن دوستۇم، سىز مېنى خاتا چۈشەندىڭىز، ياق، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۆزۈم خاتالاشتىم، ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز — سىزمۇ، مەنمۇ ۋە سىزنىڭ ھېلىقى شالاق شائىر دوستىڭىز ئېرشاد ئەپەندىمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈممىزنى كۈتۈمىز، ئۆلۈمنى ئويلىمىغاندەك، ناھايىتى ياخشى ياشاۋاتقاندەك قىلىمىزۇ لېكىن يەنە ھەر سائەت ھەر مىنۇتتا ئۆزىمىزنىڭ ئۆلىمنى كۈتۈمىز. ئەمما بۇ يەردىكى مەن كۆزدە تۇتقان كۈتۈش بىلەن سىز مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا كۆرگەن كۈتۈش ئىككىسى ئىككى نەرسە، شۇڭغا ئىشىنىڭكى مەن ئىككىنچى خىلدىكى كۈتۈشنى رەزىللىك، قورقۇنچاقلىق، چۈشكۈنلۈك دەپ چۈشىنىمەن، خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ بۇرادەر، مەن ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدىم ۋە نېمشقا ئۆلۈۋالغۇدەكمەن؟! مەن پەقەت مۇشۇنى سىزگە ئېيتىپ قويۇش، سىزنىڭ روھىڭىزنى چىرمىۋالغان ئاشۇ ئۆمۈچۈك تورىنى يىرتىپ تاشلاش ئۈچۈنلا بۈگۈن سىزنى مۇشۇ خىلۋەتتە خېلىدىن بېرى ساقلاۋاتىمەن، سىزنىڭ مۇشۇ يەرگە چوقۇم كېلىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم، ئىشىنىڭكى مەنمۇ سىزنى ئوخشاشلا خۇپىيانە كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن، ئاخىرى كەلدىڭىز، سىز مېنى ئۆزۈم قايرىلىپ قارىمىغۇچە تونۇيالمىدىڭىز، لېكىن مەن سىزنى ئاشۇ تۆپىلىكتىن چۈشۈپ كېلىۋاتقىنىڭىزدىلا تونۇۋالغانىدىم. سىز مېنىڭ ئارقامدا تۇرۇپ مېنىڭ گەۋدەمدىن نېمىلەرنى كۆردىڭىز؟ بىر قىزىقارلىق ھېكايىنى؟ بىر تراگېدىيىلىك قىسسىنى؟ لەپىلدەپ تۇرغان قاپقارا ئۆلۈم لەۋھەسىنى؟ ياق، زورۇقماڭ، مەندە ھېچقانداق مۆجىزە ياكى پەۋقۇلئاددە ھادىسە سادىر بولمايدۇ، مەن ناھايىتى نورمال ئادەممەن... — تەشنائى چوڭقۇر تىنىۋالدى، — ئەسەرلىرىڭىزنى بەك ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن، ئەمدى قارىسام سىز تولىمۇ مەغرۇر ۋە كۆرەڭ يىگىت ئىكەنسىز... لېكىن ھەقلىقسىز! ئەرزىيدۇ، ھەممە جەھەتتىن تەل ئىكەنسىز، قىزارماڭ، ئەزبىرائى خۇدا، شۇ مەغرۇرلۇق ۋە كۆرەڭلىك سىزگە يارىشىدىكەن، سىزنى تېخىمۇ سۈباتلىق، ۋەزمىن، ۋە ئالىپتە كۆرسىتىدىكەن، شۇنداق بولۇڭ ۋە شۇنداق ياشاڭ... ئەمدى خالىسىڭىز بىز دوست بولايلى، مەن سىزگە ھەممىنى، سىز قىزىقىدىغان پۈتكۈل نەرسىنى ئىختىيارىم بىلەن سۆزلەپ بېرىمەن، سىز سور-

ماڭ، سىزنىڭ ئېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىڭىز ماڭا ئايان، سىز تاقىلداپ تۇرۇۋاتىسىز، لېكىن سوراشقا پېتىنالمايۋاتىسىز، كېرەك يوق، ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، لېكىن سىز بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيسىز — سىز مېنىڭ سىزنى كۆزىتىشتىن چىقارغان يەكۈنىمنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىسىز ۋە ئۆزىڭىزنى ئاقلاپ ئولتۇرمايسىز... پەقەت شۇ چاغدىلا سىز بىلەن سۆزلىشىشكە سۆز چىقىدۇ...

تەشنائى ئۇشتۇمتۇت سۆزىنى توختاتتى، مېنىڭ كۆزۈمنىڭ ئالدىنى كۆپكۆك پەردە قاپلىۋالغانىدى، شۇ تاپتا مەن كۆزۈم ئۇچۇق ھالدىمۇ ھېچنەرسىنى كۆرەلمەس ۋە ھېچنەرسىنى ئويلىيالماس ئىدىم، پەقەت بەدىنىمنىڭ لاۋىلداپ كۆيۈپ ئاللىقانداق بىر يېرىمنىڭ ۋاژىلداپ ئېچىشىۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتىم.

— ئىقرارمەن... سىز تامام ھەقلىقسىز تەشنائى، بۇنى زورغا ئەمەس چىن يۈرىكىمدىن ئىقرار قىلىمەن، — دېيەلىدىم ئارانلا.

## 5 - باب

تەشنائى خۇددى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك راھەتلىنىپ «ئۇھ» دېدى.

— مەن سىز بىلەن قىزىشىپ قالارمىزمىكىن دەپ خەۋپسىرىگەنىدىم، مەرت ئىكەنسىز، يازغۇچى-دەسىز. يازغۇچىنىڭ قىممىتى راست گەپ قىلىشتا.

ئۇنىڭ ئاھاڭىدىن ئىسسىقنىڭ تەپتى كېلەتتى، ئۇ تۇرۇپلا خۇددى تاشلاندۇق ئارسلاندەك رايىش ۋە مۇلايىم قىياپەتكە كىردى. ئۇنىڭ سىلىق ۋە پارقىراپ كەتكەن چېكىسىدە ھال رەڭگە مايىلراق قىزغۇچ ھاياجان ۋە يەڭگىللىگىنە قىزغىنلىق ۋىلىلداپ تۇراتتى، ئۇ شۇ تاپتا ھېلىقى كۈندىكىدەك سودىگەرلەرچە سىپاگەرچىلىك بىلەن ئەمەس ئەكسىچە تاسادىپى بارلىققا كەلگەن ئىشەنچ تۇيغۇسىدا بەتمۇ-بەت ئولتۇرۇپ سۆزلىشۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن خۇشاللىنىۋاتامدىكىن؟ ياكى بولمىسا قەلبىنىڭ قاراڭغۇ پىنھانلىرىدا نۇرغۇن زامانلار كۆمۈلۈپ ياتقان نازۇك ۋە ئۇياتچان سىرلىرىنىڭ قېلىن ۋە قوپال لىباسىنى ئۆز قولى بىلەن يىرتىش ئالدىدا تۇرغىنى ئۈچۈن ئۇيۇلۇۋاتامدىكىن؟

مەن ئۇنىڭ مۇشۇ مىنۇتتىكى يېقىشلىقىنىڭ ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي كۆل يۈزىگە تىكىلگىنىمچە ئۇنىڭ سۆزىنى كۈتۈپ قىمىر قىلماي ئولتۇردۇم. تەشنائى قېلىن ۋە دورداي كالپۇكىغا ئۇستۈن چىشلىرىنى پاتۇرغىنىچە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىشلىرى شالاڭ ۋە سارغۇچ ئىدى، ئۇنىڭ چىرايىغا ئازراق دىلغۇلچىلىق ۋە بىقارارلىق ئارىلىشىپ كەتكەن خاتىرجەملىك، بىر خىل ئىچكى كۈچىنىڭ تورىنى ساقلاپ قالغان قەتئىيلىك ھەم ئاللىقانداق بىر ئەزاسىنىڭ قاقشاتقۇچ ئاغرىقىغا ئاخىرىغىچە چىدام بېرىشكە نىيەت قىلغان ئادەمنىڭ قەيسەرلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تەرسالىق تەكشى يېيىلغانىدى، كۆل يۈزى تېپتىنچ، پايانسىز يېشىللىق قويۇق مانان ئىچىدە غايەت زور قارامتۇل كۆلەڭگە بولۇپ ئۇيۇپ قالغان. ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاڭلىنىدىغان غاقىلدىشىمۇ جىمىققان،

مۇھەببەتتىكى جىمجىتلىق ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ سەزگۈر، تېخىمۇ نوزۇك ۋە تېخىمۇ قورقۇنچاق لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ مۇشۇ خاسىيەتلىرى بىلەن كىشىنى تېخىمۇ ئېھتىياتچان ۋە ئېتائەتچان بولۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى، شۇ مىنۇتتا كىچىككىنە بىر قىمىرلاشنىڭ شەپىسى ھەتتا چوڭراق بىر نەپەس ئېلىشمۇ بۇ سېھىرلىك ھاۋۋىنىڭ يىراق — يىراقلىرىغىچە ئاڭلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى، تەشنائى بىلەن ئىككىمىز گويا مۇشۇ نازۇك ۋە ئەركە جىمجىتلىققا ھالاقەت بەرمەسلىككە كېلىشىۋالغاندەك قىمىر قىلماي ۋە ئۈنچىقماي بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتتۇق، تەشنائى مېنىڭ ئىزتىراپلىق كۈتۈشۈمگە ئاخىرى خاتىمە بەردى:

— سىز ئۈچۈن ئەرزىمەس تېما، ئۆزۈم ئۈچۈن بولسا شالۋەرەپ تۇرغان جاراھەتنى قايتا چۇخچىلاش...— ئۇ جىمجىتلىقنى ئۇشتۇمتۇت بۇزۇۋەتتى، — مېنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى قاراڭغۇ پىنھاندا يېتىپ كۆكىرىپ، نىقسىپ كەتكەن ئەسلىمىلىرىمنىڭ سىزگە نېمە قىزىقى بار ئىكىن - تاڭ، بىلمىدىم...مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ھېچبىر قىزىقى يوق، ئاددىيلا...بەكمۇ ئاددىي، سەھرانىڭ لاي - لاي لىرىدەكلا ئاددىي، لېكىن بۇلارنى ئەسلەش يالىڭاچ ھالدا تىكەن يۇدىگەندەك، تىكەن - چاتقال ئارىسىدا يالىڭاياغ يۈرگەندەك ئازابلىق...مەن ھەممىنى ئەمەس، بىرلا نەرسىنى — يەنى سىزنى قىزىقتۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا يېتەكلەپ كەلگەن بىرلا نەرسىنى سۆزلەپ بېرەي...خاراكتېرىمدىكى سىزنى مېنىڭ ئەتراپىمدا جاسۇستەك پايلاپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان ئاشۇ بىرلا نەرسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي...ئۇ بولسىمۇ تەنھالىق، يالغۇزلۇق، مېنىڭ ھايات بايرىقىم ئەنە شۇ تەنھالىق ۋە يالغۇزلۇق يىپلىرىدىن توقۇلغان! مېنىڭ دادام ئەزەن چىللاپ قويغان ئېتىم گايىت ئىدى. مېنىڭ دادام تولىمۇ مۆمىن، ياۋاش ئادەم بولسىمۇ مېنىڭ ۋەئاپامنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدالماي كوممۇنانىڭ ئاشلىق ئامبىرى ۋە قوي - كالا قوتىنىنى «بۇلىغان» بىرنەچچە دېھقانغا شېرىك بولغىنى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، ئۇ چاغلاردا مەن ئۈچ ياشلاردا بولسام كېرەك، دادامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۈن ئۆتكۈزمەك تەس بولدى، تۇرمۇش بەكمۇ ئېغىر ئىدى...ئاپام تاڭ بىلەن تەڭ مېنى كۆتۈرۈپ ئەمگەككە چىقاتتى، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئۆيگە قايتاتتى. مەن ئەتىدىن - كەچكىچە ئېتىزنىڭ قىرىدا چالما - داڭگال ئارىسىدا ئاپام تۇتقۇزۇپ قويغان توك تېزەكتەك قاتتىق زاغرا نانىنى غاجىلاپ توپىغا مىلىنىپ ئولتۇراتتىم.

ئىش ئېغىر. دادام «كوممۇنىغا قارشى چىققان ئەكسىلئىنقىلابچى» بولغىنى ئۈچۈن، ئاپام باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئەمگەككە سېلىناتتى. ۋە پات - پات كۆرەشكە ئېلىناتتى. ئۇنداق چاغدا مەن تامامەن بىقشسىز قالاتتىم. ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئات ئېلىپ قاچقان ھارۋىنىڭ ئاستىدا قالدىم. يۈز كۆزۈمدىكى مۇنۇ بەتبەشىرىلىك ئاشۇ قېتىمقى ھادىسىنىڭ يالدامىسى...

ئۇزۇن ئۆتمەي ئېغىر ئەمگەك بولۇپمۇ خورلۇق ۋە يەكلەشلەر ئاپامنى يىقتتى، ئاپام جان ئۈزىدىغان چاغدا مېنى گۈلباغ يېزىسىدىكى ئاكىسىغا تاپشۇردى، ئاپامنى كۆ-

مۆپ قويغاندىن كېيىن تاغام مېنى ئۆز يېزىسىغا ئېلىپ كەتتى، بۇ چاغـدا مەن ئەمدىلا
ئالتە ياشقا كىرگەنىدىم.

مېنىڭ چىرايىم تاغامدىن باشقا ھەممىلا ئادەمنى يىرگەندۈرەتتى، تاغامنىڭ بالىلىرى
ئالدىدا، مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرىم ئالدىدا مېنىڭ ئېتىم «سەت تاتۇق» ئىدى، بالىلارلا
ئەمەس، چوڭ ياشلىق بولۇپمۇ ئېغىر ئاياغ ئاياللارمۇ ماڭا ئۇچراپ قالسا چۆچۈپ كېتەت-
تى، بەزىلىرى ھەتتا يۈزۈمدىن يـۈزۈمگە مېنى، گۆردە ياتقان بىگۇناھ ئاتا - ئانامنى قار-
غايتتى. كېيىن بىلسەم، ئېغىر ئاياغ ئاياللار ماڭا ئوخشىتىپ تۇغۇپ قويۇشلىرىدىن قورقى-
شىدىكەن، بۇنى تاغامنىڭ قىزى گۈلچە ئاچام دەپ بەردى، ئۇنىڭغا ئاپىسى شۇنداق دەپ-
تۇ، مەن بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلـمەي بىرنەچـچە زامان خىيالغا
چۆكۈپ يۈردۈم. كېيىن گۈلچە ئاچامنىڭ ئەينىكىنى ئوغرىلىقچە ئېلىۋېلىپ، ئېغىلغا كى-
رىپ ئەينەككە قارىدىم - دە، ئۆزۈممۇ قورقۇپ كەتتىم. ئەينەكتە بىر كۆزلۈك، يىرىم يۈز-
لۈك، ئاغزى ئۈچ بۇرجەك بىر مەخلۇق ماڭـا چەكچـىيىپ قاراپ تۇراتتى، ئۇنـىڭ ئاشۇ
بىر كۆزى مۇز چوقۇندىسىدەك سوغۇق ۋە پارقىراق ئىدى، ئۇ كۆزلەردە تەنـنى شۈركەن-
دۈرىدىغان بىر مەنىسىز، سوغۇق، ئاقۇچ نۇر يېقىمسىز ھالەتـتە يالتىرايتتى، بۇ مەنـمۇ؟
مەن ئاشۇنداقمۇ؟ ئىلگىرى ئۆزۈمنى «باشقا بالىلارغا ئوخشاشمەن» دەپ ئويلايتتىم، چۈن-
كى ئاپاممۇ چىرايىم ھەققىدە ماڭا بىرەر نەرسە دېمىگەنىدى. شۇڭا مەن بالىلارنىڭ مېنى
ئۇنجى كۆرۈشكەنلىرىدە قىزىق ئويۇنلىرىنى توختىتىپ ماڭا قورقۇمسىراپ قاراپ قالغان-
لىقىنى، كېيىن بولسا ھۈركۈپ كەتكەنىدەك ئۇشتۇمتۇت پارت لا قىلىپ تەرەپ - تەرەپ-
كە قېچىپ كەتكەنلىكىنى زادىلا چۈشىنەلمىگەنىدىم. مەن ئاپامنىڭ ئۆلەر ۋاقتـدا مېنىڭ
بېشىمنى ئاجىز قوللىرى بىلەن سىـلاپ چىرايىـمغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ يۇم - يۇم
يىغلىغىنىنى ۋە سىنەسى تىتىلىغۇدەك «ئۇھ» تارتىپ: «ئاللانىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھلىرىم بولغىيدى،
مۇشۇ ھالچە قالدىڭ بەختى قارا بالام.» دەپ جانسىز شىۋىرلىغىنىنىڭ مەنىسىنى چۈشەن-
مىگەن ئىكەنمەن. كېيىن تاغام مېنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى، مېـنىڭ ھالىـم تېخىمۇ
بەتتەرلەشتى. بىزنىڭ مەكتىپىمىز كـىچىككىنە يـېزا مەكتىپى بولـغاچ مەكتەپتە دەرسـتىن
سىرت مىلىكىت بولغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى، بىز ئات ئېغىلدىن ئۆزگەرتىلـگەن سى-
نىپلاردا، كېسەكتىن قىلىنغان «پارتا» ۋە «ئورۇندۇق» لاردا ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتۇق، ساۋاق-
داشلىرىمنىڭ تەلىيىگە تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا كۆكۈل ئاچىدىغان بىر ئەرمەك پەيدا بولدى،
بۇ مەن ئىدىم، ئۇلار دەرستىن چۈشۈپلا مەن بىلەن ھەپىلىشەتتى. مېنى ئورىۋېلىپ ما-
زاق قىلىشاتتى، تۈرتۈپ ئىتتىرەتتى، مەن ئۇلارنىڭ بۇ «دوست» لىقىنى دەسلەپىدە شۇم-
شىيىپ. تىترەپ قارشى ئالدىم، كېيىنچە ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەي، ئۈنچىقماي قا-
راپ تۇرۇۋېرىدىغان بولدۇم. چۈنكى مەن يىغلاپ ھارغانىدىم، كۈچۈممۇ يەتمەيتتى، گۈلچە
ئاچام بىر كۈنى بالىلارغا «بۇنىڭ دادىسى تۈرمىدىن قاچماقچى بولغاندا ئېتىپ تاشلان-
غان» دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن تېخىمۇ چوڭ بالاغا قالدىم، مۇئەللىملەردىن تارتىپ
ئوقۇغۇچىلارغىچە ھەممىسىلا مېنى «دۈشمەننىڭ كۈچۈكى» دەيدىغان بولدى، بۇنىڭ
مەنىسىنى مەن دېگەندەك چۈشەنمىدىم. ساۋاقداشلىرىم مېنى ئىلگىرى پەقەت كۆكۈل

ئېچىشلىرى ئۈچۈنلا بوزەك قىلىنغان بولسا ئەمدىلىكتە مېنى دۈشمەن ساناپ «زەربە» بېرىدىغان بولدى.

ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن بىللە ئولتۇرغۇسى يوق ئىدى، مېنى ھەرقانداق ئىشتا ئارىسىغا قاتمايتتى، مەنمۇ ئامالىمىنىڭ بارىچە ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم، سىنىپتا ئەڭ ئارقىدىكى بۇلۇڭدا يالغۇز ئولتۇراتتىم، ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتىم. لېكىن ئۇلار خالىسا مېنى ئۆزۈم شۈمشىيىپ — تۈگۈلۈپ تېپتىنچ ئولتۇرغان قايسىبىر بۇلۇڭ — پۇچقاقلاردىن تېپىۋالاتتى - دە، مەن گويا قانداقتۇر ياۋايى ھايۋاننىڭ بالىسىدەك بېشىمغا ئولىشىۋېلىپ ئۇراتتى، تېپەتتى، قۇلاق، كۆزلىرىمگە ياغاچ تىقاتتى. مەن ئۇلارنىڭ خورلۇقلىرىغا چىدىماي بىچارىلەرچە ئىڭراپ، قورقۇمسىراپ بۇلۇڭغا تىقىلاتتىم. بولۇپمۇ دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مېنىڭ ھالىم تېخىمۇ بەتتەر ئىدى، ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتقىچە زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن مېنى نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ تاپاتتى. ياكى ئۆتەر يولۇمدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار ھەر كۈنى يېڭىدىن يېڭى بىمەنىلىكلەرنى ئويلاپ تاپاتتى، مېنى ئېشەك قىلىپ نۆۋەت بىلەن مىنەتتى، «تەگنە قازان» قىلدۇق دەپ پۇت - قوللىرىمدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئاپىرىپ يېڭى مۇز تۇتۇۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىگە، ياكى بولمىسا زەيلىكنىڭ سېسىق سۈيىگە تاشلايتتى، مېنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ قاقىلىشلىرىمنى، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك مىكىيىپ بالادا تىرىشىپ - تىرمىشىپ قىرغاققا ئۆمىلەپ چىقىشلىرىمنى تاماشا قىلاتتى ۋە ئەمدىلا ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا سۇغا يەنە ئىتتىرىۋېتەتتى... ياز ۋە كۈز كۈنلىرى مېنى ئەترەتنىڭ قوغۇنلۇقىدىن، قوناقلىقتىن، ياكى كىملەرنىڭدۇ باغلىرىدىن ئالما - شاپتۇل، قوغۇن، قوناق ئوغرىلاپ چىقىشقا قىستايتتى، ئۇنىمىسام ئۇراتتى، مۇبادا تۇتۇلۇپ قالسام بەزى ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر قوغۇن - تاۋۇز پىچىپ بېرىپ ياكى بىرەر قورساق مېۋە - چېۋە يېگۈزۈپ قويۇپ بېرەتتى، بەزىلىرى بولسا ئۆلگۈدەك دۇمبالايتتى، مېنىڭ مېۋە - چېۋە بىلەن قورساق تويغۇزۇپ چىققىنىمنى بىلىپ قالغان باللار «بىزگە ئېلىپ چىقماي ئۆزۈڭ يەۋالدىڭ» دەپ ئۇراتتى، ناۋادا مېنى باغۋەن تۇتۇۋېلىپ ئۇرسا ئۇلار باغنىڭ شورا تېمىغا چىقىۋېلىپ كۈلۈشۈپ زاڭلىق قىلاتتى، باغۋەننى دەي - دەيگە سالاتتى، ئەتىسى مەكتەپكە چاقاتتى، مەن بۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنچە شەپقەتسىزلىك قىلىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران بولاتتىم، ئۇلارنىڭ مېنىمۇ ئادەم بالىسى قاتارىدا كۆرىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىشلىرىنى كۈتەتتىم، خۇدادىن تىلەيتتىم...

بىزنىڭ سىنىپ مۇدىرىمىز سەلىمە ئىسىملىك بىر خانىم ئىدى. مۇبادا شۇ چاغلاردا ماڭا ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەممۇ بار ئىدى دېسەم، ئۇلار پەقەت تاغام بىلەن ئاشۇ سەلىمە خانىم ئىدى.

سەلىمە خانىم ئېگىز بويلۇق، قارا چاچ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئاڭلىسام بۇ ئايالنىڭ ئېرى چوڭ زىيالىيمىشكەن، خاتالاشقىنى ئۈچۈن ئۇلار ئۈرۈمچىدىن مۇشۇ يېزىغا مەجبۇرىي كۆچۈپ كېلىنگەنىكەن، سەلىمە خانىمنىڭ ئېرى قايسىبىر ئەترەتتە قوي باقارمىش.

سەلىمە خانىم نېمىسى بىلەندۇر مەن شۇ چاققىچە كۆرگەن ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى،

ھەتتا مەكتەپتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ ئوخشىمايتتى، ئۆزىمۇ ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ يۈرگەندەك قىلاتتى، مەكتەپكە يالغۇز كېلەتتى، مەكتەپتىن يالغۇز كېتەتتى، دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىگەندىن باشقا ئادەتتە ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى. بىزنىڭ يېزىدىن چىققان ئوسمىچى خانىملاردەك ھەررەڭ - سەررەڭ كىيىنىۋالمايتتى، ئۇلاردەك مەكتەپ ھويلىسىنى، يېزا يولىنى بېشىغا كىيىپ چىرقىراپ كۈلمەيتتى، باللارغا غالىجىر ئىتتەك ھۈرپەيمەيتتى، (بىزنىڭ يېزىلىق ئوقۇتقۇچىلار بىرەر ئىشتا نارازى قىلغان ئوقۇغۇچىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋېرەتتى، قۇلىقىنى سوزاتتى. خانىملار بولسا چىنىدىۋالاتتى). باللاردىن رازى بولغىنىدا بىلىنەر - بىلىنمەس قىلىپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، باللار خاپا قىلسا باللارغا ئۈنچىقماي تىكىلىپ قارايتتى. مەن خانىمنىڭ ئاشۇ «پىسىككىدە» كۈلۈمسىرىشىدىن قانچىلىك ھوزۇرلانسام ئۇنىڭ ئاشۇ ئۈنسىز تىكىلىشىدىن شۇنچىلىك ئازابلىناتتىم ۋە قورقاتتىم، ئۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ئاشۇ مۇڭلۇق ۋە چىرايلىق كۆزلىرىدىكى ھەيرانلىق، ئۈمىدسىزلىك ھەم ئۈنسىز جىملەشلەر مېنىڭ كىچىككىنە، سەبىي ۋە بىچارە يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىنى قوچۇۋېتەتتى، شۇ ھامان ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كۆزۈمگە ياش تولاتتى، مەن دەرسلەردە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دەرسىدە ياخشى باھا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر قېتىملىق يېقىملىق كۈلۈمسىرىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پۈتۈن جەھلىم بىلەن تىرىشاتتىم...

## 6 - باب

بىر كۈنى مەكتەپتىن ئۆزۈم يالغۇز قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. مەكتەپتىن ئانچە يىراق بولمىغان زەيلىك كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە ئۇشتۇمتۇت بىر توپ باللار چۇقۇرۇشقىنىچە ماڭا يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئۇلار ئاشۇ ئەسكى كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ مېنى پايلاپ تۇرۇشقان ساۋاقداشلىرىم ئىكەن، باللار ئالا-تاغىل تۇۋلىشىپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە مېنى ئارىغا ئېلىۋالدى، مەن قېچىشقا تەمشەلدىمۇ يەنە ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزۈم يەتمەي نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئالاقزادە بولۇپ جايىمدا قېتىپ قالدىم.

— بىز بىلەن ئوينامسەن سەت تاتۇق؟

بۇ دادۇيجاڭنىڭ بالىسى دوسمەت دېگىنى ئىدى، دوسمەت مەندىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئىدى، ئۇ مەكتەپتە، مەھەللىدە ھەممىگە زومىگەرلىك قىلاتتى، كىچىك باللار تۇرماق چوڭلارمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى. ئۇ ھەر دائىم باللارنى كۈشكۈرتۈپ مېنى قىينايتتى، بۈگۈن ئۇنىڭ بېشىمغا يەنە بىر شۇملۇق سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم - دە، ئۇنىڭ مۇشتەك تۇرۇپلا تۈك بېسىشقا باشلىغان قىزغۇچ يۈزىگە دەككە - دۈككە ئىچىدە قورقۇمسىراپ تىكىلدىم، ئۇنىڭ چاچلىرى قىزغۇچ سېرىق، كۆزلىرى كۆك ئىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاشۇ كۆك كۆزلىرى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى.

— قورقما! بىز سېنى ھېچنېمە قىلمايمىز، پەقەت بىز بىلەن «دەرۋازا ۋە خاۋازا» ئوينايسەن... — دوسمەت ساختا يېقىنچىلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — بىز دەرۋازا بولىمىز،

سەن خاۋازا بولسەن، بىز ئۈزۈن سەپ بولۇپ ئۆرە تۇرىمىز، سەن تۆت پۇتلۇق بولۇپ نۆۋەت بىلەن ھەر بىرىمىزنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆمىلەيسەن، قانداق؟ — دوسمەت يولداشلىرىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ ھىجايدى، ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى بالىلار دوست تارتىشىپ چۇقۇراشتى.

— يەنە ھەر - بىرىمىزنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئاغزىڭنى چاتىرىقىمىزغا توغرىلاپ ئۈچ قېتىمدىن «ھاۋ - ھاۋ، ھاۋ» دەپ قاۋايسەن... — دېدى بىزنىڭ سىنىپىمىزدىكى غوجەك، بالىلار قىقاس سېلىپ كۈلۈشتى.

— چاققان بول دەيمەن، ماقۇل دەمسەن يوق؟ — دوسمەت كۈلكىدىن توختاپ تەرىنى تۈرۈپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.

مەن يەنىلا ئۈنچىقمىدىم.

— چاققان «ماقۇل» دېگىن، بولمىسا... كىمدۇر بىرى ئاگاھلاندۇردى، مەن «ياق» دېسەم نېمە كۈنگە قېلىشىمنى ئوبدان بىلەتتىم «ماقۇل» دېيىشكە غورۇرۇم ئۇنىمايۋاتاتتى، مەن ئەلەم ۋە قورقۇنچتىن تىترەيتتىم، شۇنداقتىمۇ تىلىمنى مەھكەم چىشلەپ ئۈندىمەي تۇرۇۋالدىم، ئۇلار ھالقا بولۇپ مېنى قىستاپ كېلىۋەردى، دوسمەت ئېتىلىپ كېلىپ ياقامدىن تۇتتى - دە، تەستىكىمگە نەچچىنى سېلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بالىلار ماڭا بىراقلا يېپىشتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇتۇمغا، ئارقا - ئالدىمغا تېپەتتى، گايىلىرى بولسا چېچىمدىن قامالىۋېلىپ جېنىنىڭ بارىچە يۇلقۇيتتى، تۇمشۇقىمغا مۇشتلايتتى، دوسمەت مېنى بالىلارغا تاشلاپ بېرىپ، ھىجايغىنىچە بالىلارنى كۈشكۈرتەتتى...

— ماقۇل، مەن خاۋازا بولاي...

ئۇلار خۇشال بولۇپ كېتىشتى ۋە مېنى قويۇپ بېرىپ دەرھال ئۇزۇن سەپ بولۇپ چاتىراقلىرىنى كېرىپ تۇرۇشتى، ھەممىنىڭ بېشىدا دوسمەت تۇرغانىدى، ئۇ قولىنى مەيدىسىگە قوۋۇشتۇرۇپ غالىبلارچە كۈلۈمسىرەيتتى.

— قېنى ئاۋۋال مېنىڭ چاتىرىقىمدىن ئۆمۈلە!

مەن ئۇنىڭغا قارىپمۇ قويماستىن سەپنىڭ ئاخىرىسىغا كەلدىم ۋە تۆت پۇتلۇق بولۇپ تىزلاندىم.

دوسمەت ئاچچىقى بىلەن ئېتىلىپ كەلدى - دە، مېنى قارا - قويۇق دەسسەپ كەتتى:

— مانا مەشەدىلا ئۆمىلە ئەمىسە!


دوسمەت مېنى جەھلى بىلەن دەسسەپ چەيلىمەكتىدى. مەن توپىغا يۈزۈمچىلا يىقىلدىم، ئاغزى — بۇرنۇم قانغا بويالغانىدى. لېكىن مەن ئاۋازىمنى چىقىرىپ يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن لېۋىمنى مەھكەم چىشلىۋالدىم، ئەتراپىمدا بالىلار كۈلۈشمەكتە، ئاغزىمنىڭ ئىچىمۇ قانغا توشتى، نېمىشقىدۇر بالىلار كۈلكىسىدىن توختاپ ئوپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كەتتى، دوسمەتمۇ ئۇرۇشتىن توختاپ قالدى.

— گايىت! تۇر ئورنۇڭدىن...

بۇ ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى، بېشىمنى يەردىن كۆتۈردۈم ۋە تەسلىكتە كۆزۈمـ

نى ئاچتىم، سەلىمە خانىم يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ياغلىقى مۈرىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ، ئەتراپىمغا قارىدىم، باللار ئاللىقاچان قېچىپ كېتىپتۇ.

سەلىمە خانىم يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ماڭا ئۆزىنى ئاتتى ۋە مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئۈستىبېشىم توپىغا مىلەنگەنىدى، ئاغزى ـ بۇرنۇمدىن ئاققان قان يەردىكى توپا بىلەن ئارىلىشىپ تۇماقچىلىك يەر قىپقىزىل لايغا ئايلانغانىدى، سەلىمە خانىم مېنىڭ باشكۆزۈمگە قاراپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ مەرمەردەك يالتىراپ تۇرىدىغان نۇرلۇق يۈزى تاتاردى، لەۋلىرى ئۇمچىيىپلا قالغانىدى، مەن خانىمنى ھېچقاچان بۇ ئەھۋالدا كۆرمىگەنىدىم، خانىمنىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرىكىم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئازابلىق چىرايىغا قاراۋېرىشكە چىدالماي كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، ئاغزى بۇرنۇمدىن تېخىچىلا قان ئېقىۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن سەلىمە خانىم ئىڭرىغاندەك ئاھ دەۋەتتى، ئاندىن ئۈنچىقماي ئورنىدىن تۇرۇپ قولۇمدىن يېتەكلەپ ئېرىق بويىغا ئېلىپ كېلىپ مۇزدەك سۇدا يۈز ـ كۆزۈمنى پاكىزە يۇدى، باش ـ كۆزلىرىمنى سۈرتتى، كىيىملىرىمدىكى توپا ـ تۇمانىنى قېقىشتۇرۇپ چاپىنىمنىڭ تۈگمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەتتى، شۇ ھامان بۇرنۇمغا ئاپامنىڭ ھىدى كېلىپ ئۇرۇلدى، بۇ ھىد تونۇردىن يېڭىلا قومارغان ئىسسىق ناننىڭ ھىدىدەك پاك، يېقىملىق، خۇش پۇراق ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى، مەن بىردىنلا پاكىدە يېرىلىپ يىغلىۋەتتىم، ئۆپكىدەشتىن ۋۇجۇدۇم تىترەيتتى، ياش كۆزۈمدىن ئەمەس ئىچىمدىكى ئاللىقانداق تېگى يوق چوڭقۇرلۇقتىن بۇلدۇقلاپ قايناپ چىقىۋاتاتتى، زارلىق يىغا ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا ئەس، ھوشۇم تۇمانلاشماقتا ئىدى، ئۆزۈم نەلەردىدۇر لەيلەپ قالغانىدىم.



سەلىمەخانىمۇ يىغلاۋاتىدۇ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتىدۇ، كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قۇيۇلۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كۆز يېشى مېنىڭ كۆزۈمدىن تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ مېنىڭ يۈزۈمدە تارام ـ تارام بولۇپ ئېقىۋاتىدۇ.

لېۋىم ھۆللەندى، مۇشتتىن ئېشىپ سەزگۈسىنى يوقاتقان، يېرىلغان لەۋلىرىم كۆز يېشىدىن ھۆللەندى. ياش ـ كۆز يېشى نېمانچە ئاچچىق، نېمانچە تۇزلۇق ۋە قىرتاق؟ ئانىنىڭ كۆز يېشى شۇنداق بولامدۇ؟ ياكى ئانىسىنى تېپىۋالغان ئانىسىزنىڭ كۆز يېشى شۇنداق بولامدۇ؟ مەن ئاستا ـ ئاستا ھوشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم، سەلىمە خانىم تېخىچە ئېسەدەيتتى، ئۇ ئوتتەك قىزىق ۋەھۆل مەڭزىنى مېنىڭ مەڭزىمگە مەھكەم ياقىدى،

ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە تال - تال كىرپىكلىرى ياش بىلەن چۈپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مېنى مەھكەم سىقىپ تۇرغان قىزىق تېنى تېخىچە تىترەشتىن توختىمىغانىدى، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان مۇڭ، ھەسرەت، قايغۇ — زار ۋە چارىسىزلىك ئەلەڭگىيتتى. مەن بۇ ئەلەڭگىشنى پەقەت ئانام جان ئۈزىدىغان چاغدا - مېنى باغرىغا بېسىپ، ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن باش - كۆزۈمنى سىلاپ ئۈنسىز يىغلىغان چاغدىلا كۆرگەنىدىم...

تەشنائى بىردىنلا سۆزىنى توختاتتى، مەن مانان ئىچىدە ئۆكدەپ ياتقان كۆل يۈزىدىن نەزەرىمنى ئاغدۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ بېشىنى سىلىڭۋالغاندى، ئۇنىڭ قوزۇقتەك ئۈچلىنىپ تۇرغان ئۇرۇق مۇرىسى ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغاندى، ئۇنىڭ يەلكىسى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، ئۇ شۇ ھالىچە كۆز يېشىنى مەندىن يوشۇرۇۋاتاتتى.

شامال كۈچىيىپ يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى، كۆل يۈزى خۇددى ئۈستىگە ئۇششاق شېغىل چېچىلىۋاتقاندەك تەكشى چىمىرلايتتى، كۆلنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى قومۇچلۇق يېكەنزار يېشىللىق ئەمدىلىكتە قويۇق تۇمان ئىچىدە گويا ئوت ئېلىش ئالدىدا ئىسلىنىۋاتقان يانغىندەك ياق، خۇددى تېخى يېڭىلا ئۆچۈرۈلگەن يانغىن تۈتەۋاتقاندەك قاپقارا، تۇرۇم - تۇرۇم شەكىلگە ئۆزگەرگەنىدى.

بۇ يەردە ئەمدى ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايتتى، مەن ئىچى - ئىچىمدىن قايناۋاتقان ھاياجان ۋە ئۆرىدەشنى كۈچ بىلەن بېسىپ تەشنائىغا تۆۋەن ئاۋازدا مۇراجىئەت قىلدىم:

— ئەمدى قايتمىساق بولمايدىغان چېغى...

ئۇ قىمىرلىمىدى، ئۇ ئەسەبىيلەشكەندەك تىترەۋاتاتتى، شۇ تاپتا گويا ھېچنەرسىنى سەزمەس، ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىماس ئىدى. ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى جىمىكى بارلىقىنى ئەستىن چىقارغانىدى.

يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ قۇيۇۋەتتى، كۆلنىڭ يۈزى ئەمدىلىكتە ۋاراقشىپ قايناشقا باشلىدى، چاقماق چېقىلدى، يىراقتا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىمەكتە ئىدى، بۇ تىپتىنچ خىلۋەت ئەمدىلىكتە، غەزەپلەنگەن شىردەك ھۆكۈرەيتتى، شۇ مىنۇتتا مەن بۇ يەردە تېخى ھېلىراقتا، مېنى ئۆزىگە قوشۇپ يۇغۇرۇۋالغان راھەتلىك ۋە جىلۋىگەر بىر جىمجىتلىقنىڭ بولغانلىقىغا شەكلىنىپ قالدىم.

تەشنائى ئاخىرى بېشىنى كۆتۈردى ۋە كۆزىنى مەھكەم يۇمغىنىچە بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، يۈزىنى تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا تۇتتى، يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ سىدام ۋە ئازابلىق يۈزىدە تارام - تارام سىجاق بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى، پەمىمچە ئۇ كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشىنى يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇۋاتاتتى، ياق، ئۆزىنىڭ كۆز يېشىنى ئانىسىنىڭ كۆز يېشى بىلەن سەلىمە خانىمنىڭ كۆز يېشى بىلەن قوشۇۋاتاتتى، تەبىئەتنىڭ كۆز يېشى بىلەن — ئۇنىڭ تەنھا يېگانە مەۋجۇتلۇقىنى يۆلەپ، ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر ھىماتچىسىنىڭ كۆز يېشى بىلەن قوشۇۋاتاتتى، بىر كەمدە ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭا قاراپمۇ قويماستىن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، سەنتۈرۈلۈپ مېڭىپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنى سوڭدىشىپ ماڭدىم، ئايغىمىزنىڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقان مىچىلداش بىر خىل

يېقىمسىز تۇيغۇ بېرەتتى.

تۆپىلىككە كۆتۈرۈلگىچە ئىككىمىزلا ئۈنچىقمىدۇق، تۆپىلىكتىن ئارتىلىپ تاش ياتقۇزۇلغان يولغا چۈشكەندىن كېيىن مەن ئاياغلىرىمنى قېقىپ تازىلىغاچ:

— بابا مېنىڭ نېمە ئويلىغىنىمنى بىلەمسىز تەشنائى، — دېدىم، ئۇ ماڭا لاپپىدە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئاشكارا شۈبھىلىنىش ۋە يۈرەكسىزادىلىك ئەكس ئېتىپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ شۇ تاپتا مېنىڭ ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنلىرى توغرىسىدا بىرەر يارىماس سۆز قىلىپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى شىكەستىلەپ قويۇشۇمدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم، بىچارە ئادەم، ئۇ ئادەملەردىن نېمانچە قورقىدۇ؟ ئادەملەرگە نىمانچە ئىشەنمەيدۇ - ھە؟! خۇددى ئەرگە تېگەلمىگەن قېرى قىز بىراۋنىڭ «قانچە ياشقا كىردىڭىز؟» دەپ سوراپ قېلىشىدىن قورققاندەك بۇ ئادەم ئۆزى توغرىسىدا باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن بىرەر نەرسە ئاڭلاشتىن يۈرەكئالدى ئىكەن... مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى شۈبھە تۇمانلىرىنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ دېدىم:

— مەن بابا كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھەقىقەتكە ھەرگىزمۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىدىم، قاراڭ تېخى بىر سائەت ئاۋۋال ئاۋۇ كۆل بويى خۇددى ئانا باغرىدىكى بوۋاقنىڭ كۆڭلىدەك تىپتىنچ ۋە جىمجىت ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا...— تەشنائى مېنىڭ سۆزۈمگە سەل ھەيران بولغان بولسىمۇ ئۆزى توغرىسىدا سۆز قىلمىغىنىم ئۈچۈن كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك يەڭگىلگىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى، مەن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئىچىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر مەسخىرە كۆلەڭگىسىنىڭ غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم، راست، ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلۈۋاتاتتى، چۈنكى مەن ئۇنىڭچە شۇ تاپتا «بىرنى بىرگە قوشسا ئىككى بولىدۇ» دېگەن ئىپتىدائى ساۋاتنى گويا يېڭىلا بايقاپ تاپقان ھەقىقەتتەك ھەۋەس بىلەن سۆزلىگەنىدىم... شۇڭا ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغانىدى. ئەنمۇ دەل شۇنى خالايتتىم، ئۇنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىشىنى، مېنىڭدىن كۈلۈشىنى، باشقىلار تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىش خورلۇقى جېنىغا پاتقان، بىر ئۆمۈر شۇ قىسمەت ئىچىدە پۇچۇلانغان بۇ بىچارە شەخسنىڭ شۇ ئارقىلىق باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشتىن كېلىدىغان «خۇشاللىقتىن» ئازراق ۋە بىردەملىك بولسىمۇ بەھرىمەن بولۇۋېلىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن خالىغانىدىم، بۇنداق خۇشاللىق يېگىنچە تۇيغۇلار ئەلۋەتتە! مەن تۇرۇپلا شۇنى خالاپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرە ئالامىتىنى كۆرۈپ ئىچىمدە كىچىك بالىدەك شادلىنىپ كەتتىم...

— مۇبادا ھەممىلا ھەقىقەت مۇتلەق بولىدىغان بولسا جەننەت ۋە دوزاخ دەپ ئايرىشنىڭ نېمە كېرىكى؟ قىيامەتتىكى سوراقنىڭ نېمە ھاجىتى؟— دېدى تەشنائى يامغۇردىن شۈمشەيگىنىچە ئۆزىنىڭ ئايىغىنىڭ تۇمشۇقىغا كۆز تىكىپ كېتىۋېتىپ پەرۋاسىزغىنە. ئۇنىڭ چىرايىغا ئەمدى بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە قانائەتلىنىش جايلاشقانىدى، لەۋلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى ھېلىقى مەسخىرىنىڭ ئىزنالىرى تېخىچە ئۆچمىگەنىدى.

## 7 - باب

...

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قارا سۇ يېزىسىغا چىقتۇق، بۇ يەر يېزىگە ئۆزىنىڭ خاس مەھەللىۋى پۇراقىغا ئىگە قەدىمىي مۇقام، ناخشا - ئۇسسۇلى ۋە چەت ئەللەردىمۇ شۆھرەت

قازانغان ئاجايىپ ئۇستىداتلىق ئەلنەغمىچىلىرى بىلەن تونۇش ئىدى، بۇگۈن بۇ يەردە بىزنىڭ شەرىپىمىزگە مەشرەپ بېرىلمەكچىكەن، تەشنائى ئىككىمىز مەشرەپكە قاتناشماسلىق توغرىسىدا كېلىشىۋالدۇق - دە، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسىدىكى كۈتۈۋېلىش ئولتۇرۇشىدىن چىقىپ يېزىنىڭ تاغ باغرىغا قاراپ سوزۇلۇپ ياتقان ئېكىنزارلىق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق. يېزىنىڭ ئالدىمىزدا كەڭرى دالا يېيىلىپ ياتاتتى.

سەھرانىڭ سۈرەتتەك رەڭدار كەچلىكى باشلىنىۋاتاتتى. قۇياش تېخى ئولتۇرمىغانىدى، ئاسماننىڭ تەڭ يارتىسى قىپقىزىل لاۋۇلدايتتى، بۇ يەردىكى جىمى مەۋجۇداتلۇقتا، تېرەك، جىگدە ۋە سۆگەتلەرنىڭ ئەمدىرەك تەڭگە بولغان قولاقلىرىغا، تەكشى بولۇپ ئۆسكەن كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىغا كەچكى قۇياش ئۆزىنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدىن تىللارەڭ زەر بەرگەنىدى، تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن شامال يېشىل دوخاۋىدەك كۆپچۈپ لىغىرلاپ ياتقان بۇغداي مايسىلىرىنىڭ ئۇچىنى سۆيۈپ، دەرەخلەرنىڭ يۇمران ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۆتەتتى، يىراقتىن كالا - قويلارنىڭ مۆرەشلىرى، كىملەرنىڭدۇر بار ئاۋازى بىلەن ھايقىرىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن مۇھىتقا تويماسلىق ئىچىدە ياندۇرۇشلاپ - ياندۇرۇشلاپ كۆز سالىمەن، قەلبىمدە قەپەستىن قۇتۇلۇپ كەڭرى، تەبىئەت قۇچىقىدىن تېپىۋالغان قاچقۇن قۇشنىڭ، ياق شەھەرنىڭ دىمىق، قىستاڭ، بىر خىلدا قېتىپ قالغان، ئۆزگەرمەس، جىددىي ۋە بۇرۇقتۇم مۇھىتىدىن ئايرىلىپ، بىپايان يېشىل بوشلۇقتا ئېرىشكەن بىچارە، ھېسسىياتچان شەھەرلىكنىڭ خۇشاللىقى ئۆرلەدەيتتى.

تەشنائى بولسا ئەتراپنىڭ ئاشۇ جەلىپكارلىقىغا ھېچ پەرۋا قىلماي، ئادىتى بويىچە بېشىنى سىلىپ قانداقتۇر خىياللارنىڭ قۇچىقىغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى، يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنى ئۈچۈن يېزا مۇھىتى ئۇنىڭغا يېڭىچە تۇيۇلمامدىكىن؟ ياكى مېنىڭ يۈزۈمنى دەپلا مەشرەپ سورۇنىدىن ئايرىلغان بولسا بۇ يەردە ئۈن - تىنۋشسىز ئايلىنىپ يۈرۈش ئۇنىڭغا بىھۇدە ۋە مەزىسىز تۇيۇلۇۋاتامدىكىن؟

— قايتامدۇق يە ...— دېدىمەن ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ ئۇشتۇمتۇت.

تەشنائى بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قىزىقسىنغاندەك قارىدى - دە، مېيىقىنى قىشايتىپ ئۇستىھزا ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى:

— سىز مەن ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرماڭ، مەن مۇشۇنداقمەن، — ئۇ جىم بولدى ۋە يەنە بېشىنى سىلىۋالدى.

— سىزنى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ زېرىكىپ قېلىۋاتامدىكىن دەيمەن، — دېدىمەن سەل خىجالەت بولۇپ — ماڭا قويۇپ بەرسىڭىز بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرقى چېكىگىچە شۇ يۈرۈشتە ماڭسام دەيمەن، شۇ تاپتا تېنىم يەڭگىللەپ، روھىم ساپلىشىۋاتقاندەك، تومۇرلىرىمدىكى قانلار يېڭىلىنىپ ياشىرىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ...

— شەھەرلىكلەرچە ھېسسىيات، يازغۇچىلارچە ھاياجان، مەككارلارچە تۇزاق ...— دېدى تەشنائى خىرقىراپ غەلىتە ئاۋازدا، ئىككىمىز تەڭلا چىن دىلىمىزدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتۇق، ئەتراپىمىزدىكى ھەممىلا نەرسە بىردىنلا يۇمشاپ ياشىرىپ كەتكەندەك بىلـ

لىندى، مەن تەشنائىدىن ھېچنەرسىنى ھەتتا ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ئەڭ خۇپىيانـە خىـ
يالىنىمۇ يوشۇرۇپ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. نېمىشقىدۇر بۈگۈن مەن ئۇنىڭ ھەر-
بىر قاراشلىرىدىن، مەن بىلەن مۆرىدەشكەن ھالدا بېشىنى يەرگە سېلىپ ئۇنچۇقماي بىر
خىلدا قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرىدىن بىر خىل خاتىرجەملىكنى، ئاز-تولا ئازادىلىكـنى
ۋە بىر خىل قەدىناسلارچە چۈشىنىش بىلەن ئىشەنچنى ھەر مىنۇتتا سېزىپ تۇرۇۋاتـ
مەن. شۇڭا مەن ئۇنچە بەك تۈزۈت قىلماي ۋە ئەگىتىپ يۈرمەيلا تۈنۈگۈن يامغۇر سەۋە-
بى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبىتىمىزگە باغلىق ئىشلار ھەققىدە توغرىدىن - توغرا ئېغىز
ئاچسام بولۇۋېرەر ئەمدى دەپ ئويلىدىم.
— سىز بابا «يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ قالامسىزكىن» دېدىڭىز، مەن يالغۇز ئەمەسـقۇ؟
مانا سىز تۇرۇپسىز، — تەشنائى ئۇشتۇمتۇت سۆز باشلىدى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆزى ئا-
يىغىمىز ئاستىدىكى توپا يولدا ئەمـەس، ئۇدۇلـىمىزدا قەد كېرىـپ تـۇرغان ئاقـباش
قارلىق چوققىلار ئۈستىدە ئىدى، ئۇ گويا ئۇ يەردىن بىر ئەھمىيەتلىك نەرسىنى ئىزدە-
گەندەك، بىرەر مۇھىم نەرسىنى كۆزدىن يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇۋاتقاندەك، ئاشۇ بۈ-
يۈك چوققىلارنىڭ ئاللىقانداق بىر يېرىگە جىددىي نەزەردە قادالغانىدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە
يالغۇزلۇق ماڭا يېڭى نەرسە ئەمەس، مەن ئەزەلدىن يالغۇزمەن... سىـزمۇ مېنىڭ ئەتـ
دىن كەچكىچە ھەر قانداق جاي ۋە ھەر قانداق چاغدا ئاغرىق قۇشتەك يالـغۇز تەنها
يۈرگىنىمگە قىزىقىپ قالدىڭىزغۇ؟ دەل مۇشۇ يالغۇزلۇق بىزنى بىر - بىرىمىزگە باغلىـدى
غۇ؟ — تەشنائى ئۆزىنىڭ سۆزىنى تەسدىقلاۋاتقاندەك سۆزىدىن توختاپ كىچىككىنـە ۋە
بەكمۇ بالدۇر چاچىسىزلىنىشقا باشلىغان بېشىنى ئۆزىنى تىڭشىغان ھالدا ئىككى ئۈچ قېـ
تىم ئاستاغىنا لىڭشىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ مەۋ-
جۇتلۇقىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك شەكلى يالغۇزلۇقتۇر، تەنهالىقتۇر. ئادەمگە تۆرەلگەندىن
تارتىپ ئۆلگۈچە، ھەتتا چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكۈچە ئاجرالماس ئەڭ سادىق ۋە
بىردىنبىر ھەمراھ يېگانىلىقتۇر... ئادەم قورساقتا تۆرەلگەندە تەنها تۆرۈلىدۇ، تۇغۇلغانـ
دا تەنها تۇغۇلىدۇ، ئۆلگەندىمۇ يالغۇز كۆمۈلىدۇ. سەن تۇغۇلغان مىنۇتتىن باشلاپ ئاناڭ
ساڭا ھەر دائىم ھەمراھ بولغاندەك قىلىدۇ، سېنى ئۆز باغرىدىن كېچە - كۈندۈز ئاجراتمىـ
غاندەك قىلىدۇ، لېكىن تازا ئويلاپ باقساڭ ئاناڭمۇ، ساڭا ھەر قاچـان ھەمراھ ئەمـەس،
ئۇمۇ ھەرىكەت، پائالىيەتكە، تاماق يېيىشكە، ئۇخلاشقا، ئىشلەشكە قىسقىسى ياشاشقا موھـ
تاج، ئاناڭنىڭ ئاشۇ موھتاجلىقى تۈپەيلى سەن ھەر دائىم ۋە پات - پات يالغۇز قالىـ
سەن، ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشلىرىڭ، دوست، بۇرادەرلىرىڭ ساڭا شۇنچە ئىـجىـلـدەك،
سەندىن زادىلا ئايرىلمىغاندەك، ھەر دائىم سېنىڭ بىلەن يانمۇ يان يۈرگەنـدەك قىلىـ
شىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئېھتىياجى بارغۇ؟ ئۇلارنىڭ ياشاش ئۈچۈن كېرەك بولىدىـ
غان پائالىيەت - مەشغۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىگە سەن ئورتاق بولالامسەن؟ ئەڭ مۇھىمـى
ئۇنىڭ تەپەككۇرىغا، يوشۇرۇن خىياللىرىغا، خۇپىيانە سىرلىـرىغا، شەيئىلـەرنى كۆزىتىـش
نۇقتىسىغا، شەيئىلەر ھەققىدىكى ھېسسىي ياكى ئەقلىي خۇلاسىلىرىگە سەن ھەر قاچان شىـ
رىك بولالامسەن؟ ئۇ كىشى سەن ئۈچۈن قانچىلىك يېقىن ئادەم بولمىسۇن، ئۇ ئۆزىنىـڭ

مۇشۇ مەشغۇلىيىتى تەلەپ قىلغان ھەر قانداق ماكان ۋە زاماندا قىلچە دىلغۇل بولماي، ئويلاپمۇ ئولتۇرماي سېنىڭدىن ئايرىلىشى كېرەككۇ ۋە شۇنداق قىلىدىغۇ؟ بۇ ھاياتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھەقىقەتقۇ؟ ئۇ قانداق ھەقىقەت؟ ئۇنىڭ ئېتى نېمە؟ بۇ خۇددى ئۆلۈمگە ئوخشاش مەڭگۈلۈك ۋە قۇدرەتلىك ھەقىقەت، ئۇنىڭ ئېتى يالغۇزلۇق ... يالغۇزلۇق روھنى پەرۋىش قىلىدۇ، ئىرادىنى تاۋلايدۇ، يالغۇزلۇقتىكى ئادەم ھاياتنىڭ ئەسلىگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئادەم. ئىنسان ئاشۇ يالغۇزلۇقنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ھىممىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يوشۇرۇنغان كۈچىنى، ئىقتىدارىنى، تالانتىنى، ئەقلىنى تېپىپ ئالالىسا ئۇ ئادەم ھاياتتا ئەڭ قەيسەر، ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ چىن ئادەمگە ئايلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدە تەساۋۇردىن ھالقىپ كەتكەن، تولىمۇ مۇكەممەل ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ ۋە بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران قالىدۇ.

لېكىن ئادەملەر بۇ يالغۇزلۇقتىن ئېمىشقىدۇر قورقىدۇ، يالغۇزلۇق ئازابىنى دوزاخ ئازابى دەپ بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا يىغلايدۇ، قاقشايدۇ، زارلايدۇ، دوست-يارەنلىرى، ئىشەنگەن ئادەملىرى ۋە كۆڭۈل يېقىنلىرىدىن بىرەرى ئۇنى تاشلىۋەتسە، ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلسا چەكسىز قايغۇرىدۇ، ھەسرەت ئوتىدا ئۆرتىنىدۇ، ئۆكۈنىدۇ ھەتتا ھاياتىدىن كېچىدۇ. بۇ، ئىنسانىيەت روھىنىڭ زەئىپلىكى، ئىرادىسىنىڭ چۈرۈكلۈكى. ھاياتنى، ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەسلى قېلىپىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى چۈشەنمەسلىكى ئۆز ئەتراپىدىكى بارلىقنى ئۆزى بىلەن تەڭ قىممەتتىكى مەۋجۇتلۇق دەپ ئەمەس ئەكسىچە ئۇنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ كاپالىتى، بىردىنبىر ھىماتى، ھىمايىچىسى دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆزى يەرگە ئۇرغانلىقى، ئۆزىنى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىگىسى دەپ تونۇماي، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەرك-ئىختىيارىنى سىرتقى مۇھىتقا تاپشۇرۇۋېتىپ، ھەتتا تاشقى بارلىققا ئەركىلەپ ئۆزىنى پەسلەشتۈرگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس! بىز نېمىدېگەن بىچارە-ھە؟ بىز شۇ قەدەر بىچارە ۋە ھاماقەت بولغاچ، رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ، شەپقەتسىز تاشقى بارلىقنىڭ كىچىككىنە زەربىسىگە چىدالماي توپىغا ئېغىناپ يىغلايمىز، ئۆزىمىزنىڭ شۇ قەدەر زەئىپلىكىمىزدىن نومۇس قىلىشنى، ئۇيۇلۇشنى بىلمەك بولاتتىغۇ، ئاخىر!

تەشنائى ئېغىر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى توختاتتى، ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا ئۇدۇلىمىزدىكى قارلىق چوققىلاردا ئىدى. ئىچىمنى نامەلۇم بىر كۈچ سىقماقتا ئىدى، مېڭەمدە بارا-بارا بىرخىل قىزىقلىق پەيدا بولۇۋاتاتتى، مېنىڭ نېمىدۇر دېگۈم، تەشنائى بىلەن كەسكىن تالاشقۇم كېلىپ ئىچىمدە نېمىدۇر قوترايتتى، — «لېكىن ... ھازىرچە ماڭا كىركى ئاڭلاش! — دېدىم ئىچىمدە ئۆزۈمگە، — بۇ نىمجان قەلبىنى، بۇ ئېپىپىناق خاراكتېرنى بىر چۈشىنىپ باقاي ... شۇ تاپتا ئۇنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، سۈكۈت!»

مەن يەنە ئىلگىركىدەكلا ئۈنچىقماس بولۇۋالدىم.

— لېكىن بۇ يالغۇزلۇق ھەرگىزمۇ ئائىلىنىڭ، كوللېكتىپنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ پارچىلىنىشى، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئىشەنمەسلىك ۋە دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان يالغۇزلۇق ئەمەس، مۇبادا ئادەملەر بۇنداق «يالغۇزلۇق»قا مەھلىيا بولسا ئۇ چاغدا

ئائىلە، كوللېكتىپ، مىللەت ۋە دۆلەت ۋەيران بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت نەچچە مىڭ
يىلدىن بېرى قان ۋە تەر ھېسابىغا ياراتقان مەدەنىيەت ئۈزۈل - كېسەل يىمىرىلىپ،
ئىنسانىيەت دۇنياسى ھالاك بولىدۇ! مەن توختىلىۋاتقان يالغۇزلۇق ھاياتنى، ئادەمنى،
مىللەتنى ۋە ۋەتەننى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان، بىر قەلبىنىڭ كىشىلىك
تۇرمۇش يولىدا ئۆز بېشىغا كەلگەن ئوڭۇشسىزلىق ۋە ھاياتنىڭ كۈتۈلمىگەن سوققىلىرىغا
ئىنكاس قايتۇرۇش شەكلىدىكى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش،
ئۆز - ئۆزىنى تېپىۋېلىش ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كېلىچىكى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت
- سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتكۈل يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلىش يولىدىكى
تالپىنىش مەنىسىدىكى يالغۇزلۇقتۇر، بۇ خىل تاللاش ھېچ ئىككىلەنمەي مىللەتنى،
ۋەتەننى، ئادەملەرنى — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى چىن قەلبىدىن سۆيۈشىدىن ۋاز كەچمىگەن،
ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلاشنى ئاخىرقى مۇددىئا قىلغان يالغۇزلۇقتۇر، — تەشنائى سۆزىدىن
توختاپ ئۇدۇلىدىكى بىر چوققىغا ئۇزاقتىچە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى
ئاشۇ چوققىنى بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە تىنتىماقتا ئىدى، ئۇنىڭ چېھرى ئۆچۈۋاتقان
شەپەقنىڭ شولىسىدىنمۇ ياكى ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان بىر خىل ھاياجانلىق سېزىمىدىنمۇ
ئەيتاۋۇر شەلپەردەك قىزارغانىدى. ئۇ لەۋلىرىنى تەشنا بولغاندەك يالاپ قويدى، — مانا
سەلىمە خانىم ماڭا مۇشۇلارنى دېگەنىدى ... — ئۇ گويا «سەلىمە خانىمنىڭ كىملىكىنى
ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟» دەۋاتقاندەك سوراق نەزەردە ماڭا قاراپ قويدى، — سىزنىڭ يالغۇزلۇق
ھەققىدىكى بايىقى سۆزلىرىڭىز سەلىمە خانىمنىڭ بۇنىڭدىن 15 - 16 يىل ئىلگىرىكى
ھېلىقى كۈندە قىلغان ئۇنتۇلماس سۆزلىرىنى ئېسىمگە سالدى، شۇنداق، ئاشۇ
خانىم، ھېلىقى كۈنى مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى، ئۇ ئۇزاق سۆزلىدى. ئۇ مېنى بىر
ناتىۋان كىچىك بالا دەپ ئەمەس، گويا ئۆزى بىلەن تەڭتۇش، ئۆزى بىلەن پىكىرداش
ۋە تەقدىرداش ئالىي مەلۇماتلىق بىر ئادەم قاتارىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ سۆزلەۋەردى، مەن
ئۇنىڭ ئىپتىقادلىرىنى ئايرىم سۆز سۈپىتىدە چۈشەنسەممۇ ئۇ سۆزلەر بىر — بىرىگە باغلانغان
جۈملە شەكلىگە كىرگەندە بولسا ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدىم، بىلىشىمچە سەلىمە
خانىم ئۇ كۈنى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشتى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىچىگە يىغىلىپ
قالغان سۆزلىرىنى ئاشۇ دالىغا، ئاشۇ توپىلىق يولغا، ئاشۇ جاپاكەش زېمىنغا كۆز يېشى
بىلەن تۆكۈپ بەردى، مەن ئۇنىڭ دەردلىك ئۆكسۈشلىرىگە، ئاشۇ زارلىق پىغانلىرىغا ۋە
ئاشۇ چوڭقۇر ۋە يالقۇنلۇق پىكىرلىرىگە چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا لايىقىدا بىرەر ئېغىز جاۋاب
بېرەلمىگىنىم ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلاندىم، دەرۋەقە مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم، چۈنكى
مەن تېخى بەكمۇ كىچىك ۋە ساۋاتسىز ئىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى قەلبىمگە،
يۈرىكىمگە بىرمۇبىر ئورنىتىۋالدىم، يۈرىكىمگە نەقىشلەپ يېزىۋالدىم، چوڭ بولغاندا
چۈشىنەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرى بىرمۇبىر يادىمدا تۇرۇپتۇ.
يۈرىكىمگە نەقىشلەنگەن ئاشۇ سۆزلەرنى پات - پات ئەسلەيمەن، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى كېيىنرەك
چۈشەندىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرى پۈتكۈل ھايات يولۇمنى كۆرسىتىپ
بەردى، ھازىرلا ئەمەس ئاشۇ چاغلاردا، ئاشۇ كۈنلەردىلا! ئۇ مەن بىلەن خوش-

لىشىۋېتىپ هاياجان بىلەن پىچىرلاپ: «دېگەنلىرىمنى چۈشىنىشكە تىرىشقىن، ئۇنى ئۇنۇتـ
ما، ئەمدى باشقىچە ياشاشقا ئۆگەنگىن، شۇ چاغدا هەممىلا نەرسە ياخشى بولۇپ كېتـ
دۇ» دېگەنىـدى. مەن ئۇنىڭ كەچكى شەپەق بىلەن لاللەدەك قىزارغان ۋە مېنىڭ سەـ
بى يۈرىكىمگە ئىسسىق نۇر تېمىتىپ تۇرغان چېھرىگە هاڭۋېقىپ قاراپ قالدىم، شۇ مىـ
نۇتتا ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك قايغۇلۇق لېكىن شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، ئۇنىڭ
ئاشۇ روشەن هەم ۋەيرى يېپىلىنجاپ تۇرغان، تازا، خاتىرجەم لېكىن مۇڭلۇق كۆزلىرىنى
ئەبەدى ئۇنتالمايمەن، سەلىمە خانىم ماڭا شۇ كۈنى ئادەتتىكىدىن يۈز هەسسە گۈزەل
ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈندى...

## 8 - باب

— سەلىمە خانىمنىڭ ئېيتقانلىرى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. شۇ كۈنى قانداق
ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، مېنى تاتلىق ئۇيقۇ قوينىغا ئېلىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى
دەقىقىلەردىمۇ سەلىمە خانىمنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنىڭ مېڭەمنىڭ ئىچىدە جاراڭلاپ
تۇرغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە ... بالا شۇنداق بولامدۇ ياكى ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ، بىلـ
مىدىم، ئۆزۈك ئىشەنگەن، ئۆزۈك چوقۇنغان، ئۆزۈك ئەقىدە باغلىغان بىراۋنىڭ بىرەر ئېـ
غىز ئەهمىيەتلىك سۆزى بىلەن ئۆزۈكنىڭ ھېچقاچان مېڭىپ باقمىغان بىر يولغا، ھېچقاـ
چان بېرىپ باقمىغان بىر مەنزىلگە قانداق مېڭىپ ۋە قانداق بېرىپ قالغىنىڭنى بىلـ
مەي قالىدىكەنسەن. شۇنداق، مەن سەلىمە خانىمنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىدىن گويا ھېچنىـ
مىنى چۈشىنەلمىگەندەك قىلىۋېدىم، لېكىن بىرلا نەرسىنى — ئەمدى باشقىچە ياشاش كېـ
رەكلىكىنى، كىشىلەرنىڭ بوزەك قىلىشلىرى، كەمسىتىشلىرى ۋە هاقارەتلىرى ئالدىدا، يېـ
تىملىكىنىڭ كۆلپەتلىرى ئالدىدا قورقۇپ - تۈگۈلۈپ، شۈمشىيىپ تىترەپ، يىغلاپ بوزلاپلا
ئۆتمەسلىك ئۈچۈن، قىسقىسى مېنىڭ يېشىم ۋە ئۆزۈمنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقىدىن بەكلا ئېشىپ
كەتكەن هايات سوققىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تېپىۋېلىش، ئۆزۈمنى كۈچەيـ
تىش، ياشاش ئىقتىدارىمنى كۈچلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى غۇۋا بولسىمۇ ھېس قىلغانىدىم.

ئويلىسام شۇ چاقىچە بەكمۇ بىچارىلەرچە ياشىغانىكەنمەن، ياشاش ماڭا ئازاب ۋە
خورلۇق مەنىسىدىلا بىلىنگەنىكەن ... تەنھا ئىدىم، ئۇ تەنھالىق ماڭا دۆشمەن ئىدى،
يالغۇزلۇقنىڭ مۇدھىش تىرناقلىرى، مېنىڭ سەت بولسامۇ ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن دوستـ
لۇققا، ئەركىلىتىشكە، مېھرى—مۇھەببەتكە موھتاج سەبىي ۋە يۇمران يۈرىكىمنى بەكـ
مۇ بالدۇر تىتىشقا باشلىغانىدى. تەنھالىقنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى مېنىڭ كەچ كۈزدىكى
يالڭاچ دەرەخنىڭ ئاخىرقى ياپرىقىدەك يېگانىلىك ۋە يېتىمچىلىكنىڭ دەردىدە سولىشىۋاتقان
ۋۇجۇدۇمنى شەپقەتسىزلىك بىلەن قاساپ غاجايتتى، ئۇنىڭ قارا قاناتلىرى مېنىڭ باش
ئۈستۈمدە مۇزدەك سوغۇق، نەشتەردەك ئاچچىق ۋە ئىزغىرىن شامال چىقىرىپ تومۇرلىـ
رىمدىكى قاننى مۇزلىتاتتى، كۆزگە كۆرۈنمەس چايان بولۇپ ئەزايىمنى چاقاتتى، قارا
چۈش بولۇپ مېنى قورقۇتاتتى، يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك مېنىڭ قانلىرىمنى ئاستا-

ئاستا لېكىن توختىماي شورايتتى، تېنىمنى پارچىلاپ بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن ئالدىرىماي يالماپ يۇتاتتى...

ئەتىسى سەلىمە خانىم مېنى چاقىرىپ مەن بىلەن يەنە سۆزلەشتى، ماڭا يەنە نۇرغۇن سۆزلىدى، ئۇ مېنى ئەركىلەتمىدى، مېنى بەزلىمىدى، ماڭا تەسەللىي بەرمىدى، پەقەت بۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپىمدا سادىر بولىدىغان ھادىسىلەرگە، بېشىمغا كېلىدىغان قىسمەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا، ئادەملەرگە، ھاياتقا ۋە ئۆزۈمگە دۈشمەنلىك نەزەرىدىن ئەمەس، ئەكسىچە بىر چەكسىز سۆيۈش نەزەرى بىلەن، ھاياتنىڭ ھەممە دەقىقىلىرى ئىچىدىن خۇشاللىقىنى ئىزدەپ تېپىشىنى، شادلىنىشنى بىلىش توغرىسىدا، ياشاشنىڭ مەقسىتىنى بىر ئۆزى ئۈچۈن دەپ ئەمەس، كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش دەپ چۈشىنىش توغرىسىدا، قىزىقىش نۇقتىسىنى، قەدىرلەش، كۆڭۈل بۆلۈش نۇقتىسىنى شەخسىيەتتىن ئومۇمىيەتكە، ئۆزىدىن جەمئىيەتكە، باشقىلار تەرەپكە يۆتكەش توغرىسىدا، شۇ چاغدىلا، پەقەت شۇ چاغدىلا ھاياتنىڭ تولىمۇ مەنىلىك ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا... ئىشقىلىپ مەن ئاڭلاپ ۋە ئويلاپمۇ باقمىغان بەك ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلىدى... ئۇ ئېپەكتەك يۇمشاق، نۇردەك سىلىق ۋە باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق ئاھاڭدا سۆزلىدى، تونۇگۇنكىدەك ئالدىرىماي، ھاياجانلانماي دانە - دانە قىلىپ سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى قىيام بولۇپ يېتىملىك، تەنھالىق، يەكلىنىش ۋە خورلىنىشتىن زىدە بولۇپ ھالسىزلىنىپ بىھوشلانغان بىچارە يۈرىكىمگە شۇرقىراپ قۇيۇلدى، ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەر - بىر دانىسى چاك - چاك بولۇپ بۆسۈلۈشكە باشلىغان كىچىككىنە يۈرىكىمگە كۈمۈش ئىزما، ئالتۇن تۈگمە بولۇپ ئورناشتى. سەلىمە خانىم مەن بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا ماڭا بىر مۇنچە كىتابلارنى بەردى، ئۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىلا ئەدەبىي كىتابلار ئىدى، مەن ئۇ كىتابلارغا ئاچكۆزلەرچە يېپىشتىم، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ كىتابلارنى ئاش - نان يېيىشنى ئۇنتۇپ ئوقۇدۇم، تەكرار - تەكرار ئوقۇدۇم.

پاھ...! ئەمدى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بىر بىپايان دۇنيا ئېچىلدى، بۇ دۇنيادا مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ئادەملەر ياشايتتى، ئۇلار مەن ھازىرغىچە كۆرۈپ ئۆگەنگەن ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئويلاشلىرى، سۆزلەشلىرى باشقىچە ئىدى، ئۇلار ھاياتنى گۈزەللەش، ئادەملەرنىڭ خۇشاللىق ۋە ياخشىراق ياشاشلىرى توغرىسىدا ئويلايتتى ۋە ئۆزلىرىنى ئاشۇ ئۇلۇغ مەقسەتلەر ئۈچۈن تەييارلايتتى، بىر - بىرىنى تەربىيىلەيتتى، ئۇلار بىر - بىرى توغرىسىدا كۆرەلمەسلىك، ئىچىتارلىق، كەمسىتىش ۋە دۈشمەنلىك تۇيغۇسىدا ئەمەس، ئەكسىچە ھېسداشلىق، غەمخورلۇق قىلىش، باراۋەرلىك، دوستلۇق ۋە قەدىرلەش تۇيغۇسىدا ئالاقە قىلىشاتتى، بىراۋنىڭ بەختسىزلىكىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلمەيتتى، بىر - بىرىنى غالجىر ئىتلاردەك تالىمايتتى، ئۇلاردا بالىلار كىچىكىدىن باشقىلارنى سۆيۈش، ھۆرمەتلەش، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش تەلىپىدە تەربىيىلىنەتتى، ئادەملەر ئادەملەرگە ياخشىلىق يارىتىش ئۈچۈن ياشايتتى، ئىشلەيتتى... مانا مەن ئاشۇ كىتابلارنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاشۇنداق بىر

سەلتەنەتلىك ۋە گۈزەل دۇنيانىڭ قوينىدا ياشايدىغان بولدۇم، بۇ كىتابلاردىكى چوڭقۇر
مەنىلىك سۆزلەر، ئاددىي لېكىن ئارزۇلۇق ھايات كۆرۈنۈشلىرى، ئادەملەرنىڭ سۆزىدە ئى-
پادە قىلىنىۋاتقان يالقۇنلۇق پىكىرلەر، ھەرىكەتلىرىدە ئىزھار قىلىنىدىغان ئالىي ئىلەك، پا-
كىز، مەقسەتلەر... مېنىڭ ئەتراپىمدىكى جىمىكى بارلىقنى ھەتتاكى ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇل-
دۇرۇپ، ئۆزۈمدە ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل ھوزۇرلۇق، سېھىنى، تەمە-
سىز، دانىشمەن ھەمدە خىيالغا، ھېسسىياتقا، تەپەككۇرغا باي بىر يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشى-
شىمغا قۇدرەتلىك ۋە خوردىماس ئېنېرگىيە، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جۇشقۇن مىلودىيە بول-
دى... شۇ كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن بىردىنلا ئۆزگەردىم، ئەتراپىمدىكى جىمى
بارلىق ئۆزگەردى — مەن دەسسەپ تۇرغان زېمىن، مەن ئىگىلەپ تۇرغان بوشلۇق بىر-
دىنلا كېڭەيدى، بۇ بوشلۇق چەكسىز ئىدى، بۇ بوشلۇقتا خۇشاللىق، مېھرىبانلىق، چۈ-
شىنىش، دوستلۇق، ياخشى ئىلەك، گۈزەل ئىستەك، سەممىيەت، باراۋەرلىك، قەدىرلەش،
غايە... ئىشقىلىپ مەن موھتاج بولغان ئەڭ ياخشى ۋە ھەممە نەرسە تەل ئىدى، يەنى
كېلىپ بۇ بوشلۇقتا مەن. پەقەتلا، ئۆزۈم تەنھا ھۆكۈمران ئىدىم، ئاشۇ بوشلۇقتىكى جىمى
بارلىقتىن مەن خالىغىنىمچە، ھەرقاچان ۋە دەخلىسىز پايدىلىناتتىم، مەن بوشلۇقتا تۇرۇپ
ئەتراپىمدىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ خۇپىيانە سىرلىرىغا شېرىك بولاتتىم، ئۆپچۆرەم-
دىكى بارلىقنىڭ جىمى ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتىم، ھاياتلىقنىڭ تىنىمسىز ۋە قىز-
غىن شىۋىرلاشلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاجىز تىنىقلىرىنى، سېزىۋالغۇسىز دەرىجىدىكى ئەڭ
نازۇك چىرسىلداشلىرىنى ئاڭلىيالايتتىم. ھەر بىر بارلىقتا ئەكس ئېتىۋاتقان ۋە ئۈزۈلۈپ-
مەي داۋام قىلىۋاتقان زىددىيەتلەرنى، توقۇنۇشلارنى، ئۆزگىرىشلەرنى، يېڭىلىنىشلارنى،
ياشىرىش ۋە قېرىشلارنى بىلىپ تۇراتتىم، تۇۋا، ئەدەبىياتنىڭ خاسىيىتىنى قاراڭ...!!
ئەدەبىياتنىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈڭ...! ئاشۇ كىتابلار، ئاشۇ ئەدەبىيات ھەممىنىلا يېڭىلىۋەت-
تى، ئەمدى مېنى قورشاپ تۇرغان ھاۋامۇ بىردىنلا ئىللىپ كەتتى، بۇ ھاۋا ئەمدىلىكتە
بەكمۇ يۇمشاق، يەڭگىل ۋە خۇش بۇي بولۇپ ئۆزگەرگەنىدى، مەن مېنى ئوراپ تۇرغان
ئاشۇ ھاۋادىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئانا زېمىننى، ئانا ۋەتەننى، ئار-نومۇس ۋە ئەركىنى
ئېزىزلەش توغرىسىدىكى، ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ساقلاش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغ-
داش ۋە قەدىرلەش توغرىسىدىكى باتۇرلۇق، جەڭگىۋارلىق بىلەن تولۇپ-تاشقان بۈيۈك ۋە
ئەزگۈ قىسسەلىرىنى ئاڭلايدىغان بولدۇم، مەن يەنە ئاشۇ ھاۋادىن پەرىشتىلەرنىڭ ياخشى-
لىق، ساۋابلىق، پاكلىق توغرىسىدىكى شېرىن ۋە قىزغىن پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلايدىغان بول-
دۇم... مەن يەنە تومۇرۇمدىكى قاننىڭ جۇشقۇنلاپ شارقىرىشىنى، يۈرىكىمنىڭ گۈمبۈر-
لەپ سوقۇشىنى ھۆجەيرە-كېلىتكىلىرىمنىڭ تىرىسلاپ چىڭىيىپ تارتىلىشلىرىنى ئاڭلايدىغان
ۋە سېزىدىغان بولدۇم... مەن ئاخىرقى ھېسابتا ۋۇجۇدۇمدىكى ئۆگدىگەن روھىنىڭ ئوي-
غىنىشىنى، ئارزۇنىڭ تىرىلىشىنى، كۈچ-قۇدرەتنىڭ پارتىلىشىنى كۆردۈم! مەن نۇرغۇن-
نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندىم، نۇرغۇن-نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىدىم... مەن بولارغا
ئەدەبىيات، ئاشۇ باھاسىز ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلار بەخش ئەتكەن، سەلىمە خانىم قەيت قىل-
غان يالغۇزلۇق، ئاشۇ ئۇلۇغ يالغۇزلۇق ئىچىدە ئېرىشتىم...

مەن ئىلگىرىمۇ يالغۇز ئىدىم، شۇنداق، بەك يالغۇز ئىدىم، مەن ئاشۇ يالغۇزلۇقتىن قاچقانىدىم. ئۇنىڭدىن قورققان ئىدىم، ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەنىدىم، ئۇنىڭ قوينىدا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تىپىرلىغانىدىم، يالغۇزلۇقتىن ئىگىرىغان، ئازابلىنىپ نالە-پەريات قىلغانىدىم، قىسقىسى ئۆزۈمنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھەقىقەت ئەمەس ئادالەتسىزلىك دەپ، پىيشانەمنىڭ تەتۈرلۈكى دەپ چۈشەنگەن، شۇڭا ئۇ يالغۇزلۇق ماڭا شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق تۇيۇلغان ئىدىكى، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ناتىۋان بىچارە ھالدا قالغانىدىم. ئۇ يالغۇزلۇقتىن كۈچ ئېلىشنى، ئۇ يالغۇزلۇقتا ئۆزۈمگە تەۋە ئىقتىدار ۋە قۇۋۋەتنى قېزىشنى، يالغۇزلۇقتا شىپا بولىدىغان ۋە يالغۇزلۇق سېنىڭ سەمىگە سالىدىغان مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش، دوستلۇقنى ئىزدەشنى بىلمىگەنىدىم، قىسقىسى يالغۇزلۇق ئىچىدە كۈچىيىشنى، ئۆزۈمنى تاۋلاشنى بىلمىگەنىدىم. مانا، ئەمدى مەن باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدىم، باشقىلارنىڭ يەكلەشلىرىگە، كەمسىتىشلىرىگە، ئۈستۈمدىن زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈشلىرىگە پىسەنت قىلمايدىغان بولدۇم، گۈلچە ئاچام ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھايۋانلارچە شەپقەتسىزلىكىگە ئىلگىرىكىدەك ئاھ ئۇرۇپ يىغلىمايتتىم. چىرايىمنىڭ كىشىنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىدىكى كۆرۈمسىزلىكى ئەمدى كۆڭلۈمنى غەش قىلالمايتتى، ئەكسىچە مەن شۇنچىلىك قەيسەر ۋە ئىرەكسىز بولۇپ ئۆزگەردىمكى مېنىڭ قەلبىمدە ئۆزۈمنىڭ ھالى ئەمەس، ئۇنىڭدىن چوڭ ۋە مۇھىم نەرسىلەر ئۈستىدىكى خىيال ۋە ئىزدىنىشلەر ئورۇ دەيتتى، ئەتراپىمدىكىلەر مېنىڭ ھەر كۈنى توختاۋسىز داۋام قىلىدىغان ئۇر-تېپىكلەر ئىچىدە بۇرۇنقىدەك شۈمشىيىپ، تىترەپ، ماشىلداپ-يىغلاپ ئەمەس، كۆزلىرىمنى قەيسەرانە چەكچەيتىپ، مەيدەمنى تىك تۇتۇپ ئۇلارنىڭ ئاشۇ خورلۇقلىرىنى قېتىمغىمۇ ئالماي كۈتۈۋالغىنىمنى، دوسمەتتەك چاكىنا، ئەركە-نايناق تېجىمەللەرگە كۆزلىرىمدە ئاشكارا بىلىنىپ تۇرغان مەسخىرە، مەنسىتمەسلىك نەزەرىدە تىكىلىپ قاراشلىرىمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، مېنىڭدىكى ئۈشتۈمتۈت ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي گاڭگىراشتى، مەن ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى زاڭلىق قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ بولۇشمۇ بىر نادانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدىم، مەن ئۇلارنىڭ چاكىنىلىقىنى ئۈنسىز مەسخىرە قىلاتتىم، ئەتراپىمدىكى نادانلىقتا ئۆزۈم ئىلگىرى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئېگىزلىكتە تۇرۇپ، گويا دۆڭدىن ئويمانغا قارىغاندەك سالاپەت بىلەن، ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن مەغرۇر قارايدىغان بولدۇم، بۇ ئۇلارنى ئويلاندۇرۇپ قويدى... ئاھ! مۇشۇنداق ھالەتنى كۆرۈش ۋە ھېس قىلىش نەقەدەر خۇشاللىق-ھە؟! ئەمدى مەن ئۆزۈمگە ئەڭ زۆرۈر نەرسىنى تېپىۋالدىم، ئەدەبىي كىتاب ئاتا قىلغان ئىككىنچى خىل يالغۇزلۇق (ھازىرچە شۇنداق دەپ ئاتاپ تۇراي) مەن تەشنا بولغان، مەن ئىچىرقاپ زارىققان، ئىنسانىي قەدىر-قىممەت، قەيسەر ئىرادە، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى، ئۆز-ئۆزۈمنى كۈچلەندۈرۈش، ئۆزۈمدىن ھالقىپ كېتىش تەشنالىقى، ئىنتىلىش ۋە توغرا تەپەككۇر ھەممىدە ئۆپچۆرەمدىكى ئۇششاق-چۈشەكلەر ۋە ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى ئاجىزلىق، كەمتۈكلۈك سەۋەبى بىلەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە پەس كۆرسىتىدىغان، مېنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا ئىتتىرىدىغان تۇترۇقسىز شەخسىيەتچىلىكتىن ئادا-جۇدا بولغان، ماڭا مەردلىك ۋە كەڭ قورساقلىقتا رىغبەت بولىدىغان يېپيېڭى

ھايات قارشىنى ئىنئام قىلدى... ئاشۇ يالغۇزلۇق يۇمشاق قاناتلىرى بىلەن بېشىمدا كېچە-
چە-كۈندۈز پەرۋانە بولاتتى، ئىللىق شامال بولۇپ پېشانەمگە، مەڭزىمگە، لەۋلىرىمگە سۆ-
يەتتى، قولاق تۈۋىمدە پەقەت مەن ئاڭلىغۇدەك قىلىپ مەيىن ئاۋازدا تەسىرلىك ئاھاڭدا
قىزغىن شېئىر لايىتتى، مېنى ئوتلۇق قۇچىقىغا ئېلىپ تەۋرىتەتتى، مېنى كۆتۈرۈپ، ئەترا-
پىمنى ئوراپ تۇرغان بارلىقتىن ناھايىتى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەتتى، ۋۇجۇدۇمغا كۈچ،
ئۆرىدەش ۋە ئىنتىلىش بېرەتتى... مەن بىردىنلا ئەلاچى ئوقۇغۇچىغا ئايلاندىم، ئىمتىھان
نەتىجەم ساۋاقداشلىرىمنى قانچىلىك تاڭ قالدۇرسا - سەلىمە خانىمنى شۇنچىلىك خۇشال
قىلاتتى، بوشۇش ۋە ئۇزۇش تەقەززاسى ماڭا ئارام بەرمەيتتى، مەكتەپكە ھەممىدىن بۇرۇن
كېلەتتىم-دە، سىنىپنىڭ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئىچى-تېشىنى پاك-پاكىز سۈپۈرەتتىم،
گۈللۈكلەرگە سۇ قۇياتتىم، دوسكىنى سۈرتۈپ قوياتتىم، مەكتەپتىن ھەممىسىدىن كېيىن
قايتاتتىم، يولدا ماڭغىچە كىتاب ئوقۇيتتۇم، دەرسىمنى يادلايتتىم، خىيال سۈرەتتىم،
ناخشا ئېيتاتتىم، كىملەرنىڭدۇر ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ بېرەتتىم، كىملەرنىڭدۇر سۈيىنى تو-
شۇپ بېرەتتىم. كەچلىرى ئۆيدە تاغامنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتىم، يېرىم كېچە-
گىچە ئېشەك، كالا، قوي بىلەن ھەپىلىشەتتىم، سەھەر تۇرۇپ ماللارنى دەريا بويىغا ئېلىپ
بېرىپ ئوتلىتىپ كېلەتتىم، ئوت ئوراتتىم، شاخ-شۇمبا تېرىيتتىم، مەكتەپكە بارالمايدىغان
باللارغا ئېلىپبە ئۆگىتەتتىم، ئاغرىپ قالغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرس تەك-
رارلىشىغا ياردەملىشەتتىم، كىچىكلەر تۇرماق چوڭلارمۇ ماڭا ئامراق بولۇپ قېلىشتى، ساۋاق-
داشلىرىم بارا-بارا ھېلىقىدەك بىمەنىلىكلىرىنى تاشلىدى، ھەتتا مەندىن سەل تەپ تار-
تىدىغان بولۇپ قېلىشتى، ھەتتا گۈلچە ئاچامنىڭ ئاپىسى ماڭا مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا
زاغرا ناننى گۈلچەگە قارىغاندا بىرەر بۇردا ئارتۇقراق بېرىدىغان بولدى...

سەلىمە خانىم ھەر قېتىم مەخسۇس ماڭا ئاتاپ ئۆيىدىن ئالغاچ كەلگەن كىتابنى
قولۇمغا تۇتقۇزۇۋاتقاندا سۆيۈنۈش، قانائەت ۋە ماختاش بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىدا
بېشىم كۆككە يېتەتتى، قەلبىم پەقەت ئانىملا بېرەلەيدىغان خۇشاللىق بىلەن لىپمۇ-لىپ
تولاتتى، كاللامدا ھاياتنىڭ كېيىنكى قەدەملىرىنى قانداق بېسىش توغرىسىدا يېڭىدىن-
يېڭى پىلان ۋە ئارزۇلار جانلىنىشقا باشلايتتى... مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنىلا ئەلا نەتىجە
بىلەن تۈگەتتىم. مەن نە چارچاشنى، نە زېرىكىشنى بىلمەيتتىم، ئۆز ئىشىم ئۈچۈن باش-
قىلاردىن، جەمئىيەتتىن بىرەر ساخاۋەت تىلىمىدىم، تاغدەك ئىشىم ئۈچۈن خەس چاغلىق تەمەدە
بولمىدۇم، ھەر-بىر قەدىمىمنى ئادەملەر ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش مەقسىتى
بىلەن باستىم... ئادەملەر بىلەن ئىناق-ئىجىل ئۆتۈشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا باشقى-
لارنى كەچۈرۈشنى ئۆگەندىم... مەن ئېرىشكەن بۇ يالغۇزلۇق شۇ قەدەر ئېزگۈ ئىدىكى،
ئۇ ھەرگىزمۇ ھاياتتىن بىزار بولغان، ھاياتلىقنىڭ ئىش-ھەرىكەت ۋە ھەلەكچىلىكىدىن
يۈز ئۆرىگەن، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن، ئادەملەرنىڭ كۈلكىسىدىن، قۇياشنىڭ ئىللىق ۋە
پارلاق نۇرىدىن قورقۇپ قاراڭغۇ ئۆڭكۈر، ئەسكى مازارلارغا بېرىۋالغان، ۋايساش، يىغلاشتىن باش-
قىنى بىلمەيدىغان خانىۋەيران جاھان كەچتىلەرنىڭ، قەلەندەر دەرۋىشلەرنىڭ ھوقۇشلارچە مۇد-
ھىش.يالغۇزلۇقىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ياشاش قىزغىنلىقىغا، ئىزدىنىش روھىغا ئىجاد-

كارلىق ۋە ئىنسانىي تەشەببۇسكارلىققا ئەڭ باي ئىجادچان يالغۇزلۇق ئىدى. بۇ يالغۇزلۇق
مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى، روھىيىتىمدىكى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئەڭ
يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە ئىجـاد قۇۋۋىتىمنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلىشىمغا ئىمكان بېرىدىغان
يالغۇزلۇق ئىدى. مەن مۇشۇ يالغۇزلۇقنىڭ تاۋلىشىدىن ئۆتكەن ئىرادەم ۋە ئىقتىدارىم
بىلەن مىللەتكە، ئادەملەرگە، جەمئىيەتكە، ئانا ۋەتىنىمگە ئەجرە ۋە بەرىكەت بېرەلەيتتىم...

جەمئىيـەتمۇ ماڭا ئىسسىق ئورۇن بەردى، ئادەملەر ماڭا تەبەسسۇم ۋە ھۆرمەت
ھەدىيە قىلدى ــ سەلىمە خانىمدەك ئوقۇتقۇچى بولدۇم. كېيىن بولسا شەھەرنىڭ مائارىپ
خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئورگانغا يۆتكەشتى. ھازىر شۇ يەردە خىزمەتتىمەن.
سەپداشلىرىم مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىجـاد ۋە خىـزمەتلىرىـم ئاتاق ھەم شەرەپ بەردى.
تۇرمۇش ھەم خىزمەت سائەتلىرىـم مەنىلىك ۋە قىزغىن... ــ تەشنائـى بىردىنـلا جىمىپ
كەتتى. ئۇنىڭ ھەلقۇمى تىنىمسىز قىمىرلايتتى. ھـاياجانـدىن ئۇنىڭ پېشانىـسى تۈرۈلۈپ
قاشلىرى بىر نۇقتىغا تارتىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمدى بىردىنلا مۇنايىملىشىـپ ئۇنىـڭدا
بىر خىل بەختىيارلىق، خۇشاللىق پارلايتتى. ئۇنىڭ كۆزلـىرى يەنـىلا ئاشۇ قارلىق چوققىـ
لارغا تىكىلـگەنـىدى. مەن بىردىـنلا تەشنائىنىڭ كۆزلىرىنىڭ باياتىنقـى ئەنسىـزلىك ۋە
ئادەم تېگىگە يېتىپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئالدىراشچىـلىق ئىچىـدە ئاشۇ قارلـىق
چوققىلار ئۈستىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنـگەندەك بولـدۇم ــ تەشنـائى
بىر تالانتلىق يازغۇچىغا خاس تەبىئىي ئىقتىدارى ئارقىلـىق ئۇدۇلىمىزدا، لېكىن تولىمۇ
يىراقتا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان كىشـلەر تەرىپىـدىن ئۇنتۇلغىنـى ئۈچۈن يالغـۇزلۇقتا
ئۇيقۇسىراپ قالغاندەك بىر خىل مەيۈسلۈق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتـقان ئاشۇ تاغلارنىڭ نېـ
رىسىدىكى بىر خىيالى مەنزىرىنى، قارلىق چوققـىلارنىڭ ئۈستىـدە قەددىنـى تىك تۇتۇپ
تەشنائى ــ بېسىپ ئۆتكەن ئاياق ئىزلىرىغا، جاپاكەش ھايات ۋە مۈشكۈل كىشىلىك تۇرمۇشـ
قا نەزەر تاشلاپ تۇرغان بىر گىگانت قامەتنى، بىر ئۇلۇغۋار ئوبرازنى ئىزدىگەن ئىكەن.
ئالدىمىزدىكى تاغلار كەچنىڭ كۆكۈچ تۇمانىغا ئورۇلۇپ ياتقان بۈيۈك چوققىلار شۇ تاپـتا
تەشنائىنىڭ نەزەر دىدەئۇنىڭ بۈگۈنى بىلەن ئۆتمـۈشى ئوتتۇرىسىدىكـى توسۇق، ئۇنىڭ
ھازىرى بىلەن بالىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل ئىدى. ئاشۇ قارلىق چـوققىدا تۇرۇپ يىـ
راققا، ئۇنىڭ يىغا ۋە ئاھزار بىلەن زىننەتلەنگەن ئەگرى - بۈگرى ھايات يولىغا داھىياـ
نە نەزەر تاشلاپ تۇرغان گۈزەل قامەت ۋە بۈيۈك ئوبراز ئۇنىڭ، قەدىردان سەلىمـە خاـ
نىمنىڭ ئوبرازى ئىدى. باياتىندىن بېرى تەشنائىنىڭ كۆزلىرى، ھېلىقى ھېسسىياتـچان،
چاپقۇر ۋە تالماس كۆزلەر ئاشۇ توسۇق پاسىلدىن ھالقىـپ ئۆتۈپ ناھايىـتى يىراقتا قالـ
غان ئۆتمۈشنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئاشۇ تاغلارنىڭ ئۈستىنى جاھىللارچە قىـدىرغان،
ئاقتۇرغان ئىكەن، ئاشۇ قارلىق چوققىلاردىـن، ئاشۇ كـۆكـۈچ تۇمان ئارىسىـدىن ئۇنىڭ
بالىلىق قەلبىگە ئالتۇن تەخت قۇرغان مەبۇدىنىڭ، شەپقەت پەرىشتەسىنىڭ نۇرانە ئوبراـ
زىنى ئىزدىگەن ئىكەن... مانا ئەمدى ئۇ گويا ھەممىنى ــ ئاشۇ تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ
يىراقتىكى ئۆتمۈشنى، ئۆزى ئىزدىگەن دانا يولباشچىسىنىڭ سىماسىنـى تېپىـپ ئالـغانـ
دى. شۇڭا بۇ كۆزلەر بىر خىل بەختىيارلىق ئىچىدە چاقنايتتى، كۈلەتتى، لېكىن بۇ چاقـ

لماش نېمىشقىدۇر يەنىلا قايغۇلۇق، بۇ كۈلكە نېمىشقىدۇر يەنىلا ھەسرەتلىك ئىدى... كۆك بېتى سەندەلدىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلاردەك ئالتۇنرەڭ چېكىتلەر بىلەن جىمىرلاشقا باشلىدى. تولۇن ئاي تاغ ئارىسىدىن ھۇرۇنلۇق بىلەن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. زېمىنگە ئاستا-ئاستا كۆك رەڭ يامىرىدى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ ۋە بالدۇر قىچقىرىدىغان توخۇلار-نىڭ ئۈنى ئاڭلىناتتى. مەھەللىنىڭ ئىچكىرىسىدىن خۇددى تاغ ئىچىدە كىمدۇر بىرى قايسىبىر تاشقا داراڭگا ئۇرۇۋاتقاندەك بىرخىل رىتىملىك دۈڭگۈلدەش كېلىۋاتاتتى. بۇ، مەشرەپ سورۇنىدىكى كىچىك داپنىڭ ئاۋازى ئىدى. شۇ سورۇندىن كېلىۋاتقان مۇقام ساداسى مەزىننىڭ ئەزىنىدەك سوزۇق، مۇڭلۇق، بوغۇق ۋە غەمكىن ئىدى. ئەمدىلىكتە يول بويىدىكى دەرەخلەر شالاڭشىپ قالغانىدى. بىز ئارقىمىزغا قايتىشنى ئويلاپمۇ قويماي ئۈنچىقماي بىرخىلدا مېڭىۋەردۇق. مەھەللە خېلىلا يىراقتا قالدى.

## 9 - باب

تەشنائى خۇددى كۆپكۆك زىلال سۇ ئىچىدىن سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ لەيلەۋاتقاندەك قېنىق كۆك نۇر بىلەن گۈڭگۈلاشقان ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدىن سىلىق ۋە ئاستاغىنا سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان ئايغا تىكىلىپ تۇردى ۋە تەڭقىس بولۇۋاتقاندەك سەل دۇدۇقلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمدى شۇ كۈنلەردە يالغۇزلۇقۇم، تەنھالىقىم مېنى... مېنى نېمىشقىكىن... ئويلاندۇرىدىغان بولۇپ قالدى... ھەيرانمەن، بۇ يېشىمنىڭ يەتكەنلىكىمۇ، ئەقلىمنىڭ پىشىۋاتقانلىقىمۇ ياكى ھاياتنىڭ مەن كىچىكىدىن ئەقىدە باغلاپ كېلىۋاتقان كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئېتىقادىمنى، ئىرادەمنى سىنىغىنىمۇ؟ ياكى بولمىسا... مېنىڭ تۇرمۇش قارىشىمدا بىرەر ئۇقۇشماسلىق بولسا، ئاشۇ ئۇقۇشماسلىقنى تۈزىتەۋېلىشىم ئۈچۈن ھاياتنىڭ ماڭا بېرىۋاتقان پۇرسىتىمۇ بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. لېكىن بۇ سىناق ۋە پۇرسەت مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بولۇۋاتىدۇ... ئۆزگىرىۋاتىمەن، ئۆزگىرىۋاتقىنىمنى ھەر مىنۇت سېزىمەن، گاڭگىرايمەن، پۇچۇلىنىمەن...

... مەن ئىدارىدە يېتىپ-قوپىمەن، تامىقىم سىرتتا، ئىدارىدىكىلەر بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتىدىن باشقا ئىشىمىز يوق، ئارتۇق گەپ-سۆزىمىزمۇ يوق، ئولتۇرۇش، مېھماندارچىلىق، ھېيت پەيتىسى دېگەنلەرگە بارمايمەن، ئەتىگەندە سەھەر تۇرۇپ كىتاب كۆرىمەن، خىزمەتكە ئەزەلدىن كېچىكمەيمەن. ئىشخانىدىن زادىلا سەۋەبسىز ئايرىلمايمەن، كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئىدارىگە يېقىن ئاشپۇزۇلدا قورساق توقلايمەن-دە، ياتىقىمنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋېلىپ يېزىقچىلىق قىلىمەن. تانسىخانا، كىنوخانا دېگەنلەرنى بىلمەيمەن، مېنىڭ ئادەتتە ئۈنچىقماسلىقىم، ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن بىرخىلدا ياشايدىغانلىقىمغا خىزمەتداشلىرىم ھەيران بولۇشىدۇ، گاھىدا ئارقامدىن پىچىرلاشقانلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن، بەزىلەر ھەتتا مەن يېنىدىن ئۆتۈۋاتقىنىمدا سەۋەبسىزلا پىخىلداپ كۈلۈشىدۇ. لېكىن مەن پىسەنت قىلمايمەن. ئۇلار

قارىماققا مېنى ھۆرمەت قىلىدۇ، «يازغۇچى» دەپ مەندىن ئەيمىنىدۇ، ماڭا قىزىقىدۇ...بۇ-
لارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭا زەررىچىلىك تەسىر قىلمايدۇ. مەن ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولغان
ئاشۇ يالغۇزلۇق ئالىمىدە، تەنھالىق دۇنياسىدا تىنىچ، خاتىرجەم ياشاۋېرىمەن ... بىزنىڭ
ئىدارىدە رايىدىن ئىسىملىك بىر مانتىيور يىگىت بار ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە نېمىش-
قىدۇر ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان، ئۇنى كۆزىتىدىغان، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئويلايدىغان بو-
لۇپ قالدىم ... نەتىجىدە ئۆزۈم ھەققىدە باشقىچىرەك پىكىرگە كېلىپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ
بېسىپ ئۆتكەن ھايات يولۇمغا قايرىلىپ قارىغۇم كەلدى. سىزمۇ بىلىسىز، مۇشۇ كۈنلەردە
كادىر بىلەن ئىشچىنىڭ پەرقى بەك ئاشكارە ۋە چوڭ. بىزنىڭ ئورگاندا ئىشلەيدىغان
ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلدارنىڭ بالىلىرى، تۇغقانلىرى، يارۇ-بۇرادەرلىرىنىڭ بالىلىرى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كادىر شتاتىدا ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رايىدىننى ئىشچى بولغىنى
ئۈچۈن كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ، بەزىدە ئۇنى ھېچ تەپتارتماستىن قايناقسۇغا بۇيرىغىنىنى،
بەزىدە ئىشخانىسىنى تازىلىتىۋاتقىنىنى ۋە بەزىدە ئېغىر ئىشكاپلارنى كۆتەرتىپ يۇقىر-
قى قەۋەتكە ئېپچىققۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن، ئۇ كىملا ئىشقا بۇيرىسا ياق دېمەيدۇ،
ھەممە كىشىگە بىرخىل مۇئامىلە قىلىدۇ، گەپ قىلسا كۈلۈپ تۇرىدۇ. ئىدارىدە كىنو-
تىياتىر ياكى تانسا بېلەتلىرى تارقىتىلسا كۆپ ھاللاردا ئۇنى ئۇنتۇشىدۇ، ئىدارىدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا دېگۈدەك گاز ئوچىقى بولسىمۇ، ھازىرغىچە بىرەرسى رايىدىن
ھەققىدە ئويلاپ قويغىنى يوق، شۇنچە كۆپ ئائىلىكلەر بىناسى سېلىنىدى، لېكىن
رايىدىن سىرتتا شەخسىنىڭ ئۆيىدە ئىجارىگە ئولتۇرىدۇ. بىراق، ئۇ زارلىمايدۇ، چىرايى-
دىن ھەر قاچان كۈلكە كەتمەيدۇ، ئاكاردىئون ئوينايدۇ، ناخشىنى خېلى ياخشى ئېيتىدۇ،
كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرىدا سورۇننى بېشىغا كىيىدۇ. ئولتۇرسا-قوپسا دىمىقىدا قانداق-
تۇر شوخ كۈيلەرگە غىڭشىپ يۈرىدۇ، كىيىم-كېچەكلى ئاددىي بولسىمۇ دائىم پاكىز،
رەتلىك ۋە يارىشىملىق كىيىدۇ. شىمىنىڭ قىرى دائىم قىرلاغلىق، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى
كىر بولمايدۇ، چىرايىدىن ھەر قاچان بىرخىل قانائەت، شادلىق، ئىشەنچ ۋە بەخت تۇيغۇ-
سى پارلاپ تۇرىدۇ. ئىشتىن چۈشىدۇ-دە، ئۇدۇل ئۆيىگە چاپىدۇ. ئۇيەر-بۇيەردە لاغايلاپ
يۈرمەيدۇ، ئايالى خېلىلا چىرايلىقمىش، ئىككى بالىسى بار... رايىدىن ئىشلىگەندە قالتىس ئىش-
لەيدۇ، ئايلىق مۇكاپاتنى تولۇق ئالىدۇ. يەنە رادىئو-تېلېۋىزورياساپ ئانچە-مۇنچە كىرىممۇ
قىلىدۇ، سورىساڭ «بالىلىرىم ئۈچۈن!» دەپ كۆزىنى قىسىپ كۈلىدۇ ... مەن بۇلارنى ئىلگىرى
دائىم كۆرۈپ تۇرغان بولساممۇ، «نېمە ئۈچۈن شۇنداقتۇ» دەپ ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن.
بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئادەتتىكى يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى
قارامتۇل چىرايىنىڭ دائىم ئاپتاپتەك پارلاپ، كۆزلىرىدىن ھەر قاچان بىرخىل ئىشەنچ ۋە
بەختىيارلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. «نېمىدېگەن
بەختلىك-ھە؟» دەيمەن ئۆزۈمچە. شۇنداق، ئۇ تولىمۇ بەختلىك كۆرۈنەتتى، بەخت؟
قانداق كىشى بەختلىك بولىدۇ؟ مەن بەختلىك ئەمەسمۇ؟ مەن بىردىنلا ئۆزۈمگە
مۇشۇ يوچۇن سوئالنى قويۇپ قالدىم. ئىلگىرى ھېچقاچان ئويلىمىغان بىر سوئالنى...
بۇ سوئال مېنى چۆچۈتۈۋەتتى، مەن ئۆزۈمگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

مەن نېمىشقا كېكەچلەيمەن؟ نېمە ئۈچۈن دىلىغۇل بولىمەن؟ بەخت ...! زادى نېمە ئۇ؟...

باي لېكىن ئاغرىق ئادەمگە، نامرات بولسىمۇ ساغلام دىۋانە بەختلىك كۆرۈنىدۇ، ئاچ دىۋانىگە ئۇستىخان شومۇپ ياتقان ئىتمۇ بەختلىك كۆرۈنىدۇ! ئادەم نېمىدىن مەھرۇم بولسا شۇنىڭغا ئېرىشىش بەختمۇ؟ بەلكىم بۇ توغرىدۇ، لېكىن ئادەم ھەممىلا نەرسىگە ئېرىشىۋەرمەيدىغۇ؟ ئۇنداقتا ئادەم مەڭگۈ بەختلىك بولالامدۇ؟... ياق، ئادەمنىڭ روھى توقلانغان، مەنىۋىيىتى سۆيۈنگەن، قەلبى كۆلەلىگەن مىنۇتى ئۇنىڭ ئەڭ بەختلىك چېغىدۇر. ئۇنداقتا روھنىڭ ئوزۇقى نېمە؟ مەنىۋىيەتنىڭ تەلپىچۈ؟ قانداق نەرسە قەلبكە مۇشتاق بولالايدۇ؟ ۋە ۋاقىتلىق ئەمەس مەڭگۈگە؟!...

مەن ئۆزۈمگە سەپسالدىم — ئەقتىسادىي جەھەتتە باياشاتمەن، كىشىلەر مېنى كەمسىتمەيدۇ، ئەكسىچە مەندىن تەپ تارتىدۇ، مېنى ھۆرمەتلەيدۇ، خىزمەتلىرىم ئالقىشلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن مەن نېمىشقا رايىدىنىدەك خۇشال بولالمايمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدەك كۈلۈشنى بىلمەيمەن؟ نېمىشقا ئادەملەر بىلەن ئادەمدەك مۇئامىلىشىشنى بىلمەيمەن؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كۆڭلۈم گويا تېگى يوق ئۆڭكۈردەك قاپقاراڭغۇ؟ نېمىشقا مەن رايىدىنىدەك ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىمايمەن؟ ...

... مەن كاللامنى چۇلغىۋالغان ئاشۇ گىچماچ سوئاللار تۇمانى ئىچىدىن، ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىنى بايقاپ قالدىم، رايىدىن بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشىنىپ قالدىم. قارىسام مېنىڭدە بارى، ئۇنىڭدا يوق ئىكەن، لېكىن بۇ ئۇنىڭدىكى تۆپكى يوقلۇق — روھىي يوقلۇق ئەمەس ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭدا بارى مەندە يوق ئىكەن، بۇ تۆپكى يوقلۇق ئىكەن ... شۇ ۋاقىتتىن قارىغاندا ھەممە جەھەتتە تەل بولۇپ كۆرۈنگەن مەن، ئەسلىدە ھېچنېمىسى يوق بىر گاداي ئىكەنمەن، ئەكسىچە مەندىن گادايدەك ۋە باشقىلاردىن تۆۋەنرەك كۆرۈنىدىغان رايىدىن ئەسلىدە تېگى چىڭ، خەزىنىسى توشۇق بىر زەردار ئىكەن.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھەر كۈنى ئىش سائىتى توشۇش بىلەنلا ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرايدۇ، ئىش سائىتى ئاز قالغانسېرى ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇش خۇشاللىقى ئۇنىڭ كۆكرىكىنى ئاغرىتسا، ئائىلىسى — خوتۇنى ۋە بالىلىرى ئالدىدىكى جاۋابكارلىق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۇنى بىر ئەركەك سۈپىتىدە غۇرۇرلاندۇرىدۇ... ئۇ ئىشتىن قايتىپ بارغاندا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىككى ئوغلى يىراقتىن قىن - قېنىغا پاتماي چوقۇرۇشۇپ كېلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالىدۇ. ئۇ ئوغۇللىرىنى باغرىغا باسقىنىچە خۇشال ھالدا ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن تامىقىنى ئېتىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئايالى ئۇنى باھاردەك ئىللىق چىرايى ۋە شېرىن جىلمىيىشى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ تاماقلىنىدۇ، تېپىشىپ-زور كۆرىدۇ، بالىلىرى ئۇنىڭ دەيدىسىگە مىنىۋېلىپ ئوينايدۇ، كۈلۈشىدۇ، يۇمىلىشىدۇ. بالىلار ئۇخلىغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇن بىر - بىرى بىلەن باشقىدىن كۆرۈشىدۇ، ئەتىنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشىدۇ، مۇڭدىشىدۇ، كېيىن بولسا... ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرى، شېرىن شىۋىرلاشلىرى تېخىمۇ يېقىنلىق،

ئېخىمۇ قىزغىن ۋە ئېخىمۇ ئەۋجىلىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ ... ئەتىسى ئۇنىڭ ئائىلـىسى ۋە
بالىلىرى ئۇنى بىرمۇنچە جېكىلەش، تاپشۇرۇق، تىلەك ۋە ئۈمىد بىلەن ئۇزىتىـشىـدۇ...
بىر كۈن كەچكىچە ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆيىنىڭ قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى ئىسسىتىپ تۇرىدۇ.
ئىناق ئائىلىنىڭ مېھرى ئۇنىڭغا ئەقىل، كۈچ ۋە خۇشاللىق بېغىشلاپ تۇرىدۇ، يېشىغا
ياش، جېنىغا جان قوشىدۇ... مەنچۇ؟ ئىشلەيمەن، ئوقۇيمەن، يازىمەن يەنە ئىشلەيمەن،
ئوقۇيـىمەن، يـازـىمەن، خۇددى ماشىنا ئادەمدەك، خـۇددى ئىش كالـىسىدەك... مەن
ئىشتىن چۈشۈشكە ئالدىرىمايمەن، چۈنكى مەن مېنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە ياتىقىمدا ھېچ-
قانداق ئۆزگىرىش سادىر بولـماسلىقىغا ئىشىنىشكە ئادەتلەنگەنمەن، ئىشخانامـنى ھەم-
مىدىن كېيىن تاقايمەن، ھەتتا گاھى كۈنلىرى ئاشۇ گۆردەك جىمجـىت ۋە سـۇرلـۇك
بىنادا گاھ ئولتۇرۇپ، گاھ يېزىپ تاڭنى ئاتقۇزۇۋېتىمەن، چۈنكى مېنى ياتىقىمدا ھېچكىم
كۈتمەيدۇ. ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى باشقىلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلسە ماڭـا ئېخـىمـۇ
ئۇزۇن زېرىكىشلىك ئېلىپ كېلىدۇ. مەن بەزىدە «يەكشەنبە ۋە ھېيت ـ بايرام بولمىسـ
كەن» دەپ تىلەپ كېتىمەن. ياتىقىمدا تـۆت تام مېنى يەيدۇ، مەن گويا كىچىككىـنە
ۋە ئەرزىمەس تۇزاندەك ياتـىقـىـمـدا ھەر كۈنـى، ھـەر سـائەت، كـۈن ۋە تۈن بىر
خىلدا ھۇۋۇللاپ تۇرىدىغان بوشلۇقتا لەيلەپ قالىمەن، خۇشال بولـسام كۈلكەمـنى تام
ئاڭلايدۇ، ھەسـرەت چەكسەم «ئاھ»ىمنى تورۇس ئىشىتىدۇ، تام ۋە تورۇستىن زۇۋان كەلـ
مەيدۇ ... رايىدىنىغا ئوخشاشلا يىگىتىمەن، تومۇرۇمدا يىگىتلىك قېنى قاينـاپ تۇرـىدۇ،
ۋۇجۇدۇمدا ئەركەك ھېسسى قوتىراپ تۇرىدۇ. لېكىن مەن قېنىمنىڭ بۇنداق قـاينـاشـ
لىرىدىن، پىنھان ھېسلىرىمنىڭ ياۋايىلارچە قوتىراشلىرىدىن بـىزارمەن، چۈنـكى ئـۇلار
مېنى شەپقەتسىزلەرچە قىينايدۇ، ئوتلۇق كۆيدۈرگۈ چىشلىرى بىلەن قاساپ ئازابـلايـدۇ،
شۇڭا مەن ئۇلارنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئـۆزۈمدىن ـ قەلبىمدىن، ۋۇجۇدۇمدىن قوغلاپ
چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىمەن، زورىدىن ـ زورغا باسىمەن. ئاشۇ ياۋايى ھېسلارنىڭ پارتـ
لاشلىرى مېنى ئۇيالدۇرىدۇ، ئۆزۈمدىن، خەلقى ئالەمدىن، قۇياشتىن، ئايدىن، يۇلتۇزلارـ
دىن ئۇيالدۇرىدۇ. مەن ئۇلارنى ۋۇجۇدۇمنىڭ ئەڭ خۇپىيانە جايلىرىغا قامايمەن، قەلبىمـ
نىڭ پىنھانىغا يوشۇرىمەن ...

... سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنىڭ خۇشاللىقى رايىدىنىنىڭ يۈرىكىنى تىپچەكـلەتـسە،
ۋۇجۇدۇمدىكى سەزگۈلەرنىڭ كىچىككىنە جانلىنىشىمۇ ماڭا بىمەنە، ئازابلىق ۋە ئۇياتـ
لىق تۇيۇلىدۇ، ئۇ سۆيىدۇ ۋە سۆيۈلىدۇ، مەن ئەدىناسى كۈتمەيمەن! ۋە كۈتۈلمەيمەن.
ئىككىمىزنىڭ باي ۋە نامراتلىقى مانا مۇشۇ پەللىدە ئايرىلىدۇ، بۇلارنى مەن ئاخىرى
ئۇشتۇمتۇت تونۇپ يەتتىم...

دۇنيادا ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن كونىرىمايدىغان، خورىمايدىغان، يوقالمايدىغان بىردىنبىر
بايلىق مۇھەببەت — سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش خۇشاللىقى ئىكەن...! روھىنىڭ ئوزۇقىمۇ مۇھەببەت
ئىكەن. مېنىڭدىكى بۇ يېڭىچە بايقاش مېنى بىر تورقۇنچلۇق ئارامسىزلىق جاڭگىلىغا تاشـ
لىدى، شۇندىن ئېتىبارەن يېگىنىم زوقۇم، كىيگىنىم كېپەن بولدى، ياتسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ
كەلمەيـدۇ، ئولتۇرسام ماڭغۇم كېلىدۇ، ماڭسام نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن، كىتاب ئوقۇسام

كىتاب مېڭەمگە چۈشمەيدۇ، بىرەر ئىككى بەت ئوقۇپ بولغىنىمدىلا ئۆزۈمنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىمنى تۇساتتىن يادىمغا ئالىمەن ـ دە، ئوقۇپ بولغان بەتلەرنى قايتىدىن ئوقۇيمەن، لېكىن نېمە يېزىلغىنىنى يەنىلا چۈشەنمەيمەن، يەنە باشتىن ۋاراقلايمەن ... تۇرۇپلا كىتابنى تاشلايمەن ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭىمەن، مەن كۆپ چاغلاردا ئىدارىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان كىچىككىنە ئورمانلىق تەرەپكە بارىمەن، ئورماننىڭ ئىچى ـ تېشىنى كېزىپ يۈرىمەن، ئوتلاقلارنى ئارىلايمەن، قايسىبىر دەرەخنىڭ غولىغا يۆلىنىپ خىيالغا چۆمگىنىمچە كۈننى كەچ قىلىۋېتىمەن.

... بىر كۈنى ئاشۇ ئورماننىڭ ئەڭ چېتىدە، سەھرا يېزىدىكە تۇتىشىدىغان بىر بۇلۇڭدا تاسادىپىيلا ئۇنۇپ قالغان بىر تۈپ ئەتىرگۈلنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدىم. بۇنى نېمىشقىدۇر ئىلگىرى بايقىمىغان ئىكەنمەن، بەكمۇ ھەيران بولدۇم — بۇ ياۋا ئەتىرگۈل بولۇپ، پەقەت بىر تاللا ئىدى، غولىمۇ بىر تال، گۈلىمۇ بىر تال... ياۋا ئەتىرگۈل مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى، ئۇنىڭ ئاشۇ خىلۋەتتە خۇددى مۆكۈلانغاندەك، سۈكۈت ئىچىدە ۋىلىلداپ تۇرۇشى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇنىڭدا گۈللۈكلەردىكى كۆتۈنۈدىغان رەڭدارەڭ گۈللەردە بولىدىغان جۇشقۇنلۇقلار، شوخ تەۋرىنىشلەر، سىرلىق ۋە قىزغىن نازاكەتلەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، ئاي نۇرىدەك تازا، ئورماننىڭ دەم ـ نەپىسىدەك يېشىل، يېگى ھاياتلىقتەك يۇمران، يىپچە تـۈتـۈندەك نازۇك غولىغا، ئەمدىرەك ئېچىلاي دەپ تۇرغان يېرىم تۈگۈنچەك غوزىلىرىغا بىر يېگانىلىق ۋە كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك مۇڭ ـ پىغان سىڭىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇرقى گويا ھېيىت كۈنى بەختىيارلىق ۋە شادلىق ئىچىدە يۈرەكلىرى ئويناپ يايراپ تۇرغان بىر توپ قىزلارغا يىراقتىن مۆكۈيۈپ قاراپ تۇرغان يېتىم قىزنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئېچىلاي دەپ تۇرغان ھال رەڭ غوزىسى ئاشۇ يىغلىۋېتىشكە تەييار تۇرغان، لېكىن يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان مىسكىن قىزنىڭ ھېمىرلىگەن نېپىز، نەمخۇش ۋە پاكىز لەۋلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىكى تەنھالىق، ئۇنىڭ غولىدىكى نازۇك تىترەش، ئۇنىڭ ياپراقلىرىدىكى ئاچچىق، ھەسرەتلىك ۋە قەيسەرلەرچە ياشناش قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئاسىتتۇرغىدەك قەدىرەتلىك بىر پۈتۈن گۈزەللىكنى شەكىللەندۈرگەنىدى...

مەن ئۇ ياۋا ئەتىرگۈلگە بىر سىرلىق ئىشتىياق بىلەن ھېرىسمەن بولدۇم. ئۇ گۈل ئۆزىنىڭ ئاشۇ يېگانىلىقى، مىسكىنلىكى، جىمغۇرلۇقى، چوڭ سۈپەتلىكلىكى، تەمكىنلىكى، بىر خىل قەيسەرلىكى بىلەن مېنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىمنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى.

مەن تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ بەرگلىرىگە شەبنەمنىڭ قونۇشلىرىنى، تاڭنىڭ ھېسسىياتچان ئۇچقۇر شامالىرىنىڭ ئۇنىڭ نازۇك ۋە ئاجىز غولىنى ئىشتىياق ۋە بەختىياشلىق بىلەن باغاشلاشلىرىنى، گاھىدا كەچنىڭ ئىزغىرىن شامالىرىنىڭ سوغۇقىدىن ئۇ گۈلنىڭ ياپراقلىرىنىڭ بىچارىلارچە تىترەشلىرىنى ... ئۇپۇق قىزارغاندا ياۋا ئەتىرگۈل بەرگلىرىنىڭ يالقۇندەك لاۋۇلدىغان تاڭ شەپىقى بىلەن نۇرلىنىپ يالتىراشلىرىنى، ياش، ساغلام، جۈرئەتلىك تاڭ قۇياشى ئاشىقلارچە لاتاپەت، باھادىرلارچە ۋەزمىنلىك بىلەن ئاستا-

ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقىنىدا ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ ئۇيالغاندەك بولۇپ ۋىللىدە قىزى-
رىشلىرىنى كۆرەتتىم....

بۇ دەبدەبىلىك مىنۇتلاردا يۈرىكىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ھاياجانلىناتتىم،
بىرەر ئورۇنسىز ئۈن - تىۋىش، بىرەر ئارتۇقچە شەپە تۈپەيلى بۇ تەنھا گۈلنىڭ ۋۇجۇ-
دىدا زاھىر بولۇۋاتقان ئاشۇ ئۇلۇغ رىۋايەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، ئۆزۈمنىڭ
ئۇنى كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە بەھىر ئېلىش ھوقۇقىمدىن مەھرۇم قېلىشىمدىن، ئاشۇنداق
ئورۇنسىزلىقلارنىڭ ئاشۇ بىچارە، ناتىۋان يېگانىنىڭ گۈزەللىكىنى، سىھرىي لاتاپىتىنى،
نازۇك ۋە تىترەپ تۇرغان ھېسسىياتىنى شىكەستىلەپ قويۇشىدىن قورقۇپ ۋەھىمە
يەيتتىم... كۆڭلەر ئۆزارغانسېرى مەن ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ سىماسىدىكى، ۋۇجۇدىدىكى،
مۇھىتىدىكى زاھىراتلار بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆزۈمنىڭ ۋۇجۇدىنى قوچۇپ تۇر-
غان، ئۇنىڭغا ھۆكۈمران بولۇۋاتقان، مېنىڭ پۈتكۈل چۈشەنچەم، ئىدراكىم ۋە مەرىپە-
تىمنى جوشقۇرۇۋالغان، ئىگىلىۋالغان نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر چۈشىنىكسىز ئوخ-
شاشلىقنى سېزىپ قالدىم. ئۇ گۈلگە قارىغانسېرى مەن ئۇنىڭ
تۇرقىدىن ئىلگىرى ھېس قىلمىغان يېڭىدىن يېڭى سۈپەتلەرنى، ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت-
لەرنى بايقايدىغان بولدۇم. بۇلارنى بايقىغانسېرى بايىقى ئوخشاشلىق تېخىمۇ روشەنلىشىپ
باراتتى. بۇ ئوخشاشلىق ئاخىرقى ھېسسىياتتا گويا مېنى ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ ئوي-
خىيالىنى، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئۇنىڭ مەۋجۇت ھالىتىنى، ئۇنىڭ ئارزۇ ئارمانىنى نا-
ھايىتى ئاسانلا، ھېچ زورۇقماي چۈشىنىش دەرىجىسىگە يەتكۈزدى، مېنىڭ تەپەككۇرۇم-
نى يېتەكلىدى.

...ئۇنىڭ شىۋىرلاشلىرى ھەسرەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ تىترەشلىرى ئايانچلىق ئىدى،
ئۇنىڭ بەرگىدە چىمىرلىغان قەترىلەر شەبنەم ئەمەس ئەكسىچە ئۇنىڭ يىغانىنىڭ چاچما-
سى، ئۇنىڭ دەردلىك كۆز يېشى ئىدى. ئۇنىڭ چېھرىدە ئەكس ئەتكەن ھال رەڭ — يارا
بولغان يۈرىكىنىڭ قان ئارىلاش زەردابىنىڭ شولىسى ئىدى...!

ئۇمۇ مېنى چۈشەندى، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئۆز سىرىمنى، ئۆز دەردۇ - ھەسرىتىم-
نى بايان قىلغان، شەلۋەرەپ تۇرغان قەلب يارامنى ئۇنىڭغا ھېچ ھېيىقماي ئېچىپ
كۆرسەتكەنىدىم. مەن ئۇنىڭغا يىغلاپ - بوزلاپ تۇرۇپ:

ھەزىن كۆڭۈلنى مەگەر چاك قىلغاسەن ئەي گۈل،
كى غۇنچە يەڭلىغ دەمى بۇ غەمناكىم①.

دەپ نالە قىلغانىدىم...

ئۇ قىسمەتلىرىمنى جىمجىت تۇرۇپ تىڭشىدى. ھاياجاندىن تىترىدى، ماڭا مۇشتاق
بولۇپ، ماڭا ئورتاق بولۇپ يىغلىدى... گاھىدا مەن ئۇنىڭغا ئەقلىمدىن ئاداشقاندەك، ئۆ-
زۈمنىڭ ئىزاسىنى يەپ قويغاندەك تىكىلىپ قاراپ قالغىنىمدا، ئۇنىڭ نازۇك ياپرىقىنى
ئوتتەك قىزىق بارماقلىرىم بىلەن مەجنۇننىڭ سەۋدائىلىقى ئىچىدە لېكىن قورقۇپ تۇرۇپ

(1) ئەي گۈل، غەمكىن كۆڭلۈمنى پارە قىلغىن، بۇ غەمكىنلىكىم نەمدى خۇددى غۇنچىدەك غوزا يېرىپ
ئېچىلسۇن، (ناۋايى)

ئاۋايلاپ سىلىغىنىمدا ئۇ خىجىل بولۇپ قىزاردى...

بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز، بىزنىڭ ھالۇ-ئەھۋالىمىز، بىزنىڭ ئارزۇ-ئارمانىمىز، بىزنىڭ يېڭىا تۇرقىمىز، بىزنىڭ روھىمىز، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ، جىپسىلىشىپ بىر ئۇلۇغ، مۇقەددەس، ئاجرالماس گارمونىيىلىك بىرلىككە ئايلاندى...مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمدىكى ھېلىقى كەم نەرسىنى، ئېچىرقىغان روھىمنىڭ ئاجايىپ شىپالىق ئوزۇقىنى تېپىۋالدىم. مەن ئۆزۈمدە يوق نەرسىگە، ئۆزۈم تەلپۈنگەن لېكىن كۆزۈم يەتمەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشىۋالدىم — مەن سۆيگۈگە ئېرىشتىم؛ مەن ئۇنى سۆيۈپ قالدىم مەن ئۇنى گويا قۇياشنى، زېمىننى سۆيگەندەك سۆيۈپ قالدىم. ئۇمۇ مېنى سەت دېمەيدۇ، مەندىن يىرگەنمەيدۇ، مېنىڭ دەردۇ-ھالىمغا قۇلاق سالىدۇ، ماڭا بېغىرداشلىق قىلىدۇ. مېنىڭ ھالىمغا ئۆكۈنىدۇ، مەن ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى، شۇ يورۇق دۇنيادا پەقەت بىر ئۇنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا قورقۇنچ ۋە قورۇنۇش ئىچىدە بايان قىلسام ئۇ «ۋىللىدە» قىزىرىدۇ. ئىزاتارتامدىكىن؟ لېكىن مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇ مېنىڭ ئۇستۇمدىن كۈلمەيدۇ، مېنىڭدىن يىرگەنمەيدۇ. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېچنېمىگە قارىماي (بۇ چاغدا شەھەر تېخى ئۇيقۇدا بولىدۇ) ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىمدە، ئۇ خىرە-شىرە تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئۇنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ بارىمەن، ئۇنى چۆچۈتۈۋېتىشتىن قورقىمەن.

ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىنى ھىمىرگىنىچە يېنىك نەپەس ئېلىپ ئۇخلاۋاتقان ھالىتى ماڭا پەرىشتىنى ئەسلىتىدۇ، — پەرىشتە ئاشۇنداق ئۇخلىسا كېرەك — ئۇنىڭ مېيىقىدا تۇرۇپ-تۇرۇپ يېنىك ۋە تاتلىقىنە كۈلۈمسىرەش زاھىر بولىدۇ، ئۇ چۈش كۆرۈۋاتىدۇ، مېنى چۈشەۋاتامدىكىن؟ ئۇ چۈشىدە مېنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى گۈزەل ھالىتىگە خۇددى ئادەم ئاتامنىڭ مۇھەببىتىدەك پاك ۋە مۇقەددەس بىر مۇھەببەتلىك كۆيۈشتە تىكىلىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ سۆيۈنۈۋاتامدىكىن؟ ھوزۇرلىنىۋاتامدىكىن؟

ئۇنىڭ سۇبات قامىتىگە، نازلاشلىرىغا قارىغانسېرى پۈتكۈل جىسمىم ئاتەش بولىدۇ، روھىم يالقۇنلايدۇ. سەۋرى-تاقىتىم گۈپپىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلايدۇ.

بولدى بىر گۈل ھەجرىدىن جىسمىم ئاچىلغان گۈل كەبى،
جۇزۇ-جۇزۇمىن بەسكى تىشلەپ-تىشلەپ ئالمىشەن ئۈزۈپ.
مۇلتەفىت بولبۇلغە، سەن ئەي گۈل، تىكەنگە ياندىشىپ،
ۋەھ، بەچچە ئۆلتۈرگەسەن، ھەرلەھزا ئانى تىرگۈزۈپ.①

ۋاقىتسىز ئۆتكەن بەخباش تاڭ شامىلى بىركەمدە ئۇنى ئۇشتۇمتۇت ئويغىتىۋېتىدۇ. ئۇ ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان سەبىينىڭ كۆزلىرىدەك روشەن، تازا ۋە خۇمار كۆزلىرىنى ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ماڭا تىكىدۇ، لەۋلىرىدە بىر سۇخەنلىك جىلمىيىش كۆز

---

① بىرگۈل پىراقىدا كۆڭلۇم ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاپ تالدى. بۇغۇن-بۇغۇنى پېشلەپ-پېشلەپ ئۈزۈۋالسام. ئەي گۈل، سەن بۇلبۇلغا ھىممەت كۆرسەتكۈچى بولسائمۇ تىكەنگە ياندىش بولغانلىقىڭدىن، ئۇنى بىردەمدە نەچچە تىرىلدۈرۈپ، نەچچە ئۆلتۈرىسەن. (ناۋايى)

قىسمىدۇ - كۆزلىرىنىڭ ۋەيرىدە جاننى سىرقىرتىۋېتىدىغان بىر قوزغاتقۇچ نۇر چاقنايدۇ... ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزغا، زىلال ئاستىدىكى گۆھەر تاشلارغا، كۆلگۈنچەك بوۋاقنىڭ كۆزىگە، چۆچىگەن خوتەن كېيىكىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدۇ — چاقناق، تازا نۇرانە ۋە خۇمار-لىق، ياق، يۈرەككە ئوخشايدۇ، ئاشىققا ئىنتىلگەن مەشۇقنىڭ يۈرىكىگە ئوخشايدۇ — مۇڭ-لۇق تەشنا سەھمىي ئۆرتەنگەن....

ئۇ يېنىك تەۋرىنىپ سالىمىمنى ئىلىك ئالدى، كوكۇلىسىنى يېنىك ئىرغىتىپ، تال چىۋىقتەك تەۋرىشىم قولىنى ئازغىتىپ ماڭا جاۋاب، سالام بېرىدۇ: «مەرھابا بەختسىز ئا-ئادەم، مەرھابا تەشنائادەم، مۇھەببەت ئادەم بىلەن ئادەمنى، ئادەم بىلەن قۇياشنى، ئادەم بىلەن تارىخنى، ئادەم بىلەن كېلەچەكنى، ئادەم بىلەن ھاياتنى، ئادەم بىلەن بەختنى، ئادەم بىلەن ئەقىلنى، ئادەم بىلەن ناخشىنى، كۈلكىنى، گۈزەللىكنى ۋە ئادەم بىلەن گۈلنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، كەلگەن، ياشىغۇن مۇھەببەت دەپ چۇقان سالايلى، ھاياتقا، ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە، پۈتكۈل زېمىنغا، قايغۇ ۋە ئازابتا ئىگرىغان ۋاپاسىزلىق، زورلاۋانلىق، ماددىي ۋە روھىي ئاچ-كۆزلۈك تۈپەيلى يەتكۈچە خورلانغان سۆيۈملۈك بۆشۈكىمىز يەر شارىغا، مۇھەببەت چاق-رايلى، كەل مۇھەببەت، بىز ئېچىرقىدۇق! دەپ قىچقىرايلى.....»! دېگەندەك قىلىپ ھېقىقەتتەك پاكىز ۋە نۇرلۇق لەۋلىرىنى قىمىرلىتىدۇ... بىز كەچكىچە مۇڭدىشىمىز، سىردىشىمىز، كۈلۈش-ىمىز، يىغلىشىمىز ... رەھىمسىز قاراڭغۇلۇق بىزنى ئەتىگىچە يەنە ئايرىۋېتىدۇ، بىز قىيالماسلىق ئىچىدە بىر-بىرىمىزگە تەلمۈرۈپ، تەلمۈرۈپ خوشلىشىمىز.

مانا ئەمدى مەنمۇ سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنىڭ، كۈتۈش ۋە كۈتۈلۈشنىڭ ھەغدادىغا، ھاياجانلىق مۇھەببەت غوۋغەسىنىڭ شاھىدىغا ئايلاندىم! خۇددى مەن يەنە قايتىدىن تۇغۇلدۇم دېگەندەك.

دەھر خوش گۈلشەن نەيلەيكىم، سالىپ تۇفراغ ئۈستىدە ھەرگۈل غەمى،
يوق ۋەفاگۈللەردىن زۆھر ئاڭا (2) ئېرنەلىغ سۇدەك جىسمىمە پېچتاپ. (1)

دېگەندەك، رەھىمسىز قىش، ئۇ گۈلنى سولدۇردى، ياپراقلىرىنى قۇرۇتتى، بۇ كۆڭلۈمگە ئۆلۈم قورقۇنچىنى سالدى، قەلبىمنى ماتەم-مۇسىبەت بۇلۇتلىرى قاپلايدۇ، مېجەزىم، پىكىر-خىيالىم ... ھەممىسىلا ئۆزگىرىدۇ، ياق، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جەسەتتەك مۇزلايدۇ. مەن ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ سولاشقان، جانسىز غولىغا غازاڭ بولۇۋاتقان ياپ-راقلىرىغا قاراپ ئاھ ئۇرۇمەن، ئۈنسىز يىغلايمەن، قىشنىڭ — ئاشۇ رەھىمسىز، جاللات پەسلىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن. ياۋائەتىرگۈلۈمنى يوقسىنىپ بوزلاپ چاقىرىمەن، لېكىن

(1) خۇددى سۇدەك سۇ لۆپراك بوزمىنى يابقاندەك، گۈلنىڭ ئوي-خىيالى ۋۇجۇدۇمنى چىرمايدۇ (2) جاھان شۇنداق گۈزەل گۈلشەن بولسىمۇ، گۈللەرنىڭ زىنىنتى ئۇزۇن تۇرمايدۇ. (ناۋايى)

قىش مېنىڭ زارىمغا پىسەنت قىلمايدۇ، ياۋا ئەتىرگۈل مېنىڭ نىدايىمغا جاۋاب بەرمەيدۇ...ئاھ...! پەسىل ئالدىدا نەقەدەر بىچارىمىز، ھە! خۇددى ئۆلۈم ئالدىدا چارىسىز قالغاندەك... پەسىل خالىغان چېغىدا ئۆزگىرىدۇ، خالىغان چېغىدا بىزنىڭ ئەڭ قەدىردان نەرسىمىزنى بىزدىن تارتىپ ئالىدۇ!

مەن باھارنى كۈتىمەن، كۆكلەمنى كۈتىمەن، ئاشۇ مۇنەۋۋەر تۇغۇشچان، سېخى پەسىلنى كۈتىمەن، ئاشۇ پەسىللەرنىڭ مەلىكىسىنى، ھاياتلىقنىڭ قەدىردانىنى كۈتىمەن! قىش دېگەن مۇشۇ رەھىمسىز پەسىلنىڭ ئۆمرى تۈگەپ، مېنىڭ ياۋا ئەتىر گۈلۈمنىڭ يېڭى ھاياتىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتىمەن، قارا قىشنىڭ زۇلمەتلىك تۈنلىرى پۈتۈپ مۇھەببىتىمنىڭ قايتا تىرىلىشىنى، ۋىسال چولپىنىنىڭ پارلىشىنى، سەۋگى قۇياشىنىڭ بالقىشىنى زارىقىپ-زارلىنىپ كۈتىمەن....

مانا، باھارمۇ كېلىپ قالدى، ياۋا ئەتىرگۈل ئاخىرى بېھۇشلۇقتىن يېتىلدى، ئۇنىڭ غولى سوزۇلۇپ، بەرگىلىرى تىتىلىپ ياپراقلىرى رەڭلىنىشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ...

«ئەتە، ياكى ئۆگۈن ئۇنىڭ غۇنچىلىشىنى كۆرىمەن، مەن يەنە جەننىتىمگە ئېرىشىمەن» دەپ شادلىنىپ، تېخى ئەمدىرەك جىلۋىگە كىرىۋاتقان شۇ گۈلۈمنىڭ چۆرىسىدە «گۈل پەسلىنىڭ شەۋكىتىگە شەرەپلەر بولسۇن!» دەپ تەنتەنە قىلىۋاتقان كۈنلىرىمدە بۇ سىمنارىيىگە چاقىرتىلدىم، كەلمەي دېسەم بولمىدى، ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلدىم، قارا قىشنى مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ ئاران ئۇزاتقانىدىم، ئەمدىلىكتە يېڭى بىر ھىجران پىراقى روھىمنى قىسىپ جېنىمنى قاقشاتماقتا ...

بۇ چاغقا ئۇ غۇنچىلاپمۇ بولغاندۇ، نازۇك بويىنىنى سوزۇپ گۈزەل كۆزلىرى بىلەن ئۆپچۆرىسىگە تەلمۈرۈپ مېنى، بىر سەۋدا ئاشىقىنى ئىزدەۋاتقاندۇ. مېنى كۈتۈۋاتقاندۇ ...

ئەمدى سىزگە ئېيتسام مېنىڭ تۇپتىن ئايرىلىپ، ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك يەككە-يېگانە ھالدا يۈرۈشۈم ھەرگىزمۇ سىز ئويلىغاندەك، «ئۆلۈۋېلىش» ئۈچۈن ئەمەس! مەن ئۇنى، مېنىڭ ياۋا ئەتىرگۈلۈمنى، مېنىڭ مۇھەببىتىمنى، مېنىڭ خۇشاللىقىمنى، مېنىڭ بەختىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن...مەن ۋاقىتسىز كېلىدىغان قارىغۇ، ھېسسىياتسىز باغرى تاش رەھىمسىز جۇدۇن-چاپقۇننىڭ بىز ئۇچراشقىچە ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىشىدىن خەۋپسىرەيمەن، ياكى بولمىسا قايسى بىر ئەخمەقنىڭ پاسكىنا ئاياغلىرىنىڭ ئۇنىڭ پاكىز غولىنى دەسسەپ-چەيلىۋېتىشىدىن قورقۇمەن، ئاشۇنداق مۇدھىشلىك سادىر بولغان كۈنى نېمە بولار مەنكىن-تاڭ! دوستۇم، مەن بۇ يەردىكى ھەر بىر سائەتنى ئازاب ۋە قايغۇ ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتىمەن، پەقەت شۇ سەۋەبتىن، ئاشۇ ۋەجىدىن...بىلسىڭىز!

## 10 - باب

تەشنائى سۆزدىن توختىدى.

يېزا كېچىسى. ھېكايىلاردا تەسۋىرلىنىدىغان تىمتاس سەھرا كېچىسى، كۆك ئاسماندا ئاقۇش يۇلتۇزلار چاقنايدۇ، ئاي ئاقباش تاغلارنىڭ چوققىسى ئۈستىدىن خىيال سۈر-

گەچ ئۇنىسىز ئۇزۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى شۇنچە تازا، شۇنچە يارقىن، غۇر-غۇر شامال ئەسىمەكتە، تاغلار ئۇلۇغۋار ۋە جىمجىت، ئىتلارنىڭ هاۋشىشى بېسىقتى. ئۇلارمۇ خىيالغا چۆكتىمىكىن؟ مەشرەپ بولۇۋاتقان تەرەپتىن ئاتا كۆيلىرىنىڭ مۇڭى كېلىدۇ...ئاه! قانداق گۆزەل كېچە-بۇ! غېرىب، مۇلايىم، خىيالچان، سۆكۈتلۈك، هېسسىياتلىرى رەڭدار كۆك كېچە...

«تەشنائى ماڭا ئىلگىرىلا تونۇش ئىكەنغۇ؟!» دەپ ئويلاپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت، مەن ئۇنىڭ «نىدا» پوۋېستىنى تۇنجى قېتىم قولۇمغا ئالغىنىمدا، ئۇنىڭ نىداسىنىڭ قۇرلىرى ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى بايقىغانىدىم. شۇڭىمۇ ئۇنى قايتا-قايتا ئوقۇغانىمەن، لېكىن ئۇ نەرسە تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇلغانىدى. بەكمۇ ئۆزگىچە ئىقابىلانغانىدى. يازغۇچى ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىغا جىق نەرسىلەرنى بەرگەن، نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدا سۆزلىگەنىدى. لېكىن ئەڭ مۇهىم نەرسىنى سۆزلىمىگەن ۋە يوشۇرغانىدى، مەن ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئوقۇۋېتىپ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا، هەتتا ماڭا بەكمۇ يېقىن يەردە بىر نامەلۇم بارلىقنى غىل-پال كۆردۈم-دە، ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. لېكىن هەر قانداق قىلىپمۇ ئۇنى تۇتۇپ ئالالمىدىم. ئۇ قاچتى. يىراققا ئەمەس، پەقەت بىر قەدەم نېرىسىغىلا قاچتى، بىر قاتلام چوڭقۇرلۇققا چۆكۈۋالدى. تۇرۇپلا يەنە پەيدا بولدى، مەن يەنە قولۇمنى سۇندۇم، لېكىن قولۇم هاۋادا ئېسىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ بىر مەۋهۇم كۆلەڭگىگە ئايلىنىۋالغانىدى، ئالۋۇنغا ئۆزگىرىۋالغانىدى. ئالۋۇننى تۇتۇۋالغىلى بولمايدىغۇ؟ لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر مېنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىمنى خالايدىغاندەك قىلاتتى. مېنىڭ ئۇنى بىلىشىمنى، ئۇنى چۈشىنىشىمنى بىر تاقەتسىزلىك ئىچىدە كۈتكەندەك قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۇ مېنىڭ تەلتۆكۈس چۈشىنىپ قېلىشىمدىن قورقاتتى. شۇڭا مەندىن قاچاتتى. سۇغا چۈشكەن شولىنى تۇتقىلى بولمىغاندەك، مەن ئۇنى تۇتالماي قالاتتىم. «نىدا» قۇرلىرى ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بۇ جۈرئەتسىز بارلىق ئاشۇ قىلىقلىرى بىلەن مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇراتتى. ئۆزىگە تارتاتتى. لېكىن مەن هېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنىدىم. مانا ئەمدى مەن ئۇنى ئۇشتۇمتۇت تۇتۇۋالدىم. ئۇنى تەلتۆكۈس چۈشەندىم.

مەن بۇ يەردە، «نىدا» قىسسەسىدە ياڭراپ تۇرغان ئاهزارنى، ئۇنىڭدىكى دەردلىك ئۆكسۈشلەرنى، بوغۇلۇپ يىغلاشلارنى، كىشىنىڭ ئىچى سىرىلگۈدەك ئىڭراشلارنى قايتا ئاڭلاۋاتىمەن، شۇنىسى ئايان بولدىكى، تەشنائى «نىدا» سىنىڭ قۇرلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆزىنىڭ مۇزلىغان، ئىسجان، مىجىلغان روهىنى يوشۇرغانىكەن، «نىدا» نىڭ قۇرلىرى ئاستىغا ئۆزىنى كۆمگەن ئىكەن...

مەن سېنى ئىلگىرىلا كۆرۈپتىكەنمەن، ئاشۇ «نىدا» يىڭنىڭ يوشۇرۇشقا ئۇستا قۇرلىرى ئارىسىدا كۆرۈپتىكەنمەن ئەسلىدە!

ئاه ... بىچارە يىگىت!

مەن شۇ تاپتا، مۇشۇ كىچىككىنە تەن ئىچىگە، بۇنچىلىك هەسرەت ۋە ئازابنىڭ قانداق سىغقانلىقىغا، مۇشۇ ئۆسۈملۈكتەك ئاجىز هاياتنىڭ يەنە نېمىگە تايىنىپ دىرىلدەپ-تىترەپ بولسىمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا هەيران قېلىۋاتىمەن. ئىچ-قارنىغا «لىپپىدە» توشۇپ كۆۋەجەپ

تۇرغان قايغۇ ئەلەمنى — ئىستېمال قىلىپ، شۇندىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ ئۆرە تۇرۇۋاتان -
دىكەن - بۇ جان! شۇنداق! تەشنائىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىرى، ئۇنىڭ قىمىرلاپ ياشا -
ۋاتقانلىقىنىڭ، ئاشۇنداق تەسىرلىك ۋە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتالىشىنىڭ سىرى، دەل
ئۇنىڭ ئاشۇ قايغۇ - ئازابتىن ئوزۇق ئېلىپ، قايغۇ ۋە ئازابتىن كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە
بولۇۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ دەبدەبىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تەنھا - يېگا -
نە ھالدا ئادەمگە مىسقالچىلىك كۆڭۈل خۇشى بېرەلمەيدىغان تاقىر تاشلىق ئارىسىدا
كېسەل بولغان تونۇردەك شۇمشىرەپ ئولتۇرغان ۋاقتى ئۇنىڭ ئاشۇ قايغۇ - ئەلەمگە يېڭ -
گى مەزمۇن ۋە ئۆزگىچە مەنە قوشۇۋاتقان، ئاشۇ قايغۇ ۋە يالغۇزلۇقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ
تاكامۇللاشتۇرۇۋاتقان، يالغۇزلۇقنىڭ قايغۇ — ھەسرەتنىڭ يېڭىدىن - يېڭى تەبىرلىرىنى
يارىتىۋاتقان ئۇلۇغۋار ۋە تەنتەنىلىك مىنۇتلىرى ئەمەسمۇ؟!

«تەشنائى» يالغۇزلۇق ۋە قايغۇ ئەلەمنى ئوزۇق قىلىپ ئۆرە تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ
جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە شۇقەدەر بىقۇۋۋەت ھەم مىجىلغان بولسىمۇ يەنىلا ياشايدۇ...
ئۇ ئاشۇ يالغۇزلۇق ۋە قايغۇ - ئەلەمدىن ئىجاد ۋە ئىلھامنىڭ بۇلىقى، كۈچ ئېنېرگىيىسى
سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قارا رەڭلىك گۈزەللىك - تەنھالىق ۋە
قايغۇنىڭ گۈزەللىكى پارلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، يېگانىلىق ۋە ئازاب -
تىن يارىتىلغان گۈزەللىكنىڭ يىرىك قارا پەرلىرى سىلكىنىشتىن پەيدا بولغان كۆل رەڭ
ئىزغىرىن شامال مېنىڭ روھىمدا تىترەش، جۇغۇلداش ۋە ئەندىكىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ
ياراتقان قايغۇ، تەنھالىق ۋە پەرىشانلىقنىڭ مىسكىن گۈزەللىكى مېنىڭ يۈرىكىمنى قوپال
قوللىرى بىلەن سىقىپ - سىقىپ قويۇۋېتىدۇ. مەن بۇنداق سىقىشلارنى ئەبەدىي ئۇنتۇلا -
مايمەن... تەشنائى يازغۇچى ئەمەس ئەكسىچە يالغۇزلۇقنى، قايغۇنى، پەرىشانلىقنى يارات -
قۇچى، ئۇنىڭدىن يېتىملىق ناخشىسىدىن ھۇزۇرلانغاندەك ھۇزۇرلىنىشنى بىلگۈچى، ئۇنى
گۈزەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگۈچى قايغۇ ئۇستىكارى! يالغۇزلۇق ۋە پەرىشانلىقنىڭ ئۆزى
دەل تەشنائى!...

بىز كېلىشۋالغاندەكلا يولنىڭ چېتىدىكى تاغ تېرىكىنىڭ يېنىدا توختىدۇق ۋە
ئايدىڭ دالىغا يۈزلىنىپ تېرەك غولىغا يۆلەندۇق. ئايغىمىز ئاستىدا ئېرىق سۈيى غەمكىن
شىرىلدايدۇ، ئۈستىمىزدە سېخىي ئاينىڭ يۇمشاق نۇرىغا چۈلغانغان تەڭگە قولاقلار مۇڭلۇق
شىۋىرلايدۇ. ئاشۇ تىترەپ تۇرغان تەڭگە قولاقلارنىڭ ئاراشلىرىدىن شۇڭغۇپ چۈشكەن
ئاي نۇرى، ئېرىقتىكى سۇ بېتىدە گاھ ئۆزەك - ئۆزەك، گاھ پارچە - پارچە، گاھ ھالقى -
سىمان بولۇپ لۇغۇلدايدۇ.

بىزگە يېقىنلا يەردىن ئەركەك پاقىنىڭ غاقىلدىشى، چىشى پاقىنىڭ جاۋابەن ئۈزۈپ -
ئۈزۈپ كۈركىرىشى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئېرىق سۈيى داڭگال تاشلىغاندەك
شالاق قىلدى، «ئەركەك پاقا چىشى پاقىنىڭ چاقىرىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا
چۆندى بولغاي...» دەپ قالدىمەن.

ئاللا، تەبىئەتتىكى جىمى جانلىقلارنى ئەركەك، چىشى قىلىپ جۈپ - جۈپ بىلەن
يارىتقانىكەن، ئەنە تازا قولاق ساڭساڭ تىمىتاس بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان مۇشۇ كېچىدە

تۇمەنىمەنىڭ قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ، بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ، بىر -
بىرىنى قوغلىشىپ تۇمەنىمەنىڭ خىل ئاۋازدا چىرىلداۋاتقىنىنى ئاڭلايمەن...جىمجىت كۆ -
رۈنگەن بۇ ئالەمنىڭ كېچىسىمۇ بىر غەۋغا بىلەن — جورا ئىزدەش، جۈپلىشىش غەۋغاسى
بىلەن، مۇھەببەت شاۋقۇنى بىلەن گۈۋۈلدەپ تۇرىدۇ. بۇ گۈۋۈلدەش نەقەدەر يېقىملىق،
نەقەدەر ئىلھامبەخش، نەقەدەر تەسىرلىك - ھە؟! بۇ، ھاياتلىق ناخشىسى ئەمەسمۇ؟
يارىتىش ۋە يارىلىش كۈيى ئەمەسمۇ؟ سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش خۇشاللىقىنىڭ ساداسى ئەمەسمۇ؟ بۇ
ياڭراق سادانى، بۇ ئەبەدىي ئۈزۈلمەس مېلودىيىنى، بۇ جۇشقۇن ئاھاڭنى، ئاڭلاشقا كىم
خۇشتار ئەمەس؟ ئۇ قايسى كۆڭۈلنى شادلاندۇرمىسۇن؟ مۇشۇنداق مۇقەددەس كۈينىڭ
ياڭراتقۇچىسىدىن قانداق كىشى ئىپتىخارلانمىسۇن؟ مەغرۇرلانمىسۇن؟ ئىنسانىيەت تارىخى -
سۆيۈش تارىخى، مۇھەببەت تارىخىمۇ؟ ۋە ئەبەدىيئەبەد شۇنداق بولىدىغۇ؟ سۆيۈش —
ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قۇياش ۋە يەر شارى ئۆچكىچە تارىخىي يوسۇندا تەرەققىي
قىلىشىغا، ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا ھۆددە قىلالايدىغان بىردىنبىر
ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ئېنېرگىيىغۇ؟ سۆيۈشنى بىلگەن ئادەم، سۆيەلىگەن ئادەم ئەڭ مۇ -
نەۋۋەر ئادەمغۇ؟...

شۇ تاپتا مېنىڭ يېنىمدا ئايغا تەلمۈرگىنىچە ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇپ تۇرغان
تەشنائى ئەتراپىمىزدىن، مۇھىتتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاشۇ گۈزەل ۋە مۇقەددەس مۇھەب -
بەت مەرغۇلىغا قۇلاق سېلىۋاتامدىكىن؟ ئۇمۇ ئادەمغۇ؟ ئۇمۇ سۆيۈشنى بىلىدىغان مۇنەۋۋەر
ئادەمغۇ؟ ئۇمۇ سۆيۈلۈشى كېرەكقۇ؟ ئۇمۇ ئاشۇنداق خۇش خۇي ناۋا ياڭرىتىشى كېرەكقۇ؟

ئۇ نېمە ئۈچۈن تىلسىز يېگانە ياۋا گۈلگە ئاشىق بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئادەمگە
ئەمەس؟ رەڭ ۋە پۇراقلا ئەمەس، ئىسسىقلىق بېرەلەيدىغان، تىل ۋە دىل بېرەلەيدىغان بىر قىزغا
ئەمەس؟ ئۇنېمە ئۈچۈن مۇشۇ كەڭرى ئالەمدىن، مۇشۇ قۇچقى كەڭ دۇنيادىن ئاشۇنداق
بىر قىزنى ئىزدىمەي چەت ياقىلاردا ئۈنۈپ قالغان ياۋا ئەتىرگۈلنى ئىزدەيدۇ؟ ئۇنىڭ
ئىزدەۋاتقىنى راستىنلا ياۋا ئەتىرگۈلمۇ؟ زادى شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭ بۇ خاھىش ۋە ھەلەك -
چىلىكى ئاغرىق روھىنىڭ بىنورماللىقىمۇ ياكى مەشۇقتا تەشنا ئاشىقنىڭ سەۋدالىقىمۇ؟
تويۇنمىغان ۋە ئاچ قالغان ھېسسىياتنىڭ غالجىرلىقىمۇ؟ ئاشىقلىق كېسىلىنىڭ تەلۋىلىكە -
مۇ؟ ئۈمىدسىز جانىنىڭ ئىشەنچىنى يوقاتقان روھىنىڭ ئاداققى ئەسەبىيلىكىمۇ؟

— شۇ تاپتا سىزنى بەكمۇ چۈشىنىپ تۇرغىنىمنى سېزىپ تۇرۇپسىز، — دېدىممەن
ھاياجان بىلەن، — نازۇك ھېسلىرىڭىزنى ماڭا ئىشىنىپ ئېچىۋەتكەنلىكىڭىزگە تەشەككۈر،
مېنى ئۆزىڭىزچە قەدىردان سانىغىنىڭىزدىن زىيادە خۇشال بولۇۋاتىمەن، مۇبادا مېنىڭ
مۇشۇ دەۋاتقانلىرىم توغرا بولسا، ئەمدى، تەلتۆكۈس بولۇپ كەتسۇن، بىراقلا تۆكۈۋېتىڭ.
ئۆزىڭىزمۇ يەڭگىللەپ قالىسىز...

تەشنائى يالت قىلىپ قارىدى. مەن سۆزۈمنى داۋام قىلدىم:

— سىز ئاشىقسىز، تەشنائى، راستىنلا ئاشىقسىز. باياتىنقى سۆزلىرىڭىزدىن سىز -
نىڭ ھازىرغىچە ھېچبىر قىز بىلەن ھەرقانداق مۇئامىلىدە بولمىغانلىقىڭىز چىقىپ تۇرغان -
دەك قىلىدۇ، ئەمما مەن باشقىچىرەك ئويلاپ قالدىم، مېنىڭچە ئاشۇ قەدىرلىك ياۋا ئەتىر -

گۈل سىزنىڭ روھىيىتىڭىزگە ھۆكۈمران بولۇۋالغان بىر غەيرىي جىنسنىڭ، سىز مۇھەب ـ
بەت قويغان بىر قىزنىڭ ئورنىدا سىزنىڭ بەك قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن، ھېچكىمگە
زايە بولمىغان پاكىز ھېسسىياتىڭىزنىڭ ھەممىتىگە مايىل بوپتۇ. بۇ دېگىنىم راستمۇ؟
ئۇ قىز كىم؟ سىز خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسىز، ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ ئېيتىۋېتەي، ئورۇس
مىخىدەك قادىلىۋالدىغۇ دېسىڭىزمۇ مەيلى، سىزنىڭ مۇشۇ سىمنارىيە جەريانىدا بىر قىز بىلەن
بىرىش ـ كېلىش قىلىپ يۈرگىنىڭىز ھېچكىمگە سىر ئەمەسقۇ؟ قىزىق، تازا لىۋەن بىر
قىز سىزنى ئىزدەپ يۈرسۇنۇ، سىز ئەكسىچە پۈتۈن ھېسسىياتىڭىز بىلەن ياۋا ئەتىرگۈل ـ
نى ئىزدەپ يۈرۈڭ، ئۇنداقمۇ بولامدۇ؟ دېمەك ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلىڭىز بىلەن قىزنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىش بارمۇ قانداق؟ ئۇ قىز كىم، ئۇ سىزنىڭ سۆيۈشىڭىزگە ئەر ـ
زىمەمدۇ؟ ئەدەبسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭ...

مەن سۆزلەۋېتىپ تەشنائىغا بۇرۇلۇپ قارىدىم ـ دە، سۆزۈمنى توختىتىۋالدىم، تەش ـ
نائى تولىمۇ غەلىتە روھىي ھالەت ئىچىدە ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالغانىدى. ئاي نۇرىدا
ئۇنىڭ كىچىككىنە كۆزلىرى يالىلدايتتى، ئۇ مۇشتۇمىنى مەھكەم تۈگكىنىچە بوينىنى ئىچىگە
تىقىپ ماڭا كەسكىن ھالەتتە توغرىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھاسىرىشى بىلىنەتتى.

— كەچۈرۈڭ تەشنائى، ئاللا ئالدىدا قەسەم ئىچىمەنكى مەن سىزنىڭ ھېسسىيا ـ
تىڭىزغا تەگمەكچى ئەمەسمەن. سىز ماڭا شۇنچىلىك ئىشىنىۋاتقان يەردە مۇبادا ئۇنداق
خىيال كاللامغا كىرسە مۇناپىق بولمايمەنمۇ؟ ماڭا ئىشىنىڭ، پەقەت گەپنىڭ راستىنى
ئېيتسام سىزگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، شۇ! باشقىچە ئويدا بولماڭ، ھېلىقى قىزنىڭ
ئەھۋالىنى بىلگۈم كەلدى، خالىمىسىڭىز مەيلى، ھېلىمۇ ماڭا يېتەرلىك بولدى...

مەن ئۆزۈمنى قانچىلىك تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشقان بولساممۇ مېنىڭ ھولۇقۇشۇم
بىلىنىپ قالدى. مەن ھېچقاچان ئادەملەر ئالدىدا ئۆزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوقۇشماس ـ
لىقنى بۇ دەرىجىدىكى سەمىمىيەت ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە چۈشەندۈرۈپ باققان ئەمەس ـ
دىم. مەن شۇنچىلىك غورۇر ئېگىسى ئىدىم! مېنىڭ ھاياجانلىق قىياپىتىم، چىن قەلبىم ـ
دىن چىقىرىپ قىلىۋاتقان چۈشەندۈرۈشلىرىم تەسىر قىلدى بولغاي، تەشنائى ماڭا غەزەب
ۋە شۈبھە بىلەن بىر ھازاغىچە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئۇھسىنىپ
يەنە دالا تەرەپكە ئۆرۈلدى. ئۇنىڭ تېنى بوشىشىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ يۆلىنىپ تۇر ـ
غان نۆۋەر تېرەككە پۈتۈن ئېغىرلىقىنى تاشلىدى.

— سىز يامان نازۇك يەرگە شىپقاۋاتىسىز...—غودۇڭشىدى تەشنائى. ئېغىر ۋە
كۆڭۈلسىز جىملىقنى بۇزۇپ، — قانداق قىلاي، باشلاپتىمەن، بىراقلا تۆكىلەي. سىزنى ئو ـ
غۇل بالا دەپ ئىشەندىم، مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلمەيدىغىنىڭىزغا كۆزۈم يېتىشلىك، بولمىسا
مەنمۇ ساراڭمۇ، كۆرگەنلا بىرسىگە ۋالاقلاپ يۈرىدىغان، راستىنى ئېيتسام سۆزلەپ بەر ـ
گۈدەك ئىشىمىزمۇ يوق...ئۇ قىز بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى، شېئىر يازىدۇ، مەن ئۇ قىز
بىلەن بىرەر يىلدىن بېرى ئارىلىشىپ يۈرىمەن، توۋا ئارىلىشىپ دېگىنىمنى قاراڭ، نەدى ـ
كىنى! مەن ئۇ قىز بىلەن قانداقمۇ ئارىلىشاي! ئۇ قىز پات ـ پات ئىشخانامغا، ياتىقىمغا
بارىدۇ، يازغانلىرىنى كۆرۈپ بېرىمەن، مېنىڭ رىغبىتىم ۋە مەسلىھىتىم بىلەن ئىككى،

ئۈچ پارچە شېئىرىنى ژۇرنالغا ئەۋەتتۈرىدى ئېلان قىلىنىپ قالدى، بېشى كۆككە يەتتى، شۇ-
نىڭدىن بۇيان پات ـ پات بارىدىغان بولدى. گاھىدا يازغانلىرىمنى ئوقۇپ بېرىشىمنى سوراپ
تۇرۇۋالىدۇ. ئوقۇپ بېرىمەن، ھاڭ ـ تاڭ بولىدۇ...
ئومۇمەن ئېيتقاندا مەن ئاياللاردىن قورقىمەن، ئۇلار ماڭا تولىمۇ يوچۇن، يات
كۆرۈنىدۇ، مەن ئۆمرۈمدە ئاپام ۋە سەلىمەخانىمدىن باشقا بىرەر قىز ياكى ئايالغا بىرەر
ئېغىز گەپمۇ ئارتۇقراق قىلىپ تاشلىغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۆزۈممۇ ياشمەن، لېكىن
قىزلارنى كۆرگىنىمدە ئۇ ياشلىقىم نەلەردە قالىدىكىن، ئۇلاردىن روپاچ خوتۇن ئەركەكلەر-
دىن قاچقاندەك قاچىمەن، بۇ بەلكىم ناھايىتى كىچىك چېغىمدىلا قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ
مېنى «سەت» دەپ كۆڭلۈمگە تولا ئازار بېرىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. قەلبىمدە
ئاياللارغا شۇ چاغدىلا بىرخىل ئۆچمەنلىك يىلتىزلىغانىدى. ئۇزۇن زامانلار ئۆتتى. لېكىن
نەپرەتنىڭ ئورنىنى قورقۇش ئىگىلىدى، توغرا گەپنى قىلسام مەنمۇ بىر ئەركەك سۈپىتى-
دە ئۇلارغا قىزىقىمەن، لېكىن يەنە قورقىمەن، خۇددى قاتتىق شۇۋىرغاندا ئوت كەتكەن
ئورمانغا يولۇققان ئادەمدەك ــ يىراق تۇرسام مۇزلايمەن، يېقىن بېرىشتىن قورقىمەن، بۇ
قىزدىنمۇ دەسلەپدە قېچىپ يۈردۈم، ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىدە ۋە ئۆزۈمدە قىل چاغلىق غەي-
رىي غەرەز يوقلۇقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسامۇ، نېمىشقىدۇر ئۇ قىزنى كۆرسەم مېنى بىر
قورقۇنچلۇق تىترەك باسىدۇ. ئۇ قىز كەلسە بىرەر يەرگە مۆكۈۋالغۇم، ئاشۇ مۆكۈۋالغان
يېرىمدىن ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قارىغىممۇ كېلىدۇ. كېيىنچە بۇنداق قىلىۋەرسەم ئەدەب-
سىزلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ سالاھىيىتىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى
سەل بېسىۋالىدىغان بولدۇم، توغرىراقى ئۇ قىز مېنى قوش كۆرمىگەن ئۆكۈزنى تاپقا
كۆندۈرگەندەك چىدام بىلەن كۆندۈرۈۋالدى. كېيىنچە مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىچىكىپ قالدىم.
ئۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتتىكى يېڭى ئېقىملار، «گۇگۇگا» چىلار توغرىسىدا، پروزىدىكى مودېر-
نىستىك ھادىسىلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىشىمىز، مۇنازىرىلىشىمىز، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى مۇھا-
كىمە قىلىمىز، كېيىنچە ئۇ مېنىڭ تۇنجى كىتابخانىم بولۇپ قالدى. ھەر قانداق ئەسىرىم-
نى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىدىغان بولدۇم، ئۇ ئەدەبىياتتىكى كونىلىق، قاتماللىق-
تىن قاخشايدۇ، يېڭىچە شەكىل ۋە ئۇسلۇبقا بەك ھېرىسمەن، بەزى پىكىرلىرى بەكمۇ
ئورۇنلۇق، گاھىدا خۇددى كىچىك بالىدەك تولىمۇ كۈلكىلىك گەپ-
لەرنىمۇ قىلىپ قويىدۇ. بەزى پىكىرلىرى بولسا مېنى چۆچۈتىدۇ، ئۆزۈممۇ تەمتىرەپ قالى-
مەن، ئىشقىلىپ سۆزلىشىپ قالساق گېپىمىز تۈگىمەي قالىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا
مۇستەقىل قارىشى بار، ئۆزىگە خاس خاراكتېرى بار. بەك ئاقكۆڭۈل، ئەقىللىق ۋە ئەدەب-
لىك قىز، بۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر تالانت يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، ئۆزى بۇنى سەزمەيدۇ،
ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن چاغلايدۇ. مۇبادا ياخشى يېتەكلىسە، بىزنىڭ سېپىمىزگە بىر تالانت
قوشۇلاتتى، مەن ئۇنىڭ پەقەت مۇشۇ قابىلىيىتىدىنلا سۆيۈنۈپ يۈرۈيمەن. قولۇمدىن
كېلىشىچە ياردەم قىلغۇم كېلىدۇ. ئەسلىدە يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى سېمىنارىيىگە
ئۇ قىزنى تەكلىپ قىلىش كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىرچە بۇ قىزنىڭ تونۇلۇش دائىرىسى
بەك تار، مەن تونۇشتۇراي دېسەم نېمىشقىدۇر بىرخىل بىئەپلىك ھېس قىلىمەن.

— ئەمىسە پات-پات سىمنارىيىدە پەيدا بولۇپ قالدىڭىزۇ؟

— ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ ئورۇنغا يېقىن، بىرەر كىلومېتىرمۇ كەلمەيدۇ، سىمنارىيىگە كەلگەن يازغۇچىلارغا قىزىقىپمۇ ياكى يېقىندىن بۇيان كۆپرەك يازىدىغان بولۇپ قالدىمۇ ئېيتاۋۇر كۆپرەك كېلىدىغان بولۇپ قالدى. توغرا، ئۇ قىزنى ئۇزىتىپ چىقىۋاتقىنىمدا سىز بىرقانچە قېتىم يولۇقۇپ قالدىڭىز.

— شۇنداق، — مەن نېمىشقىدۇر خىجالەت بولۇپ قالدىم. تەشنائى ئۈنچىقمىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا يەڭگىل بىر كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا بىر تاتلىق سېزىم ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. تەشنائى ئاشۇ سېزىمىنىڭ كەيپىدە ئۆزىگە بەك يامان تەسىر قىلغان بىر نازۇك مەسىلىدە ماڭا ئۇشتۇمتۇتلا كەڭ قورساقلىق قىلىۋەتكەنىدى. تەشنائى گويا مەندىن گەپ تەمە قىلغاندەك جىم بولۇۋالدى. ياكى ماڭا شۇنداق بىلىندىمىكى؟ چۈنكى مەن ئۇنىڭ يارىسىنى چۇخچىلاپ ئېغىز ئالدۇردۇم، ئۇنىسى سىقىپ زەردابىنى چىقاردىم، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئەمەلەپ قويۇشۇم زۆرۈر ئىدى. ئەخلاقىي ۋە ۋىجدان نۇقتىسىدىن زۆرۈر ئىدى، مەن ئەسلىدە زېھنىمدە بىر بۇرچ تۇيغۇسىنى سەزمەكتىمەن، بۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ روھىنى كاردىن چىقىرىۋاتقان، ھاسىراپ قالغان روھىنىڭ ئاغرىقىدىن ئېچىرقىغان جاننى قۇتقۇزۇش، ئۇنى ھاياتنىڭ لەززىتىدىن، ياشلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن، ئاللا جىمى ئادەمگە ئاتا قىلغان ئىنسانىي خۇشاللىقتىن، ئەركەكلەرچە ئىپتىخار-لىقىدىن، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش شادلىقىدىن مەھرۇم قالغان بۇ بىچارە ئىددىنى ئۈمىدسىز-لىك پاتقىقىدىن تارتىۋېلىش، ئۇنى چىرمىۋالغان تەنھالىق، يېگانىلىق ئۆڭكۈرىدىن يېتەكلەپ چىقىپ پارلاق نۇرى بىلەن چاراقلاپ تۇرغان ناۋا بوستانغا، سۆيگۈ ناخشىسى جاراڭلاپ تۇرغان كۆكلىمەيدانىغا يۈزلەندۈرۈش، ئىنسانىڭ ياخشىلىقى، گۈزەل پەزىلىتى ۋە دوستى-لۇق-مۇھەببەت قىياسى بىلەن ئۇنىڭ ئادەملەردىن ئەدەب يەپ كېتىپ نەپسى بوغۇلغىنى ئۈچۈن سائەتسېرى ئۆلۈۋاتقان زەئىپ ۋە تەنھا روھىنى پەرۋىش قىلىش، ئۆز ئىختىيا-رى بىلەن ياشاش خۇشاللىقى ھەم يېڭىلىك جاسارىتىدىن ۋاز كېچىپ ئۇششۇپ كەتكەن قۇرت-نەك تۈگۈلۈۋالغىنىچە ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتقان بۇ، ناتىۋانغا ئۆزىنى ئىزدەپ تاپالماي قاراڭغۇ چاتقاللىق ۋە خەتەرلىك سوقماق يوللاردا تېنىپ تەمتىرەپ يۈرگەن بۇ قارىغۇ ئازغىنىڭ ئۆزىنى تېپىۋېلىشىغا ھىممەت قىلىش، ئىشەنچ ۋە ئىرادىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنى-ئۆزى بىر چىشلەمدىن قاساپ ياتقان ئۆز روھىنىڭ دۈشمىنىگە، ھايات، ئادەملەر ۋە مۇھەببەتكە قاراپ تەبەسسۇم قىلىشنى ئۆگىتىش، ھايات، ئادەملەر ۋە مۇھەببەت بىلەن قۇچاقلىشىشقا باتۇرلۇق، ئىرادە، ئىشەنچ ۋە رىغبەت بېرىش مېنىڭ ئىنسانىي بۇرچۇم، ئادەملىك مەسئۇلىيىتىم ۋە مېنىڭ ئەخلاقىي پەللەم ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەينى ۋاقىتتا بىر ئا-دەمنى قۇتقۇزۇشلا ئەمەس بەلكى ئەدەبىياتىمىزدا باشقىچىرەك سىياقتا نۇر بالقىتىشى مۇمكىن بولغان بىر تالانتنى قۇتقۇزۇش ئەلۋەتتە! لېكىن شۇلار مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمدىكىن؟ ۋۇجۇدۇمغا بىردىنلا كۈچلۈك ھاياجان ئولاشتى، قەلبىمدە تەشنائىغا نىسبەتەن دوستلۇق ھېسسى تولۇپ تاشقانىدى.

— روھىي تۇرمۇشىڭىزغا ئىجازەتسىز ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇ جەھەتتە سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. لېكىن تەشنائى، سىز بۇنداق

ياشاۋەرەسلىكىڭىز كېرەك!

تەشنائىي ھەيران بولغانىدەك ماڭا لاپپىدە قارىدى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— شۇ مۇدھىش ياڭغۇزلۇقنى سىز نېمىلا دەپ ئاتىماڭ، ئۇ كىشىنىڭ روھىنى يەيدۇ، كىشى قەلبىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇرۇتۇپ تاشلايدۇ، كىشىنى بارا-بارا ئىنسانىيلىققا خاس نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ، كىشىدە ئادەملەر ۋە ھاياتقا نىسبەتەن قارىغۇلارچە دۈشمەنلىك ھەم قورقۇش، بىزارلىق ھېسسى پەيدا قىلىدۇ. كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، شۇ تاپتا سىز ئېچىرقاپ ھالىدىن كەتكەن، لېكىن ئالدىدىكى خىلمۇ خىل تائاملارنى يېيىشكە پېتىنالماي ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە ئوخشاپ قاپسىز، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھاياتنىڭ، روھىي ھاياتنىڭ تۈمەن مىڭ خىل نازۇ-نېمەتلىرى تۇرۇپتۇ. ئەكسىچە سىز تەشنالىقتا، ئاچلىقتا ئەرۋاھتەك سارغىيىپ كېتىپسىز، قولىڭىزنى شۇنداقلا سوزسىڭىز ئالدىڭىزدىكى تائاملارنى يېيەلەيسىز، باش ئۈستىڭىزدىكى جەننەت مېۋىلىرىنى ئۈزەلەيسىز، ئۇ چاغدا سىزنىڭ نېمىچان روھىڭىز قۇۋۋەت تاپىدۇ، چېھرىڭىز ياشىرىدۇ، ياشاشنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمىسىز، مۇھەببەت كۆكىدە لەرزان پەرۋاز قىلىسىز، ئىجاد ئاسمىنىدا شۇڭقاردەك تېخىمۇ جۇشقۇن جەۋلان قىلىسىز، سىز ئادەملەردىن نېمىشقا مۇنچە ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز، ئۇلارنىڭ سىزگە قىزىقىشىنى، سىزگە ئىزھار قىلغان تەبەسسۇمىنى، ئۇلارنىڭ سىزگە تارتۇق قىلغان كۈلكىسىنى نېمىشقا بۇنچە تەرسالىق بىلەن رەت قىلىسىز، نېمىشقا ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىمەيسىز، تەبەسسۇم قىلمايسىز؟ نېمە ئۈچۈن سىزمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشنى بىلمەيسىز؟ نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ قەلبىڭىز گۆردەك تىنىچ، شامسىز قازناقتەك قاراڭغۇ، مۇز ساقلايدىغان گەمىدەك سوغۇق؟ نېمە ئۈچۈن ئىنسان ئۈچۈن پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان قىممەتلىك ھاياتىڭىزنى قارىڭغۇ چاشقاندەك كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان بىقىسىق قاراڭغۇ ۋە تار قىستاڭدا ئۆتكۈزۈۋسىز؟ نېمىشقا ھاياتنى، ئۆزىڭىزنى ئەزىزلەشنى بىلمەيسىز؟ ياشلىقىڭىزنى قەدىرلەشنى ئويلىمايسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن، بىنورمال خاراكتېرىڭىزگە، پۈت دەسسەپ تۇرالمايدىغان تۇرمۇش قارىشىڭىزغا قارشى كۈرەش قىلىشنى ئۆگىنىڭ قەدىرلىك دوستۇم!

ئۆزۈمنىڭ سۆزىدىن ئۆزۈم ھاياجانلىنىپ كەتتىممۇ نېمە، ۋۇجۇدۇم قىزىپ كەتتى، تامىقىم قۇرۇپ، ئاۋازىم خىرقىراپ قالدى. مەن گېلىمنى قىرىپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەييارلاندىم.

— كەچۈرۈڭ دوستۇم، بايقاپراق سۆزلەڭ، مەن ئۆلۈپ ياتقىنىم يوق، مەنمۇ ئىشلەۋاتىمەن، خىزمەت قىلىۋاتىمەن، ئىجاد قىلىۋاتىمەن، سىز مېنىڭ ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆزىگە خاس مەنە تاپقان ھاياتىمنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلالامسىز؟ — دېدى تەشنائىي.

— شۇنداق، سىز ئىشلەۋاتىسىز، جەمئىيەتكە، خەلققە تۆھپە يارىتىۋاتىسىز، سىزنىڭ بۇ تۆھپىڭىزنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، سىز بىناكار ئۇستىغا ئوخشايسىز، سىز ئازادە ۋە ھەشەمەتلىك بىنالارنى قۇرۇپ چىقىسىز، ئۆزىڭىز بولسا كورىدورنىڭ ئاللىقانداق تار، قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇشقىقىدا ياكى ئېگىز بىنا تېمىنىڭ تۈۋىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋسىز،

سىز ئۇ بىنادىن ھېچقانداق ئىسسىقلىق ئالالمايۋاتىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمگىكى سىزگە شەرەپ بەردى، لېكىن ھەقىقىي قۇرغۇچىنىڭ خۇشاللىقىنى، ئىنسانىي خۇشاللىقنى بېرەلمىدى. بۇ، دوستۇم، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ خاتاسى، سىز ئۆزىڭىز سالغان بىناغا ئىشەنمەيسىز، ئۇنىڭدىن قورقىسىز، ئۇنىڭ خانىلىرىگە كىرىپ ئورۇنلىشىشقا، ئۇ يەردە باشقىلار ياشىغاندەك بەھوزۇر ۋە خاتىرجەم ياشاشقا جۈرئەت قىلالمايسىز، ئۇ ھايات بىناسى سىزگە يوچۇن ۋە خەۋپلىك بىلىنىدۇ.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. تەشنائى مەندىن كۆزىنى قاچۇرۇپ دالا تەرەپكە ئۆرۈلۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ بېشى سېلىنىدى، ئۇ چەكسىز خىيالغا چۆمگەنىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئىڭرىغاندەك غودۇڭشىدى.

— مېنى ... مېنى ... نېمە قىل دەيسىز ئەمدى؟

مەنمۇ دەل شۇنى كۈتەتتىم. دېمەك، بۇ تەرسا ئادەم ئۆزىنىڭ بىنورمال ياشاۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى تەن ئالغانىدى، مەن دەررۇ ھۇجۇمغا ئۆتتۈم:

— بۇ تولىمۇ ئاددىي، خۇددى ھەممىلا كىشىگە تونۇش بىر كۈينى غىڭشىغاندەك ئاددىي ئىش...

تەشنائى بېشىنى كۆتۈرۈپ مەن تەرەپكە لەپپىدە قارىدى:

— قانداق ئاددىي؟ سىز نېمىنى كۆزدە تۇتىسىز؟

— سىزمۇ باشقىلاردەك بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈشكە ھەرىكەت قىلىسىز، ئۇنىڭغا مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىسىز، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسىز، سىزنىڭ خۇددى ھېلىقى رايىدىن دېگەن يىگىتكە ئوخشاش ئىسسىق ۋە مېھرىبان ئائىلىڭىز، ئوماق ۋە سۆيۈملۈك باللىرىڭىز بولىدۇ، ئۇ چاغدا سىز باشقا بىر تەشنائى بولۇپ دۇنياغا تۇغۇلىسىز، ھاياتتا ئىككىنچى قېتىم، ياق توغرىراقى ھەقىقىي ھالدا بىرىنچى قېتىم كۆز ئاچىسىز.

— مەن ھېچكىمنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم، ھېچكىممۇ مېنى ياخشى كۆرمىدى ۋە ياخشى كۆرمەيدۇ... دۇنيادا ماڭا بۇنىڭدىن قىيىنراق ئىش توغرا كەلمىسە كېرەك!...

— تەشنائى، سىز ھېلىقى ياۋا ئەتىرگۈلنى قاچاندىن بېرى بايقىدىڭىز؟ رەنا بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ؟

تەشنائى مەندىن رەنجىگەندەك، قېشىنىڭ ئاستىدىن كۈلۈمسىپ قارىدى ۋە ھەيران بولغاندەك سورىدى:

— بۇ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟

— ياق، ئەمدى دەيمىنا...

ئۇ ئويلىنىپ قالدى.

— بىر كۈنى رەنا بىلەن شۇ يەرگە باردۇق، ئايلانغاچ پاراڭلاشتۇق، شۇ كۈننىڭ ئەتىسىغۇ دەيمەن، دەل شۇنداق، رەنا بىلەن شۇ يەرگە كېلىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردە، — تەشنائى بىردىنلا خىجالەت بولۇپ قالدى. سۆزى ئۈزۈلدى.

— دېمەك مەسىلە ناھايىتى ئايدىڭ، سىز رەنا بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزچىلا ھېلىقى رايىدىننىڭ ئەھۋالىغا قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، ئۇنىڭ بىر بەخت

ئىگىسى ئىكەنلىكى، سىزدە بولسا ئەنە شۇنداق بەختىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىز، ئاندىن ... رەنا بىلەن دالىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان بولدىڭىز ۋە «ئۇشتۇمتۇت» ھېلىقى ياۋا ئەتىر گۈلنى بايقاپ قالدىڭىز ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ سىزگە بىر يېڭى ئەرمەك تېپىلدى — ھەر كۈنى ئىككى ۋاق ياۋا ئەتىر گۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاشۇ گۈلىڭىز بىلەن سىرداشىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

تەشنائى ھودۇقۇپ قالغاندەك تېز-تېز سۆزلىدى:

— شۇنداق، لېكىن سىز نېمىشقا «رەنا، رەنا» دەۋېرىسىز، بۇ يەردە رەنانىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟

مەن سىرلىق كۈلۈمسىرىدىم.

— چۈنكى قەدىرلىك تەشنائى، بۇ يەردە ھەممە «بالا» نى تېرىغان ئاشۇ رەنا! سىزنىڭ بۇنچە ئىزتىراپ بولۇشىڭىزغا بىر ئاشۇ رەنا جاۋابكار، دېمەك «ئالاقە» سى بار بولغاندىمۇ ئاجايىپ دەڭا! سىز رەنانى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغانسىز ۋە ھازىرغىچە ئۇنىڭغا مەخپىي كۆيۈپ يۈرۈسىز، ئۆزىڭىزنى ئالدىيالمايسىز، مېنى ھەم...

تەشنائى قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەس بىر قول ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغاندەك غىققىدە بولدى. شۇ تاپتا كۈندۈزى بولغان بولسا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ھېلى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك قىزىرىپ چىڭقالغىنىنى ياكى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولار ئىدىم، ئەپسۇس...

— ياق! ئۇ... ياق! يالغان...

— راستىنى ئېيتسام، سىز ئۇ ياۋا ئەتىر گۈلىنى ئەمەس، ئاشۇ رەنانى ئىزدىدىڭىز، سىز كۆڭلىڭىزدە ئۇ ياۋا ئەتىر گۈلنى رەنا سىماقىدا ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ رەنانىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ پۇچۇلىنىۋاتقان يۈرىككە ئارام ئىزدىدىڭىز، ئۇنىڭ تۈۋىگە رەنانى سېغىنغاندا، پىغاندىن ئىچىڭىز توشۇپ كەتكەندە ئاندىن...

— ياق! پۈتۈنلەي يالغان! سىز... سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىپ... ئۆزىڭىزچە... قانداق دېگەن گەپ بۇ!

— سىز ياۋا ئەتىر گۈلنى رەناغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ يۇمران غولىنى سىلىدىڭىز، ئۇنىڭغا پۈتۈن قەلب سىرلىرىڭىزنى تۆكتىڭىز، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدىڭىز، سىز بۇلارنى «رەناغا قىلىۋاتىمەن» دەپ تۇرۇپ قىلدىڭىز، پەقەت رەنا كەلمىگەن كۈنلىرى ياكى رەنا سىز بىلەن ئۇزاق ئولتۇرۇپ قايتقاندىن كېيىن قىلدىڭىز...

— سىز بۇنداق... نېمە بىلجىرلايسىز، كىشىنى ئانىي تېپىپ ئاغزىڭىزغا كەلگىنىچە ۋالاقلاپ ماڭا تۆھمەت قىلماڭ!...

تەشنائى يۆلىنىپ تۇرغان تېرەكتىن يۇلقۇنۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ شۇ تاپتا غەزەپتىن «يېرىلاي» دەپ قالغانىدى. مەن پەسەنتىمگە ئالماي دەيدىغىنىمنى دەۋەردىم:

— بۇ تېخى ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى رەنامۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ؛ بولمىسا ئۇ نېمىشقا سىزنى، پەقەتلا سىزنى يوقلاپ تۇر-

دۇ، ھەۋەسكار بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق! قىلدىغان ئىش تاپالماي زېرىككەنمۇ؟ ياق! رەنا سىزگە چوقۇنغۇچى، قىزغىن كۆڭۈللۈك ئەدەبىيات خۇمارى بولۇشتىن تاشقىرى ئۇ ئالدى بىلەن بويىغا يەتكەن، ئاللىقاچان رىشتىدە بولغان بىر قىز! ئەلۋەتتە، بېشىغا مۇھەببەت سەۋداسى چۈشكەن رەنادەك بىر قىزغا «ئەدەبىيات»، «كىتاب»، «شېئىر توغرىسىدا مۇلا- ھىزە» دېگەنلەر ئاجايىپ قاملاشقان باھانە ئەمەسمۇ؟ سىز بۇنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟ ياق چۈشەنمىگەن يەردىمۇ ئەمەس، سىز ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلىڭىزنىڭ تىكەنلىك غولىنى مۇھەببەت بىلەن سىلىغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ ياپراقلىرىغا ئوتتەك مەڭزىڭىزنى يېقىپ، ئۇنىڭ ھال رەڭ بەرگىلىرىگە سۆيگەنسىز - تايىن!...

— ئاغزىڭىزنى يۇ - يۇمۇڭ! ھېلى بولمىسا....

تەشنائى ئەسەبىيلىك بىلەن چىرقىرىۋەتتى. ئۇ جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇ مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگكىنىچە مېنى بىر مۇشت بىلەنلا ئۆرۈۋېتىپ، ئاندىن ئاغزى - بۇرنۇمغا دەسسەپ- چەيلەيدىغان ئەلپازدا ماڭا ئېتىلىپ كەلدى - دە، يىغلامسىرىغان قىياپەتتە مېنىڭ ئالدىم- دا توختاپ قالدى. مېنىڭ نېمىشقىدۇر كۈلگۈم كەلدى. لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم - دە، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ قىياپىتى بەكمۇ بىچارە ئىدى. لېكىن مەن شەپقەتسىزرەك بولۇش قارارىغا كەلدىم. جاراھەتنى ستتقان ئىكەنمەن، ئۇنى تەلتۆكۈس، يىرىڭلىرى تولۇق چىقىپ بولغۇچە سىقىشىم كېرەك - تە!

— سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى ئالدايسىز؟ نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بۇنچىلىك ئازابلايسىز؟ ئۆزىڭىزنى ھالاك قىلماقچىمۇ سىز؟ سىزگە ھازىر مەقسىتىڭىزگە يېتىشىڭىز ئۈچۈن نېمە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ؟ ھېچقانداق ئىش...

تەشنائى بىردىنلا بوشاشقاندەك بولۇپ، بېشىنى سىلىۋالدى، شۇ تاپتا ئۇ تۇرغان جا- يىغا ئولتۇرۇپ قالىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى، تىك تۇرغان قەددى ئۇشتۇمتۇتلا يۇمشاپ كەتكەندەك مۈكچىيىپ قالدى:

— بولدى سۆزلىمەڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي...

— سىز...

ئۇ قورققاندەك ئالاقزادە بولۇپ سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى.

— سىزدىن تىلەپ قالاي، مېنى بىردەم ئۆز ھالىمغا قويۇڭ. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بىر... بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماڭ... — ئۇنىڭ ئاۋازى ھالسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئاھاڭى يېلىنىش، ئۆتۈنۈش، قورقۇش ۋە قاتتىق ئاغرىق ئازابى بىلەن تىترەيتتى، ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا كىچىك بالىدەك خىرتىلداپ يىغلىۋەتتى، مەن ئىككى قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان ئورۇق يەلكىسىنى دوستانىلىق بىلەن قىستىم، ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئۈنسىز ئۆكسۈپ بىر ھازاغىچە يىغلىدى.

## 11 - باب

ئۇ ئۇشتۇمتۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ماڭا مۆلدۈرلەپ قارىدى.

— كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنىڭ نېمە دېگىنىمنى بىلمەيمەن، سىزگە بەكمۇ... ئۆمرۈمدە بىرسىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىم تېخى تۇنجى قېتىم، مېنى ئەپۇ قىلىڭ...

مەن كۈلۈمسىرىدىم:

— نېمە دېگىنىڭىز؟ ئەكسىچە مەن خۇشال بولدۇم، مەن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا پەقەت ھازىرلا ھەقىقىي باتۇرلۇقنىڭ بەلگىلىرىنى كۆردۈم، يىگىت دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدىغان. سىزمۇ قەھرلىنىشنى، غەزەپلىنىشنى بىلىدىكەنسىزغۇ؟ مۇھەببەتتە ئۇتۇق قازانغان، سۆيۈشنى بىلىدىغان ئادەملەر، كۆپ ھاللاردا مانا سىزدەك قەھرلىنىشنى بىلىدىغان ئادەملەردىن چىقىدۇ. مانا قاراڭ، سىز مۇھەببەتتە چوقۇم غالىب چىققۇدەكسىز...

مەن خۇش خۇي كۈلۈۋەتتىم، «تەشنائى»مۇ كۆزلىرىنى قىسىپ ئويۇلۇپراق، لېكىن چىن دىلىدىن كۈلۈۋەتتى. مەن ئۇنى ئۇچراتقاندىن بۇيان ئۇنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىچىدىن چىقىرىپ كۈلگىنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئۇ كۈلگەندە نېمىشقىدۇر ماڭا چىت رايلىنىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ كۆزىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىغا نەزەر تاشلىدى ۋە چوڭقۇر تىنىدى.

— نېمىسىنى ئېيتاي، بەلكىم سىز ھەقلىقتۇرسىز...

تەشنائى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاياغ ئاستىمىزدا كۈڭكۈلدۈك شىلدىرلاپ تۇرغان ئېرىق سۈيى بىلەن ئاھاڭداش ئىدى. ئۇنىڭدا بىرخىل سەممىيلىك، خاتىرجەملىك، مۇڭلىنىش ۋە قايغۇ ئورغۇپ تۇراتتى.

— مەن رەنانى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نامەلۇم بىر يىپ ئارقىلىق ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالدىم. ئۇ ھەر قېتىم ياتىقىمغا كەلگىنىدە، مېنىڭ ئاشۇ غېرىپ كۆڭلۈم چەكسىز خۇشاللىققا چۆمەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر قاراشلىرى، ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتى، سۆزلەۋاتقان چاغدىكى ئاۋازى، چىراي ئىپادىسى... ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھەممىلا نەرسە ماڭا — مېنىڭ روھىمغا، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا چەكسىز لەززەت بېغىشلايتتى. ئۇ كېتىپ قالسا مۇڭلىناتتىم، ئۇ نەپەس ئالغان، ئۇنىڭ ھىدى قالغان ياتىقىمنىڭ ھاۋاسىنى دېمىم كېسىلىپ قالغىچە ئىچىمگە سۈمۈرەتتىم، كېچىچە ئۇنىڭ ھىدى بىلەن مەست بولۇپ تاڭنى ئاتقۇزاتتىم، ئۇ كەلمەي قالسا مۇڭلىناتتىم، يىغا تۇتاتتى، تىت - تىت بولاتتىم. ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بارغۇم كېلەتتى، ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى سىلايتتىم، ئۇ قولىغا ئالغان كىتابلارنى باغرىمغا تاڭاتتىم... بىر كۈنلەردە ھېلىقى ئەتىرگۈلنى تېپىۋالدىم. بايا سىز مېنىڭ ئىچى - تېشىمنى چۇۋۇۋەتتىڭىز... ئىقرارمەن، مەن ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلگە رەنانىڭ سىماسىنى، گۈلنىڭ غولىغا ئۇنىڭ بويىنى، بەرگىلىرىگە ئۇنىڭ لەۋلىرىنى، ئۇنىڭ ياپراقلىرىغا ئۇنىڭ مەڭزىنى، ئۇنىڭ تاڭدىكى ئېچىلىشىغا رەنانىڭ كۈلۈشىنى، تاڭ قاراڭغۇسىدىكى جۇشقۇنىغا رەنانىڭ تەساۋۋۇرۇمدىكى ئويقۇدا ياتقان ھالىتىنى بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەنھا ياۋا ئەتىرگۈل قېنى بار، جېنى بار، كۈلەلەيدىغان، سۆزلىيەلەيدىغان رەناغا ئايلاندى. مەن ياۋا ئەتىرگۈلگە، رەناغا ئېيتالمايدىغانلىرىمنى ئېيتىدىغان ئۇنىڭدىن سوراشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان سوئال

لىرىمنى سورايدىغان، گۈلنى پۇرايدىغان بولدۇم. شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمگە بىر گۈزەل مەنىۋى دۇنيا ياراتتىم. بۇ دۇنيا ماڭا پۈتۈن ھاياتىمدا ئارزۇ قىلىغان لېكىن ئېرىشەلمىگەن ھەممىلا نەرسىنى بەردى. مېنى سۆيۈندۈردى. مېنى كۆكلەتتى، مېنى پەرۋىش قىلدى، مېنى ئەركىلەتتى، مېنى ... لېكىن ھەقىقىي رەنا ئالدىدا بولسا ئۆزۈمنى ناھايىتىمۇ قاتتىق تۇتتۇم. قەلب سىرلىرىمنى بەك پىنھان ساقلىدىم، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەشتىنمۇ قورقتۇم، ئۇ ھېچنەرسە سەزمىدى، ئۇ شېئىرلىرىنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىۋەردى. ماڭا شۇنىسى كۇپايە ئىدى، ئۇنى كۆرۈپ تۇرساملا ماڭا شۇ يېتەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىمدا بىر دەقىقە بولسىمۇ تۇرۇپ بېرىشىنى ئۆزۈم ئۈچۈن چەكسىز بەخت ھېس قىلاتتىم.

... بۇ قېتىم سېمىنارىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ مېنى تېخىمۇ كۆپ ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. نېمە ئۈچۈنكىن بىلمەيمەن، ئۇنىڭ مېنى يوقلاپ كېلىشى مەن ئۈچۈن ئازابلىق تۇيۇلىدىغان بولدى. چۈنكى مېنىڭ ياۋا ئەتىرگۈلۈم، مېنىڭ مەنىۋى دۇنيارىمدىكى رەنا يىراقتا، شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدە قالغانىدى. ئۇ يەرگە بارالمايۋاتاتتىم، ئىلگىرى رەنا ھەر قېتىم مېنى كۆرگىلى كېلىپ مېنىڭ كۆڭلۈمدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ تەسىراتلارنى، ئۆزۈمنىڭ خىياللىرىنى، سېغىنچىمنى، خۇشاللىقىمنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ياۋا ئەتىرگۈلۈمگە، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى رەنايىم بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئالدىرايتتىم. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىچ - قارنىمنى تۆكۈپ پۇخادىن چىققاندەك، ئۇنىڭدىن تەسەللىي، ئىلھام ۋە كۈچ ئالغاندەك بولاتتىم، لېكىن ئەمدىچۇ؟ رەنا كېلىدۇ، ھەر قېتىم كەلگىنىدە ئۆزىنىڭ بارلىقى بىلەن مېنى چالا بوغۇزلاپ تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ. ئۇ كەتكەن ھامان مەن ياۋا ئەتىرگۈلۈمنى، مېنىڭ روھىي رەنايىمنى ئىزدەيمەن، ئۇنىڭغا تۆكۈلگۈم، ئۇنى پۇراپ ھىدلىغۇم كېلىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ يەردە يوق. يىراقتا... مانا مۇشۇ ھال مېنى ساراڭ قىلىدۇ، روھىمنى بوغىدۇ، يۈرىكىمنى سىقىدۇ، مېنىڭ جىمى خۇشاللىقىم، كۆڭۈل ئارامچىلىقىم بەربات بولۇپ، مەجنۇندەك ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ، ئادەملەردىن قېچىپ — پىنھانلاردا ئاھ ئۇرۇپ يۈرىمەن، مەن ياخشى كۆرۈشنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، مۇشۇ ياخشى كۆرۈشمىكىن؟ ئەگەر ياخشى كۆرۈش مۇشۇنداق بولسا — دېمەك مەن ئۇنى سىز ئېيتقاندەك ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايمەن ياكى بۇنى ياخشى كۆرۈش دېمەي، جاندىن كېچىش دېسە توغرا بولامدىكىن؟ بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، رەنانى، ياق، ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلۈمنى ئىزدەش لازىملىقىنىلا بىلىمەن، باشقىسىنى، ياخشى كۆرۈشمۇ، ئەمەسمۇ دېگەنلەرنى ئويلىغۇم كەلمەيدۇ... مانا، مەن مۇشۇنداق بىر جانمەن، مۇشۇنداق...

تەشنائى بىردىنلا جىم بولدى، بېشىنى سالغىنىچە ئېرىقتىكى ئاي شولىسىغا كۆزىنى تىكتى. مەن ئېغىر نەپەس ئالدىم.

— يۈرىكىڭىز زەردابقا چىلىشىپ ئىششىپتۇ، ئازابتىن جېنىڭىز قىلدەك تىترەۋېتىپتۇ. يەنە كېلىپ سىزدە مۇھەببەت ۋە ئازابنى سېزەلەيدىغان سېزىملار ناھايىتىمۇ ساغلام ئىكەن، بۇنىسى تېخىمۇ يامان... تەشنائى، نېمىشقا سىز ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلگە تۆككەن زارىڭىزنى ھەقىقىي رەناغا تۆكمەيسىز، ئۇنىڭغا مۇھەببىتىڭىزنى ئاشكارىلىمايسىز؟ بۇ يېنىكرەك توختايدىغۇ؟

تەشنائى ئىچ - باغرى چۇۋۇلغۇدەك چوڭقۇر تىندى ۋە بېشىنى چايقاپ دېدى:

— مۇمكىنمۇ؟ ئۇ كىم؟ مۇبادا ئۇنداق قىلغان بولسام ئۇچاغدا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن مەبۇدقا ئۆزۈم ھاقارەت قىلغان، ئۇنى پەس سانىغان، ئۇنىڭ شەنىگە تەگكەن بولمايمەنمۇ؟ ياق دوستۇم، بۇ. مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

تەشنائى ھەيران بولغاندەك ماڭا قاراپ قويدى:

— مەن مۇشۇ بەشىرەم بىلەن ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىمەمدىم؟ ياق... ئەدىناسى ئۇنىڭ خىزمەتكارلىقىغىمۇ يارىمايمەن. ئۇنىڭ مېنى ئادەم قاتارىدا! كۆرۈپ يوقلاپ يۈرگىنىگە ھەيرانمەن...

— سىزنىڭ مۇشۇنداق غورۇرسىزلىقىڭىز مېنى غەزەبلەندۈرىدۇ، — مەن قىزىشىشقا باشلىدىم، — سىز ئۆزىڭىزنى نېمانچە پەس كۆرۈسىز؟ مەن بۇ يەردە گۈزەللىك بىلەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ بەرمەكچى ئەمەسمەن، سىز بىر يازغۇچى، سىز بۇنى ياخشى چۈشىنىسىز، لېكىن شۇنى ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇكى، سىز غورۇرىڭىزنى يوقاتقان ئادەمكەنسىز، ھايۋان جېنىدا ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ. سىز تۇرمۇشتىكى ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر قابىل يازغۇچىسىز! ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىر ئەركەكسىز، ئەركەكلىك باتۇرلۇق، شىجائەت دېمەكتۇر، مۇھەببەتكە كېرەككى دەل مۇشۇ نەرسە، مۇھەببەتنىڭ بىر قانىتى ساداقەت بولسا بىر قانىتى باتۇرلۇق. سىزدە كەم نەرسە باتۇرلۇق ۋە غورۇر ئىكەن. ئۆزىڭىزنى قەدىرلەش تۇيغۇسى بولسىلا سىزدە باتۇرلۇق بولىدۇ، ئۆزۈڭنى قەدىرلىمىگەننى خەق قەدىرلىمەيدۇ، ئۆزىنى سۆيمىگەننى خەقمۇ سۆيمەيدۇ! كونىلارنىڭ «پايتىمىسى سۆرۈلۈپ قالسىمۇ ئەر» دېگەن سۆزى بارغۇ؟ سىز ئالدى بىلەن بىر ئەرسىز! بىر ئەرگە نىسبەتەن چىرايلىق ۋە سەتلىك ئانچە مۇھىم ئەمەس، سىز بۇ ئىشقا نېمانچىلا بەك باش قاتۇرىسىز؟

تەشنائى بېشىنى كۆتۈردى ۋە تىترەك ئاۋازدا قىزغىن پىچىرلىدى:

— ئاھ دوستۇم، رەھمەت سىزگە، كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر، مېنى يەڭگىللەتتىڭىز، باشقا بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدىڭىز، مۇبادا شۇنداق بولسا، راستىنلا شۇنداق بولسا يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ دەپ خاۋاتىرلىنىمەن...

تەشنائى ئەسەبىي قوزغالغاندەك مېنىڭ قولۇمنى مۇزدەك سوغۇق ۋە ئەتىسىز قوللىرى بىلەن قامallap جېنىنىڭ بارىچە سىقتى. ئۇنىڭ قولىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى تۇتقاق كېسىلى تۇتقان ئادەمنىڭ تېنىدەك تىترەيتتى، كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى تۆككۈلمەكتە ئىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قانائەت، ھوزۇرلىنىش ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تىكىلدىم.

— دېمەك دېگەنلىرىم كاللىڭىزدىن ئۆتتى، رەناغا ھەممىنى ئاشكارا ئېيتىسىز، شۇنداقمۇ؟ — مەن ئۇنىڭ ئاي نۇرىدا يالتىراپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلىپ سورىدىم. ئۇ بىردىنلا دالىغا بۇرۇلۇپ ئۈنچىقماي تۇرۇپ قالدى. قوللىرى تېخىمۇ بەتتەر تىترەپ كەتتى.

— ياق...ياق...ھازىرچە...مەن...ئۇ...

— يەنە نېمە بولدى سىزگە؟

ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى:

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن بەكمۇ مۇدھىش يالغۇزلۇق ئىچىدىكى ئادەممەن، رەنا

مۇشۇ ئادەتتىكى مۇناسىۋەتتى ئارقىلىق مېنى تىرىكلىكنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خۇشاللىقى بىلەن باغلاپ تۇرغان بىر تال يىپ ۋە بىردىنبىر يىپ، بۇ يىپ تولىمۇ ئىنچىكە، بەكمۇ ئاجىز ۋە بوش، ئاشۇ يىپنىڭ بىر ئۇچى مېنىڭ جېنىم بىلەن تۇتاشقان، مېنىڭ جان رىشتىمگە چىگىلگەن، مۇبادا مەن ھەممىنى ئوچۇق ئېيتسام ئۇ سىز ئېيتقاندەك قوبۇل قىلسىمۇ مەن ئۈچۈن جەننەت ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن باراۋەر خۇشاللىق بولار، ئەگەر... قوبۇل قىلمىسىچۇ؟ ئۇچاغدا... ياق، مەن بۇنى ئويلاشتىنمۇ، تىلغا ئېلىشتىنمۇ قورقىمەن. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ھېلىقى بىر تال يىپ ئۈشتۈمتۇت ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۇ چاغدا قالىدىغىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك يېگانىلىق، تېخىمۇ ئاچچىق ئازاب، تېخىمۇ ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك ھەتتا ھالاكەت بولار... ياق، مەن بۇنىڭغا چىدالمايمەن، بۇنى كۆتۈرەلىگۈدەك جاسارەت ۋە قۇۋۋەت مەندە يوق. مەيلى، مەن مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىشكە رازىمەن، ئىشقىلىپ ئۇ مېنى يوقلاپ تۇرسىلا، مەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرساملا، شۇنىڭغا شۈكرى قىلىمەن، شۇنىڭدىن مىڭلارچە رازىمەن، ياق... ياق...

مەن ئەركىشىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك كۆپ يىغلىغان ئادەمنى زادىلا كۆرمىۋىدىم، ئۇنىڭ كۆز يېشى نەدىن قايناپ چىقىۋاتىدىكىن؟ ئۇنىڭ كۆزىدىن يەنە ھە دېمەيلا ياش قۇيۇلدى. لېكىن بۇ كۆز يېشى بايىقىغا ئوخشىمايدىغان پەرياتلىق ۋە نالىلىك ئىدى.

— ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدا گەپ يوق، ئۇنىڭدەك ئەقىللىق ۋۇجۇدى پاكىز ۋە غورۇرى كۈچلۈك قىزلار ياخشى كۆرمىگەن ئادىمى ئالتۇن بەرسىمۇ ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراپ قويۇشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ... رەنا سىزنى ئۇزۇندىن بۇيان يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ بىرەر نەرسىنى ئويلىمامدۇ؟ ياق، ئويلايدۇ، سىزدىن بىر نەرسىنى كۈتۈپ يۈرىدۇ. سىز مۇشۇ كەمگىچە ئۇ كۈتۈۋاتقان نەرسىنى ئۇنىڭغا بەرمەپسىز، ئەمدى بوشاڭلىق قىلماڭ، غەيرەتلىك بولۇڭ، سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز، ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ، باتۇر بولۇڭ! — تەشنائى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ماڭا بىر ھازاغىچە ئۈنسىز تىكىلدى، ئاندىن ئۈشتۈمتۇت ئالدىراپ دېدى:

— يا... بولمىسا... سىز ئەلچى بولۇپ، يىراقتىن ئەگىتىپ گەپ ئېلىپ باقسىڭىز بولامدىكىن-يا؟ سىزچە بولامدۇ-يا؟

ئۇ ئويلۇپ قالدى بولغاي، بىردىنلا لېۋىنى كۈچ بىلەن چىشلەپ جىم بولدى.

— بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى، سىز ئۈچۈن جان تەسەددۇق، — مەن ئۇنىڭ تاقەتسىزلىك ئىچىدە ماڭا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈپ جاۋاب بەردىم، — لېكىن، مەن ئۇ قىزنى...

— بۇ ئاسان، مەن ھەممىنى توغرىلايمەن، — رەنانىڭ جاۋابىنى ھازىرلا ئېلىپ بولغاندەك قىن-قىنىغا سىغماي قالغان تەشنائى خۇشاللىقىدىن قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك سىقتى، — رەھمەت دوستۇم...

## 12-باب

بىز ئەتىسى پائالىيىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شەھەرگە قايتىپ كەلدۇق. مەن ياتاققا كېلىپلا تازا راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالدىم-دە، ئاندىن قانغۇچە ئۇخلىدىم. ئويقۇدىن ئويغانسام سائەت تۆت بوپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قىزىق چاي ئىچكەچ، ئۆزۈمنى دېۋانغا تاشلاپ

نەچچە كۈنلەردىن بېرى يىغىلىپ قالغان گېزىتلەرنى كۆرۈشكە باشلىدىم. ئۇشتۇمتۇت تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرۇبكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— ھازىر دۇقىڭىز چىقىپ قالغاندۇ؟ قاراڭ...

بۇ «تەشنائى»نىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ ئاھاڭىدا سەلگىنە قورۇنۇش ئارىلاشقان خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى:

— قاراڭ، مۇبادا باشقا ئىشىڭىز بولمىغىنىدا ياتاققا... بىر كېلىپ كەتسىڭىز، پاراڭلىشىمىز...

مەن خۇشاللىق بىلەن رازى بولدۇم، تۇرۇبكىنى قويۇپ ئالدىراپ كىيىنىپ ياتاقتىن چىقتىم. مەن مېھمانخانىنىڭ قورۇسىدىكى كەڭرى چىملىقتا كېتىۋېتىپ تەشنائىنىڭ: «ئۇ كەلگەن ھامان سىزگە تېلېفون بېرىمەن» دېگىنىنى ئەسلىدىم. دېمەك ئۇنىڭ رەناسى، ئۇنىڭ تەنھا ياۋا ئەتىرگۈلى ئۇچەمىزدىكى سەپەر چاڭلىرىمىزنى قېقىپ بولغۇچە ئۇنۇپ بوپتۇ-دە...

ئىشىكنى «تەشنائى» ئاچتى ۋە كۆلۈمسىرىگىنىچە ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سالدىم، ئۇ خۇددى يېڭىلا تويى بولغان كىشىدەك تارتىنىش ۋە ھاياجان ئىچىدە يالقۇنلاپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراۋېرىشىمدىن ئوڭايسىزلىنىپ تېخىمۇ بەتتەر قىزىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ خۇش خۇيلۇق بىلەن سالام قىلدىم ۋە ئىچكىرىنى ئىما قىلىپ كۆزۈمنى قىستىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە تارتتى ۋە مەن ئاڭلىغىدەك قىلىپ پىچىرلىدى:

— كەلدى... ئۇ كەلدى...

دىمىق ۋە كۈندۈزى بولۇشىغا قارىماي ياتاق دېرىزىسىنىڭ ئېغىر ۋە قېلىن پەردىسى تارتىلىپ، چوڭ چىراغ يېقىۋېتىلگەنىدى. تامغا قاتار قويۇلغان ئىككى دىۋاننىڭ بىرسىدە بىر ياش قىز قانداقتۇر بىر ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ ئاياغ تىۋىشىم بىلەن ئۇ قىز ژۇرنالدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا سىپايىلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى، مەن ئۇ قىزغا بىر دەققە تىكىلىپ قارىدىم ۋە دەررۇ ئۆزۈمگە كېلىپ ئۇنىڭغا جاۋابەن بېشىمنى ئەگدىم:

— سالام... قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ياخشىمۇسىز؟

مەن ئۇ قىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى كرېسلوغا جايلاشتىم، قىز تېخىچە ئۆرە تۇراتتى. مەن قىزنى ئولتۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدىم. قىز زەڭگەر تار يوپكىسىنىڭ ئارقىسىنى قولى بىلەن سىلاپ تۈزلەپ دىۋانغا يەڭگىلگىنە قوندى.

«تەشنائى» چاي شىرەسىنى ئوتتۇرىغا يۆتكىدى. شىرە ئۈستى ئەپلىسىن، ماندارىن، بانان، قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى، گۈلە، ئانار ۋە مۇسۇلمانچە ماركىسى بار ھەر خىل كەمپىت-گېزەكلەر ئېلىنغان تەخسىلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەنىدى.

«قاچاندىن بېرى بۇنچىۋالا تەييارلىق قىلىپ ئۈلگۈردىكىنا؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە.

«تەشنائى» چايداندىن چاي قۇيۇپ مېنىڭ ئالدىمغا قويدى، ئاندىن قوللىرىنى تىنىمسىز ئىشقىلاپ دەم ماڭا دەم ئۇ قىزغا قاراپ دىلىغۇل بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. قارىسام ئۇ كىيىم ئالماشتۇرۇۋاپتۇ. (مەن سىمىنارىيىگە كەلگەندىن بۇيان ئۇنى بىر

خىل كىيىمدىلا كۆرگەنىدىم) ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كەرىشىناۋاي كاستۇم - شىمى ئۇنىڭغا سەلگىنە چوڭ كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنىسمۇ، رەڭگى ئۆزىگە تازا خوپ كەپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى خۇشاللىق ۋە خىجالەتتىن هال رەڭ قىزىل بولۇپ يۈزىدىكى ئاتۇقى پارقىراپ كەتكەنىدى. «ئۇنچىلىكمۇ سەت يىگىت ئەمەس ئىكەن، ئەسلىدە!؟...» دېگەن خىيال كۆڭلۈمگە كەچتى. «ياكى مۇهەببەت كىشىنى چىرايلىق كۆرسىتەمدىكىن؟...»

— ئەممىسە... مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ماڭا قاراپ تەشنائى،— بۇ ياق...بۇ... — ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە پۈتۈن دىققىتىم بىلەن هاڭۋېقىپ قاراپ قالغىنىمنى كۆرۈپ بىردىنلا هودۇقۇپ قالدى. مەن دەررۇ شىرەدىكى تەخسىلەرگە قارىۋالدىم.

— بۇ ياق رەنا... رەنا قىز بولىدۇ. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى.— قىز ئۇيالغاندەك بولۇپ بېشىنى سىلىپ يوپكىسىنى غىجىملىدى،— بۇ ياق بولسا يازغۇچى مۇبارەك رەشىت بولىدۇ.

يوپكىسىنى غىجىملىغىنىچە ئۆزىنىڭ بارماق ئۇچلىرىغا قاراپ ئولتۇرغان رەنا خۇددى قورقۇپ كەتكەندەك شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى تەئەججۈپلىنىشنى كۆرۈپ هەيران قالدىم ۋە ئۇنىڭغا قاراپ هۆرمەت يۈزىسىدىن بېشىمنى سەلگىنە ئەگدىم. قىز جاۋابەن ماڭا بېشىنى ئەگدى. ئۇنىڭ نېپىز قاپىقىدا ۋە نەپىس لەۋلىرىدە بىر خىيالچان كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغانىدى. تەشنائى بىرنەچچە تال ئانارنى ئېلىپ پارچىلاش ئۈچۈن تاشقىرقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئارىغا چوڭقۇر جىملىق چۈشتى. مەن ئالدىمدىكى قىزغا سەپ - سېلىشقا باشلىدىم. رەنا كىشى هەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. ئۆزىنىڭ بەك ئاز ئۇچرايدىغان گۈزەللىكى بىلەن ئۆي ئىچىنى «لىققىدە» تولدۇرۇپ ئولتۇرغان بۇ قىز كۆپ بولسا 18 - 19 ياشلاردا ئىدى. ئۇنىڭ بەرق ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىقى ۋە گۈزەللىكى ئۆي ئىچىگە نېمىشقىدۇر بىر بىئاراملىق تارقىتاتتى.

تەشنائى دەهلىزىدە نېمىشقىكىن خېلى ئۇزۇن هايال بولدى. دەهلىزدە هېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى... «نېمەئىش قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ يەنە نېمە خىيالكىنە ئۇنىڭغا...» دەپ ئويلاپ قالدىم تىت - تىت بولۇپ. قىز بېشىنى كۆتۈردى. شۇ چاغدا ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. قىز يەنە قىزارغاندەك بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. شۇ دەقىقىدە نېمىشقىدۇر پۈتۈن تېنىمگە بىر تىترەك ئولاشتى. بۇ تىترەك ئادەتتىكى تىتركەكە نېمىسى بىلەندۇ ئوخشىمايتتى — ۋۇجۇدۇمغا ۋىشىشىدە قىلىپ تەگكەن نامەلۇم بىر نەرسىنىڭ تورى بىلەن ئاۋۋال مېڭەم، ئاندىن يۈرىكىم، ئارقىدىن پۇت - قولۇمنىڭ ئۇچلىرى قىزىنغاندەك بولۇپ جىمىلداپ كەتتى. ماڭا كېلىپ تەگكەن بۇ نەرسە قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نەپەستەك يەڭگىل، چوغدەك كۆيدۈرگۈ، نۇردەك يۇمشاق چاقماقتەك كەسكىن ۋە قۇدرەتلىك بىر نەرسە ئىدى. بۇ نەرسە ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدىن خۇددى ئوقيا ئوقى كەبى ۋىشىلداپ ئۇچۇپ چىقىپ كەلگەنىدى. مېنىڭ دەم - نەپىسىم قىسىلىپ، يۈرىكىم سالغاندەك، بىر ئەنسىزلىك ئىچىمگە كىرىۋالدى. ماڭا هاۋا يېتىشمەيۋاتاتتى. مەن دېرىزىدىكى ئېغىر ۋە قېلىن پەردىگە چىدىماسلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، گالستۇكىمنى بوشىتىپ، كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنى يېشىۋەتتىم.

تەشنائى كىرىپ پارچىلانغان ئانارنى ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇنىڭ يۈزى هېلىمۇ قىزىرىپ تۇراتتى. لەۋلىرىدە هېلىمۇ بىر ئويناتچان تەبەسسۇم لىپىلدايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن بىر ئارامسىزلىق، بىرهاياجان، بىر ئىسەنكىرەش مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— قېنى ئانار يەڭلار... ئېلىڭ مۇبارەك رەشىت...

«تەشنائى» خۇددى رەنانىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ماڭا ئۇمىسىلا بىر سىپاگەرچىلىك بىلەن مۇراجىئەت قىلدى. مەن ئۈنچىقماي ئانار پارچىسىدىن ئالدىم.

— قېنى، سىزمۇ ئېلىڭ رەنا، — تەشنائى گويا ئۆز ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى ئۇخلاۋاتقان كىملەرنىدۇر ئويغىتىۋېتىشتىن قورققاندەك ئېھتىيات بىلەن پەس ئاۋازدا غودۇڭشىدى. قىز تەشنائىغا قاراپ ئىللىققىنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ قولىنى شىرەگە ئۇزاتتى. بۇ قوللار ئاق قۇنىڭ بويىندەك ئاق ۋە نەپىس، تالدەك ئەۋرىشىم ۋە يۇمران، نۇردەك سۈزۈك ۋە ئىسسىق ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك ھېسسىيات ۋە مەنە تۇغدۇرىدىغان قوللار ئىدى... كۆيدۈرگۈ ئىسسىقى بىلەن داڭقى بار، چاڭ-توزان پۇرقىراپ ئۇچۇپ تۇرىدىغان، بۇ كىچىككىنە نامرات شەھەردە بۇ قوللارنى قانداق قىلىپ مۇشۇ ھالدا ساقلاپ قالدىكىن؟...

— رەنا سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان ئىكەن، تېخى ھېلىراقتا سىزنىڭ پارىڭىزنى قىلىشتۇق، — دېدى تەشنائى بەكە بىلەن ئالما ئاقلىغاچ ماڭا سىڭايان قاراپ.

— ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنىلا ئوقۇغانمەن، تۇنجى ھېكايىڭىز «ناخشا، مەن ناخشا» دىن تارتىپ يېقىندا ئېلان قىلىنغان «كۆك رەڭلىك كۆلكە» گىچە، — قىز قورۇنۇپراق كۈلۈپ قويدى، — ئۆتكەندە گېزىتتىن «كۆك رەڭلىك كۆلكە» نامىلىق پوۋېستلار توپلىمىڭىزنىڭ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم.

«كۆك رەڭلىك كۆلكە» ئېلان قىلىنغىلى تېخى 15 كۈن بولمىغان پوۋېستىم ئىدى. رەنا بۇنىمۇ ئوقۇشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. بۇنىسى مېنى تېخىمۇ سۆيۈندۈردى. مەن دېمىمنى ئىچىمگە تارتقىنىمچە قىزنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم.

— مەن تېخى سىزنى 50 ياشلاردىن ھالقىغان بىر كىشى بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم... — قىز ئەيىبكاردەك قىسىلىپ قىزاردى، — كېيىن تەرجىمىھالىڭىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. نېمىشقىدۇر سىزنى يەنە شۇ 50 ياشتىن يۇقىرى قېتىقان ئادەم سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بۈگۈن قارىسام راستىنلا ياش ئىكەنسىز... تۇۋا، نېمىشقا شۇنداق ئويلىدىمكىن؟ — قىز بىلىنەر-بىلىنمەس جىلمايدى.

— يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىلا بوۋايلار دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىڭىزمۇ ياكى پەقەت مېنىلىمۇ؟ — مەن كۈلۈپ سورۇدۇم.

— پەقەت... پەقەت سىزنىلا... — قىز ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ كۈلۈۋەتتى.

— تەشنائىنىچۇ؟

مەن نېمىشقىدۇر گەپنى شۈكلەپ ئولتۇرغان تەشنائىغا باغلىۋالدىم. ئۇ ھەۋپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن قىز ئەركىنرەك نەپەس ئېلىپ بىردىنلا شوخلىشىپ كەتتى:

— تەشنائى مۇئەللىمنى مەن دەسلەپتە تاشقى كېسەل دوختۇرىمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم... — قىز تەشنائىغا قاراپ ئىسسىققىنا كۈلدى.

— بۇ قانداق بولغىنى ئەمدى؟ بىرىمىز سىزگە بوۋاي بولۇپ كۆرۈنسەك، يەنە بىرىمىز ئاللىقانداق تاشقى كېسەل دوختۇرى بولۇپ...

قىز ئازراق ئويلىنىۋالغاندەك قىلدى، ئاندىن دېدى:

— تەشنائى مۇئەللىمنىڭ ئەسەرلىرى ماڭا گويا ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا، دوختۇر-

نىڭ رەھىمسىز پىچىقىغا توغرىلىنىپ ياتقان بىمارنىڭ ئاجىز يۈرىكىنى، مۇزلاپ كەتكەن پۇت - قولىنى، ئۇ بىمارنىڭ سوغۇق ۋە سۆلىسىز نەپسىنى تەسۋىرلەپ بېرىۋاتقاندەك بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش ۋە غەشلىك بەرسە، سىزنىڭ بېيىتلىرىڭىزدا يىراق ئۆتمۈش بىلەن خۇددى چۈشىنىكسىز شەكىلدە گىرەلىشىپ كەتكەن رېئاللىق ۋە كەلگۈسىگە تەۋە خىياللار يېزىلىدىغان بولغاچقا ماڭا تولىمۇ جىددىي ۋە ئېغىر تۇيۇلىدۇ. سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇپ بولۇپ كىشى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئېغىر خىيال ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قالىدىكەن، ئادەتتە ھاياتقا بوۋايلارلا شۇنداق قارايدۇ، سىز جىددىي يازىدىكەنسىز، خۇددى ھەممىنىلا ئويلاپ، ھەممىدىن تەشۋىش يەپ، ھەممىگىلا چېچىلىپ يۈرىدىغان گاجگۇن، تىرتەك بوۋايلاردەك...

ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە خۇمالىنىپ كۈلۈۋەتتى.

مەن ئەيىبلەش ياكى ماختاش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولالمايدىغان بۇ مۇلاھىزىدىن كۆرە، ياقا يۇرتتىكى بۇ گۈزەلنىڭ ماڭا بەرگەن ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىدىن مەست ئىدىم. تەشنائىي بولسا ئۆز ياۋا ئەتىرگۈلىنىڭ مۇشۇ بۆلمەدە مەۋجۇتلۇقىدىن كەيىپ...

بۆلمە ئىچىنى ئۈچ بۇرجەكتىن ئاستا - ئاستا يوپۇرۇلۇپ، ئاشكارىلىنىپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك ئىنتىلىش بىلەن بىر - بىرىنى ئۆزىگە تارتىشتىن كېلىۋاتقان سېھىرلىك كەيپىيات قاپلىدى. ئۈچ بۇرجەكتىن چىقىۋاتقان ئۈچ خىل كۈچ ئۈن - تىۋىشسىز ھالەتتە بىر نۇقتىغا يىغىلىۋاتاتتى. ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا قايچىسىمان كېسىشكەن بىرنەچچە ماشىنا چىرىغىنىڭ نۇرىدەك ئۆزئارا كېسىشىپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ، ئۆزئارا چىرمىشىشقاندەك بولاتتى. ئاندىن گويا دەررۇ ئېسىنى تاپقاندەك بولۇپ بىر - بىرىدىن كەسكىن ئاجرىلىپ چىقىپ، كېسىشىش نۇقتىلىرىنى يېڭىباشتىن تاللاش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقاندەك ئىدى، بۇ ئۈچ كۈچ، ئۈچ ياش يۈرەكتىن، بىر - بىرىگە چاڭقاق ئىككى جىنسنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئاتەش كەبى ھېسسىيات ئىدى. ئاخىرىدا ۋە ئېنىقسىدۇر كىمنىڭ، كىمگە تەلپۈنۈۋاتقانلىقى بارا - بارا غۇۋالىشىپ كەتتى — خۇمالىق بېقىشلار، قىزىرىپ بۇزۇرۇشلار، دەككە - دۈككە، ساراسىمىلىق ۋە ئازابلىق ئىككىلىنىشلەرنى ئۆز ئىچىگە يوشۇرۇۋالغان كۈلكە - چاقچاق، قىزغىن سۆھبەت، تۇرۇپ كىشىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىق بەخش ئەتسە، تۇرۇپلا بىر خىل چۈشىنىكسىز تەشۋىش، ئازاب ۋە يوشۇرۇش قىيىن بولغان ئالاقزادىلىك،غەشلىك ئېلىپ كېلىۋاتاتتى...

## 13 - باب

ئاشۇ كۈندىن كېيىن ئۈچىمىز ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ياكى «تەشنائىي» نىڭ ياتىقىغا يا بولمىسا مېنىڭ ياتىقىمغا يىغىلىدىغان بولدۇق.

رەنا كەلگەندىن كېيىن بىز ئالدىنقى كۈنى باشلىنىپ ئايىغى چىقمىغان تېمىلار ئۈستىدىكى قاراشلىرىمىزنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلايتتۇق. دەسلەپتە بىز ئۆزئارا سەل تارتىنغاندەك قىلدۇق. شۇڭا مۇھاكىمىلەردە، قاراشلىرىمىزدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەرنىڭ بارلىقىغا قارىماي بىر - بىرىمىزگە يول قويۇشتۇق، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ خىل تارتىنىش ئۆزلۈكىدىن سۇسلاپ باردى. مۇئامىلىمىز ئىلگىرىكى سىپايىگەرچىلىكتىن، ئەركىن، سەمىمىي ۋە خاراكتېرنى ئېتىراپ قىلغان بىر خىل يەڭگىل مۇناسىۋەتكە ئۆزگەردى.

بەزىدە مۇھاكىمىلىرىمىز جىددىي تالاشقا ئۆزگىرەتتى، مۇنازىرىنىڭ قىزىقچىلىقىدا
گاھى كۆڭۈللىرى يېرىم كېچە بولۇپ كېتەتتى. ئاخىرىدا بىز يەنە دوستانە خوشلىشىپ
ئايرىلاتتۇق. «تەشنائى» رەنانى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قوياتتى.

... بۇنداق مۇنازىرىلەردە ھەرقاچان مەن غالىب چىقاتتىم. چۈنكى مەن يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىنالىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ كىتاب ئوقۇغانىدىم،
ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئوقۇغانلىرىم ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ئۈستىدىكى ئەڭ يېڭى، ئەڭ
نەمۇنىلىك ئەسەرلەر ئىدى، بەزىلىرى بولسا دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى
مۇنازىرە تېمىلىرىغا بېغىشلانغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇۋاتقان يېڭى ئوقۇشلۇقلار
ئىدى، شۇڭا مەن مۇنازىرە داۋامىدا باشقىچەرەك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقاتتىم. «تەشنائى»
بولسا ئەدەبىياتنى بىر زامانلاردا تەكشۈرگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك نەتىجىلىك
بولمىغان كۆزقاراشلاردا تۇرۇپ باھالايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز تەبىئىي ھالدا ئىككى
قۇتۇپقا تەۋە بولۇپ قالاتتۇق.

تەشنائى سۆزگە ماھىر ئەمەس ئىدى. سۆزلەرنى خۇددى كەچكۈزدە پاساڭ خەمەك
تەرگەندەك توختاپ - توختاپ، نېمىلەرنىڭدۇر ئارىسىدىن تەسلىكتە تېپىپ چىقىۋات-
قاندەك قىيىنلىقتا تەلەپپۇز قىلاتتى. بىرەر پىكىرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئەزمىلىك بىلەن
بەك يىراقتىن ئەگىتىپ كېلەتتى. سۆزلەۋاتقاندا مېنىڭ كۆزۈمگە نېمىدىنىدۇر قورقۇپ
تۇرغاندەك خەۋپسىرەپ ئىشەنچسىز قارايتتى، پىكىرلىرى جۈرئەتسىز، چېچىلاڭغۇ، دىلى-
غۇل ئىدى. ئىنكاسى ئاستا، تەپەككۇرى سۆرەلمە، ئاساسلىرى كونىچە ئىدى. مېنىڭ
ئاغزىمدىن قارامىلارچە ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يېڭى ئىبارىلەر يېڭى كىتابلارنىڭ نامى،
قايسىبىر جاھانشۇمۇل چەت ئەل يازغۇچىسىنىڭ ئات - جۆنى، ياكى بىرەر ئىككى جۈملە
پەلسەپىۋى كەلىمىسىنى ئاڭلىغاندا بەئەينى كەپسىز باللارنىڭ تاش بورىنىغا قالغان دى-
ۋاندەك، كىچىككىنە ۋە يېقىمسىز كۆزلىرىنى بىچارىلەرچە پارقىرىتىپ، ھەم ھەيران بولۇپ ھەم
قورقۇپ، شۈمشىيىپ قالاتتى. سۆزلەۋاتقاندا سۆزلىرى بوغۇزىغا قىسىلاتتى، مۇنازىرىدە
باشتىن ئاخىرىغىچە بىر خىل جىددىيچىلىك ساراسىمە ۋە ھودۇقۇش ئىچىدە ئولتۇراتتى.
گاھىدا لەۋلىرى قانسىزلىنىپ تىترەيتتى. ئورۇق ۋە قىسقا بارماقلىرى تىنىمسىز قىمىر-
لايتتى، گاھ پۈكۈلەتتى، گاھ ئېچىلاتتى، گاھ تىلى بىلەن كالپۇكىنى يالىسا، گاھ تامى-
قىنى قىرىپ خىرقىرايتتى. بەزىدە بۇرنىنى كۈچ بىلەن تارتاتتى. سۆزلىگەنىدە مېنىڭ
كۆزۈمگە ئەمەس ئەكسىچە پېشانەمگە ياكى مەيدەمدىكى قايسىبىر تۈگمىنىڭ ئورنىغا
قارىۋېلىپ مېنى بىزار قىلاتتى، ئۇنداق چاغدا كۆزلىرى ئەينەك شارچىدەك سوغۇق ۋە
ھېسسىياتسىز يالتىراپ قالاتتى. ئىلگىرى تەشنائىدىن بۇنچىلىك كۆپ ئىللەت ۋە جىس-
مانەن زەئىپلىكنى سەزمىگەنىدىم، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭدىن خۇددى كېسەل تەگەۋات-
قاندەك پات - پات كۆرۈلىدىغان بىر خىل بىنورماللىقنى، بىئاراملىقىنى كۆرىدىغان
بولدۇم، ئۇ، ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئالامەتلەر
بولۇپمۇ مۇشۇنداق مۇنازىرە ئۈستىدە تېخىمۇ ئاشكارا ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.
مەن بۇلارنى ئويلاپ تېگىگە زادىلا يېتەلمەي قالاتتىم.

رەنا ئۇنچە كۆپ سۆزلىمەيتتى، ئۇ ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. ئاندا - مۇندا سۆز
قېتىشلىرىدىن ئۇنىڭ خېلىلا نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇ ئوقۇغان بەزى
كىتابلارنىڭ ئىسمىنى تەشنائى ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولۇپ چىقاتتى. رەنامۇ ئەدەبىياتىمىزدا

تېما ۋە شەكىل ئۈستىدە سادىر بولۇۋاتقان يېڭىلىققا ئالاھىدە قىزىقىدىكەن. تەشنائى بىلەن مۇنازىرىمىز رەنانىڭ كۆزىچە بولاتتى، رەنا ئىككىمىزنىڭ سۆزلىرىگە ھۆرمەت ۋە قىزىقىش بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئۆزى چۈشىنەلمىگەن نەرسىلەرنى شۇ ھامان خاتىرىلىۋالاتتى، مۇنازىرىدىن كېيىن ياكى تەشنائىدىن ياكى مېنىڭدىن سوراپ بىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرىنىڭ تەكتىدە چوڭقۇر خىيال ۋە تەپەككۇر ئىزنالىرى يوشۇرۇنغاندەك ئىدى. مەن سۆزلەۋاتقان چېغىمدا ئۇنىڭ بىر ھەۋەس ۋە ئىشتىياق ئىلكىدە ھاياجانلىنىپ ماڭا بىر خىل ھەيرانلىق، قايىللىق ۋە ماقۇللاش ھېسسىياتىدا كۆز تىكىپ ئولتۇرغىنىنى سېزەتتىم. شۇنداق چاغدا ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس جىلمىيىشى، بېشىنى تەستىق مەنىسىدە يېنىككىنە ئىرغىتىپ قويۇشى، ئۇنىڭ مېنىڭ ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرنى ئۇشتۇمتۇت يۇتتۇرۇپ قويۇشتىن قورققاندەك تېز - تېز خاتىرىلەپ ئولتۇرۇشى ماڭا كۆپتىن - كۆپ ھۇزۇر ۋە مەدەت بولاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر نىشەنچ، ھۆرمەت، رىغبەت ۋە يەنە نېمىندۇر كۆرگەندەك بولاتتىم. دېمەك، مەن مۇنازىرە جەريانىدىكى جۇشقۇنلۇقىم، تۈرگۈنلۈكۈم بىلەن بۇ قىزنىڭ مايىللىقىنى ئىگىلىۋالغانىدىم. (ئادەتتە ياش قىزلارنىڭ جۈرئەتلىك يىگىتلەرگە ھەۋەس قىلىدىغىنىنى ياخشى بىلىمەن — ئەلۋەتتە!)

مەن رەنانىڭ تەشنائىنى بەك ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۈنسېرى روشەن ھېس قىلىۋاتاتتىم. تەشنائى مۇنازىرىدە پايدىسىز ۋە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغىنىدا رەنا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك مەيۈسكىنە قاراپ قالاتتى. گاھىدا تەشنائى تەلتۆكۈس يېڭىلىپ قىزىرىپ بۇزۇرۇشقا باشلىغاندا رەنا بىرەر ئۇشتۇمتۇت ھەرىكەت بىلەن تالاشنى ئۈزۈۋېتەتتى، گاھىدا بىزنى مېۋە - چېۋە، گۈلە - قاق يېيىشكە تەكلىپ قىلسا، گاھىدا ياتاقنىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ بىزنى سىرتنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلاتتى ياكى بولمىسا سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى قايسىبىر مۇناسىۋەتسىز تېمىلارغا — يېڭىدىن بايقالغان ئۇچار تەخسە ياكى ئافرىقىنىڭ قەدىمى ئورمانلىقىدا بايقالغان «ئالەم ئادەملىرى» دېگەندەك غەلىتە ماۋزۇلارغا بۇرىۋېتەتتى. ئۇ بۇ سورۇندا گويا ھاكىممۇتلەق ئىدى. بىز ئىلاجىسىز تالىشىشىمىزنى توختىتىشقا مەجبۇر بولاتتۇق، مەن دەسلەپتە بۇ قىزنىڭ بۇ قىلىقىنى چۈشىنەلمىدىم، ماڭا بىھۆرمەتلىكتەك بىلىنىدى، كېيىن ئويلاپ باقسام رەنا تەشنائىنى ئاياىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ بىچارە ۋە ئايانچلىق ئەھۋالغا چۈشىشىنى خالىمايدىكەن. ئەقىللىق ۋە غورۇرلۇق قىز ئىكەن، ئۆز ئادىمىنى ئاياشنى، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قوغداشنى بىلىدىكەن! بۇ مېنى تېخىمۇ سۆيۈندۈردى. رەناغا بولغان قايىللىقىم ئاشتى، شۇنداقلا ئۆز زىممەمگە ئالغان تەشنائىغا «ئەلچىلىك» قىلىش ئىشىنىڭ خەيرلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدىم. ھۆرمەت مۇھەببەت تۇغدۇ. ياش قىزنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ ئەركەككە بىلىندۈرگەن ھۆرمىتىنىڭ تېگىدە ئەسلىدە ياخشى كۆرۈش يوشۇرۇنغان بولىدۇ، پەقەت ياش پەرقىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بۇنداق ياخشى كۆرۈش ھۆرمەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر...

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

## «ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئادىلجان تۇنىياز

# سالام سېنىڭ چوغدەك تېنىڭگە

### كىچىككىنە كەنت بازىرى

بۈگۈن سەھەردە
قۇياش سۇنغان ئاق گۈلچەمبىرەك،
ياراشقاندا مۇز دېرىزەمگە؛
ئەسلىمەمنىڭ تاش ئەينىكىگە
ئېقىپ چۈشتى ئۇزۇن بىر سايە،
قەلبىم شۇئان يىرتىپ تۇماننى
ئەرۋاھ كەبى چىقتى ئايلىنىپ،
كىچىككىنە كەنت بازىرىنى.

كىچىككىنە كەنت بازىرىنى،
سالام سېنىڭ چوغدەك تېنىڭگە.
كۆكلەك كىيىپ شايى تۈتۈندىن،
سەھەردىكى قىزغۇچ تۇماندا،
ئۇخلاۋاتقان كۆپكۆك ھاۋاغا.

سالام ئېگىز تېرەكلىرىڭگە،
زەر قاناتلىق يىڭناغۇچلاردەك
قونۇۋالغان كۈن نۇرلىرىغا.
سالام كېچىدە قۇياشنى چۈشەپ،
تاڭ تۈۋىدە سوزۇپ چىللىغان
شاھزادىدەك خورازلىرىڭغا.

ئەنە،
تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى
چاك كەتكەن تام تۈۋىدە
ياغلىق سېلىپ رەڭدار بۇلۇتتەك،
چىنىلەرنى تىزىپ ئالدىغا
ئولتۇرىدۇ قېتىقچى قىزلار.
تورغاي ئويغانماستا يول ئالغان تۇزچى
تاش تۇز باسقان ئېشەك ھارۋىنى
بازار چېتىگە كېلىدۇ ھەيدەپ.

ئەنە،
يېڭى ئېچىلغان خۇش خۇي چايخانا،
سالام بېرەر خېرىدار — تاڭغا.
تەمبۇرچىدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا
ساماۋەردە ناخشا ئېيتار چاي.

كالا سۇغارغىلى بېرىپ گۇگۇمدا،
كۆل بويىدا يىگىتى بىلەن
ئۇچرىشىپ قالغان سەھرا قىزىدەك.
تونۇردىن چىققان ئىسسىق گىردىلەر،
مەغزى چوغدەك قىزارغىنىچە
سېۋەتلەردىن ياقار ئۇياتچان.

تۇرىدۇ بىر قىز
ساتماق بولۇپ دوقمۇشتا،
سۈبھى پەيتى قوناقلىقىدىن
ئېلىپ كەلگەن بىر تاغار ئوتنى.
قىزىلگۈلدەك خۇش بۇي ھاۋا ھەم،
كەڭ دالىنىڭ ئىللىق شامىلى
چەمبىرەكتەك ئايلىنار ئۇنى.

سالۋا تەلپەكلىك دېھقان
بېدە باسقان كالا ھارۋىسىغا.
ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن تاڭدىكى
جىگدە چېچەكلەرنىڭ ئىللىق پۇرىقى
كوچىلارغا چاچار خۇش پۇراق.

يېقىن يېزىنىڭ باغۋىنى ئەنە،
شاپتۇل ساتقىلى كىردى سەھەردە.
شاپتۇل چېچىكىدەك ھال رەڭ سۇبھىنى
باغلىرىدىن ئېپ كېلىپ گويا
سېتىۋەتتى غۇۋا شەھەرگە.
سېتىۋەتتى ئالمىچى يىگىت
ئوسما قويغان قاشلىق جۇۋانغا،
سېتىۋەتتىكى ئالمىلا ئەمەس،
قەلبىدىكى ئالمىلارنىمۇ.

سالام، بەك يىراق جاڭگالدىن كەلگەن،
ساقىلى بېدىدەك بورا ساتقۇچى.
سالام زوڭزىيىپ كۆپ تاللاۋاتقان
قېشى ئاق، كۆڭلى ئاق، ئۇستىبېشى ئاق،
ئاق ئۇنغا مىلەنگەن نۇرلۇق تۈگمەنچى.
سالام، تام تۈۋىدە ئولتۇرغان چوكان
ساتالماي قالغان تۇخۇملىرىڭغا.
سالام، ماي چاپانلىق جۇۋازچى بوۋاي،
سالام ماي قاپىقىڭغا، جۇۋاز كالاڭغا.
سالام، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن
ئاق قوناق ساتقۇچى، بۇغداي ساتقۇچى.
خالتا كۆڭلىكىگە ياماقلار چۈشكەن،
مال بازىرىدا تۆگە يېتىلەپ
كېتىۋاتقان تۆگە باققۇچى.
سالام، يالاڭئاياق سەھرا قىزىنىڭ
قۇرۇتۇپ ئېپكەلگەن باغلام ۋە باغلام،
ئالدىغا تىزىقلىق ياۋا سۇپۇرگە.
سالام، شۇ سۇپۇرگە چېچەكلەپ ئۆسكەن،
شاماللىق دالىغا يوپ - يورۇق كۆڭگە،
سالام، شۇ يەردىكى قەدىم پوسۇندا،
سېلىنغان قەۋەتسىز ئاددىي ئۆيلەرگە.
سالام شۇ ئۆيلەرنىڭ تەكچىلىرىگە
گوياكى باھاردەك تىزىپ قويۇلغان
سۆگەت گۈل، قوناق گۈل، ئەتىر گۈللەرگە.
سالام، ئېھ سۆيۈملۈك كەنت بازىرىدىكى
پەردازسىز، گىرىمسىز بوۋاقتەك دۇنيا.
سالام، ئۇندىكى ھەممە - ھەممىگە.
ئېھ!
سالام ساڭا
كىچىككىنە كەنت بازىرى.

چۆچەكلىرىم

بۇرۇن - بۇرۇندا،
نۇرغۇن - نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان.
چۆچەكلەردە
توخۇ، توشقان، ئۆردىكىم بولغان.
چۆچىكىم ئىچىدىكى چىرايلىق چۆچەك،
باش ئاخىرى يوق بالىلىق ئىدى.
ئانا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن بېشى نېمىدى؟
دادا چۆچىكىمنىڭ ئاخىرى قېنى؟

يوغانغىنە ھويلا بار ئىدى،
ئارقىسى بىدىلىك، ئىچى شاپتۇللۇق،
باھار دائىم باغ شورىسىدىن.
ئوغرىلىقچە كىرىۋالاتتى،
ئوينىغىلى چېچەكلەر بىلەن
(تىنىمىغانتىم ھېچكىمگە ئەمما...)

قونۇۋېلىپ بىدە گۈلگە
ئاڭلايمىز دېگەن كېپىنەكلەرگە
ئېيتىپ بېرەتتىم چۆچەكلىرىمنى،
«ئوماچ ئېشىنىڭ سوۋۇپ كەتتى» دەپ،
تۈگىمەستە چۆچىكىم ئانام
چاقىرىپ كەتكەن بىر قېتىم مېنى.

دالىدىكى چۈمۈلىلىرىم
چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىلا دەيتتى،
بىر توپ قويىنى باقاتتىم ئۇندا
بىرەرسىمۇ چۆچەك بىلمەيتتى،
پېشايۋاندا بىر قېتىم
چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنىم ئۈچۈن
ئۆگىنىپ قويغان ئاق قۇشقاچ ماڭا،
شاخقا قونۇپ ئۈنچە يېپىشنى.

قاپاق يۇدۇپ سۇغا ماڭغانلار
چىت كۆڭلەكلىك ئاياللار ئىدى.
كۆل بويىغا بېرىپ قالسامۇ
چۆچەكچى بالا شۇمۇ ئەمەسمۇ
بىلىشمەيتتى زادىلا مېنى.

بېرىپ قالسام جاڭگالغا،
شاپاق دوپپا كىيگەن پادىچى
بولغىنىم ئۈچۈنلا چۆچەكچى بالا
قوقاستا پىشۇرغان كۆمەچ نان بىلەن
قوماچلىرىنى تۇتاتتى ماڭا.
ئۇچرىتىپ قالسام قۇملۇق تەرەپتىن
كېلىۋاتقان ئۇۋچىنى بىردىن.
چىرايىمغا زەن سېلىپ قاراپ،
دەيتتى: بۈگۈن چۆچەكچى ئوغلۇم
ئۇۋ قىلىپ كەلدىم ساڭىلا ئاتاپ.

بولمىسىمۇ ئالتۇن كەشى ئانامنىڭ،
«ئالتۇن كەش»دەپ چۆچىكى بارىدى.
دادام ھەركەچ خىزىر ھەققىدە
چۆچەك ئېيتىپ ئۇخلاپ قالاتتى.
شۇ ئاخشىمى خىزىر بولۇپ مەن
بۆلۈپ بېرەتتىم خاسىيەتلىك چۈش،
پەرىزاتتەك كىيەتتى ئانام
دۆۋە-دۆۋە ئالتۇن كەشلەرنى.
تېپىۋالاتتى ئېتىزدىن دادام
نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن كەتمەننى.

بۇرۇن-بۇرۇندا
نۇرغۇن-نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان،
چۆچەكلەردە
توخۇ، توشقان ئۆردىكىم بولغان.
چۆچىكىم ئىچىدىكى چىرايلىق چۆچەك،
باش ئاخىرى يوق بالىلىق ئىدى،
ئانا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن بېشى نېمىدى؟
دادا، چۆچىكىمنىڭ ئاخىرى قېنى.

چىمەنگۈل ئاۋۇت

## بۇلۇت ئارا مارايدۇ چولپان

### قۇشلار كۈلكىسى

ئارامسىز تېپىرلاپ ئۇچقان بۇلاق،
ئېقىنلار باغرىغا ئاتار ئۆزىنى.
يۈگەنسىز شاماللار باشلاپتۇ سەيلە
ئۈچۈرۈپ باغلاردىن قىشنىڭ ئىزىنى.

قىش بويى ئۇخلىغان ھوسۇلدار زېمىن
ئىزگۈ ھېس ئىلكىدە ياتار مەس بولۇپ.
قۇشلارنىڭ كۈلكىسى قۇچتى باغلارنى،
بۇلاقلار كۈيىگە نەغمىچى بولۇپ.

### چولپان مارايدۇ

تەرسا شامال مۆكۈپ ياتىدۇ،
ئەنە، چولاق تامنىڭ كەينىدە.
بۇلۇت ئارا مارايدۇ چولپان،
ئۇياتچانلىق ھەمراھ ھۆسنىگە.

مەجنۇن تالمۇ ئېگىپ بېلىنى،
لەۋ سوزغانتى بۇلاق يۈزىگە،
بىراق، چولپان يۇمۇۋالدى كۆز،
ئۆز ئۇۋالى بولدى ئۆزىگە.

### تەمبۇر كۈيى مەست قىلغان زېمىن

يايراقلاردا چېچەكت ـ چېچەكت داغ،
قۇش كۈلكىسى ــ يېقىملىق ناۋا.
تەمبۇر كۈيى مەست قىلغان زېمىن
كۈي تۆكىدۇ پېچىرلاپ گويا.

گۈل باغلارنىڭ كۆرگەن چۈشىنى
شامال دانە ـ دانە قىپ تۆكەر.
قىز كۆزىدەك ئوخچىغان بۇلاق،
مەست زېمىننى گۈل بىلەن بىزەر.

### ئۇۋا ئىزدەر قارلىغاچ بالىسى

ئاي كۆزىدىن چاچرىغان نۇرلار
يورىتىدۇ سامان يولىنى.
زېمىن قوشار لىرىكىسىغا
شوخ بۇلاقنىڭ شېرىن كۈيىنى.

يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىسى بۇ دەم
سۇ يۈزىدە تىترەيدۇ غۇۋا،
ئېزىپ قالغان قارلىغاچ بالىسى
ئىزدەپ يۈرەر ئۆزىگە ئۇۋا.

### چوغنى يۇتقان بىچارە يۈرەك

لىرىكىغا چىرماشقان جۇپ تار،
كۈي ياڭرىتار غەمكىن ساھىلدا،
لەۋلىرىدە مۇڭدەيدۇ ئۇپۇق،
ئۇنىسىز ئۆكسۈپ قويار گاھىدا.

چوغنى يۇتقان بىچارە يۈرەك
چۈشىدىمۇ كۈلكىدىن يىراق.
تىنىپ ـ تىنىپ سوقسىمۇ ھالسىز،
ئۇمىد ئۈزمەس ھاياتتىن بىراق...!

زامانىدىن پاكزاد

## ئىنسىق يول

غېرىپسىنما، غېرىپسىنما، ئايىماق دىلبىرىم،
مۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇرمىغىن چىققىن خانەڭدىن.
تەلپۈنىمەن، ئۇمىتۇلمەن كېتەلمەيمەن ھەم،
ئاشۇ خىلۋەت خالتا كوچا، تونۇش مەلەڭدىن.

سوقما تامغا ئارتىلغان شاخ مېۋىگە بولۇق،
شوخ بالىلار تىنماي ئاڭا ئېتىشار چالما.
ئاھ دىلبىرىم، كۆرۈنمەيسەن ئەمدى نېمىشقا،
سەنمۇ تېخى بالىغۇ بىر، ئۇلاردىن قالما.

مەن ھەر كۈنى ئىز قالدۇرغان مۇشۇ ئىنسىق يول،
گۈل باسقاندەك سېنىڭ ئاياغ ئىزىڭغا تولغان.
ھە قايسى كۈن ساڭا سۆيگۈ تۆككەنىدىن بېرى
كۆرۈنمىدىڭ مەلىدە ھېچ، ساڭا نېم بولغان؟

كېچىلىرى زەپ چىرايلىق ئاينىڭ سۈس نۇرى،
بېرەر سەھرا باغلىرىغا ساماۋى تۈس — رەڭ.
لويىلىلارنىڭ ئارىلىرى قۇم قاش ئېرىقلار
زەپ بەلەنغۇ ئويىنغاندا مۆكۈ — مۆكۈلىدىڭ؟!

قۇشلار يەنە باغلىرىڭدا تۇرىدۇ سايراپ،
باللارمۇ ئوينىشىدۇ كۈلۈشۈپ-يايراپ.
بىر ئۆزۈڭلا كۆرۈنمەيسەن ئاغماقتا كۆڭلۈم،
ئۇنتۇلغىنىم ساڭا ئۇماق، بولدىمۇ ئازاب؟!

سېغىنغاندۇ سېنى كۆرمەي بۇلاق شىلدىرى،
مۇڭلۇق گويا بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرى ھەم.
سېغىنغاندۇ سېنى كۆرمەي ئاي ۋە يۇلتۇزلار،
مەيلى ئۇلار سېغىنمىسا:
مەنلا چېكەي غەم.

كەلگىن جېنىم، كەلدىم بابا، سايدا خىلۋەتتە
ھاياجاندا قول سىقىشىپ كۆرىشەيلى بىز.
ياۋا گۈللەر خۇش ھىد چاچقان كۆپكۆك چىمەندە
قول تۇتۇشۇپ خۇشۋاق كۈلۈپ يۈرۈشەيلى بىز.

ئەزىزى

## ئىككى شېئىر

يىراقتىن تولغىنىپ قۇيۇن كېلىدۇ
قوقاسقا تاشلانغان ھۆل چىۋىق كەبى،
يىراقتىن تولغىنىپ قۇيۇن كېلىدۇ،
شامالار نەغمىسى، ئەۋرىشىم ئۇسسۇل،
نە قۇيۇن، قىزىغان ئۇيۇن كېلىدۇ.

يىراقتىن تولغىنىپ قۇيۇن كېلىدۇ،
رازىمەن دوپپامنى ئېلىپ كەتسىمۇ.

نە قۇيۇن، يۇرتۇمنىڭ ھىدى كېلىدۇ،
رازىمەن چاڭ-توزان كۆمۈۋەتسىمۇ.

دۇنيا بېرەي سۆيۈنچىسىگە

تىلى چىقىپ ئوغلۇم تۇنجى رەت
دادا، دېدى، سۆيدۈم مەڭزىگە.
جان تەسەددۇق ئايىغى چىقسا
دۇنيا بېرەي سۆيۈنچىسىگە.

ئابدۇرېشىت ھەمىت

## جىلۋە

بىر جىلۋەڭدىن يىقىلدىم نىمجان،
ئەزرائىلمۇ قالدى بىخەۋەر.
بىر جىلۋەڭدىن تىرىلدىم شۇ ئان،
ھەيران قالدى ئالەم شۇ قەدەر.

بىر جىلۋەڭدىن يانغاندا ئاتەش،
ئاچالمىدى قۇياش كۆزىنى.
بىر جىلۋەڭدىن بولغاندا دىل غەش،
دەرد چىرمىدى ئاسمان قىزىنى.

جىلۋىلىرىڭ شۇنچە ساناقسىز،
ۋاقىت ئاڭا بېرەلمەس بەدەل.
يۈرىكىم دەز، ئەمما قاداقسىز،
سەن قويمىدىڭ سەۋرەمنى تۈگەل.

مۇھەممەتجان ئەمەت

## چىغىر يول

ئاغرىندىڭمۇ بارالمىسام ئۇنتۇلۇپتۇ دەپ؟
ياق، ياق، ئەزىز چىغىر يولۇم يادىمدا سەن بار.
چىقىشىمدا تونىللاردىن پويىز يېتىلەپ،
ئورالغاندەك بەللىرىڭگە ئالدىمدا سەن بار.

كۆپ يۈرگەنمەن تەنگە سىغماي تاشلار، تىكەنلەر،
كىچىك يۇمران پۇتلىرىمدىن شوراشسىمۇ قان.
مۆكۈنەتتى شاماللىرىڭ پۇشقاقلىرىمغا
كىچىككىنە تاغ ئۇستىگە چىقىشىم ھامان.

ئۇنىتالامسەن ئۇنتۇلدى دەپ قىياق مېھرىنى؟
چۆچۈمەيتتى تورغايلىرىڭ باسسامىمۇ ئاياق.
ياساپ قويغان يۆلەنچۈكۈم بارمىكىن تاڭەي،
قوزغالماقتا باللىقتا يەنە ئىشتىياق.

ئاھ، بىلمەيسەن ئەمدىكى بۇ قوپال پۇتۇمنى،
بەستىمۇ چوڭ، قوللىرىمۇ خۇددى ئارىدەك.
تارتىپ ئالدى شوخلۇقۇمنى باللار دوراپ
نەدە ۋاقىت توپ، توپ بولۇپ سۈرەن سالغىدەك؟!

ئەركىن روزى

## ئىزلىرىڭنى سوراپ شامالدىن

نېمەڭ بار بۇ دۇنيادا سىنىڭ،
نېمىسى بار دۇنيانىڭ سەندە.
كەلگىنىڭنى تۇيمىدى ھېچكىم
تۇيدۇرماسەن يەنە كەتكەندە.
نېسىپ بولسۇن خۇشلىشىش بىزگە،
ئاق يول تىلەپ قالار ھەر بەندە.

ئاق يول تىلەپ قالار ھەر بەندە
ئىزلىرىڭنى سوراپ شامالدىن.
كۆز ـ يېشىڭنى، كۈلكەڭنى ئىزدەر،
مىسكىن قالغان ساھىبجامالدىن.
دۇنيا تىترەر، قەرزىڭ بار ئاڭا
تېتىدىڭمۇ تۇزنى ھالالدىن.

دۇنيا تىترەر، قەرزىڭ بار ئاڭا،
قىممەت شۇنداق ئۇنىڭ يورىقى.
رازى بولار قالسا سىنىڭدىن
بىرەر تامچە تەرىنىڭ پۇرىقى.
قالسۇن مەيلى گۈزەللىك ئۈچۈن
قىزىلگۈلنىڭ بىر تال ئۇرۇقى.

ئەنۋەر شەيدايى

## گۈللىدى ياشلىق بېغىم

### كۈلۈپ

ياندۇرۇپ قەلبىمدە ئىشقى يالقۇنى باقتىڭ كۈلۈپ،
پاك يۈرەككە چىن مۇھەببەت ئوتىنى ياقتىڭ كۈلۈپ.

ھېسلىرىم قالدى يۈگەنسىز، ئۇيقۇدىن بولدۇم بىدار،
يۈرىكىم قاتلاملىرىدا قان بولۇپ ئاقتىڭ كۈلۈپ.

ئويغىتىپ ئارمانلىرىمنى، تولدۇرۇپ قەلبىمگە كۈي،
لەبلىرىڭ بىرلە لېۋىمدە پىستىلەر چاقتىڭ كۈلۈپ.

گۈللىدى ياشلىق باھارىم، تاپتى قۇت ئارمانلىرىم،
ئاشىقىڭ بولغاچ ۋاپادار، سەن ۋىسال تاپتىڭ كۈلۈپ.

## ئىنتىزارلىق كۈيى

ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى يارىم يولۇڭغا باقتۇرۇپ،
سۆيگۈنىڭ ئوكيانىدا خۇددى قېيىقتەك ئاقتۇرۇپ.

كەلمىدىڭ قايتا نىگار، نە بولدى قىلغان ئەھدىمىز،
دىل كۆكىدە شۇبھەنىڭ چاقماقلىرىنى چاقتۇرۇپ.

ئۈزمىدىم ئەمما ئۈمىد، بولغاچقا مەھكەم ۋەدىمىز،
سەن مېنى ھەم مەن سېنى سۆيگەچكە دىلدىن ياقتۇرۇپ.

قىل نىگار شەيدايىڭگە پاك سۆيگۈدىن قۇت ئىلتىپات،
بولمىسۇن ئۆمرى خازان ئىشقى ئوتۇڭدا ئاھ ئۇرۇپ.

**تۇراپ دايىم**

## دان

تورغاينى ئويغىتىپ سەھەردە دېھقان،
ئېتىزدا كەتمەننى چاپار غەيرەتتە.
ئوغۇتنى تەقلەيدۇ مىنۇت ئۆتكۈزمەي،
سۇنىمۇ باشلايدۇ سەھەر ئەلۋەتتە.

يەتتە كۈن بولغاندا تاۋلىشار ئوسا،
ئاغدۇرار ئاۋايلاپ، ئوي - دۆڭنى تۈزەر.
ئۇرۇقنى چاچىدۇ، سالىدۇ سۆرەم،
ئېتىزدىن يانغاندا ئۈمىدلىك كۈلەر.

ئېتىزغا پەرۋانە بولىدۇ دېھقان،
مايسىنى كۆرۈشكە بولۇپ ئىنتىزار.
ئۇرۇقلار بىخ سۈرۈپ يارىدۇ داڭگال،
مۆجىزە — مايسىلار يۈزنى ئاچار.

دېھقاننىڭ شادلىقى تېشىپ، مايسىنى
پەرۋىشلەر مىڭ قېتىم كۈچىنى ئايىماي.

يۇمشىتار تۈۋىنى، ئوغۇتلار يەنە
سۇغۇرار ۋە ئوتار ئۇ تىنىم تاپماي.

قان قېچىپ مەكرىزىدىن، قولى يېرىلار،
يىققىچە ئالتۇندەك داننى كۈز پەسلى.
مىڭ تامچە تەر تۆكۈپ يىغار بىر تال دان
دان ئۈچۈن كۈچىنى ئىشلەيدۇ بەلكى.

يۇمشاتسا يىغىمنى شۇنچە ئۈمىدتە،
خاماندا شاماللىڭ ئۆتىلەر قەدرى.
كۈلدۈرەر قوشلارنى، ئادەملەرنى ھەم
ئاشۇ جاپاكەش دېھقاننىڭ تەرى.

ھەر ئىشنىڭ جاپاسى بولىدۇ، بۇ راست
دېھقاننىڭ جاپاسى ئاشار ھەممىدىن.
مىڭ قېتىم، مىڭ تامچە تەرى سىڭگىدۇ
بىر تال دان يىغىلار شۇنداق ئەجىردىن.

مۇختار سوپۇرگى

# چىمەنلەر يولۇمغا سالار پايانداز

## كۆكۆل ئالبومى

ئېسىڭدىمۇ ئەي چىرايلىق ئايجامال،
بىز چوڭ بولغان تۇپا يوللۇق سەھرالار؟
تومۇزلاردا پادا بېقىپ قاغجىراپ،
سۇلىرىغا شۇڭغىغان كۆل، دەريالار.

ئاخشاملىرى بىللە ئويناپ مۆكۈشمەك،
كۈندۈزلىرى، ئوت ئالاتتۇق ئېتىزدىن،
مەن قۇچاقلاپ ئۇنچە باسسام ھارۇنغا،
ئېتىكىڭگە باش تىرەتتىڭ ئېگىزدىن.

چوڭ بولغاندا چىقالمىدىڭ كەچلەردە،
كۆرگۈم كەلسە رۇجىكىڭدىن ئاتتىم تاش.
سىزىپ قېلىپ ئاناڭ نەچچە كايىغان،
سەن چىقالماي مۈڭلانغانتىڭ تۆكۈپ ياش.

بويۇم بىلەن بىللە چوڭۇپ ئىدىرىكىم،
يۈرىكىڭگە ئىجىل بوپتۇ يۈرىكىم.
ئاھ، چۈشەندىم، بۇكەن تۇنجى مۇھەببەت
كۈندىن-كۈنگە ئاشتى سۆيگۈ تىلىكىم.

كۆل بويىدا كۈتتۈم سېنى تالاي رەت،
كۈتتۈم ئۇزاق، سۇ ئالغىلى كېلەر دەپ.
ناخشا ئېيتتىم تىلغا ئېلىپ نامىڭنى،
ئاڭلاپ قالسا يۈرىكىمنى بىلەر دەپ.

ئەپسۇس توزۇپ كەتتى ئۈمىد چېچىكىم،
ياقتۇرمىغاچ ئاناڭ كەپسىز خۇيۇمنى.
«ئۇدۇت»دېدىڭ كەتتىم يىراق تۆكۈپ ياش
يادىكار قىسپ ساڭا دەرتلىك كۈيۈمنى.

ئېسىمدە سەن ئەي چىرايلىق ئايجامال،
كەلدىم سېنى كۆرەي دېگەن تىلەكتە.
ۋىسالى يوق دىلدىن ئۆچمەس مۇھەببەت
شۇنچە يىللار ساقلانغاچقا يۈرەكتە.

كۆل بويىدا كۈتتۈم سېنى تارتىنىپ:
سۇ ئالغىلى چىقىشىڭدىن ئۈمۈنۈپ.
ئاھ، كۆل بويى، ماڭا شادلىق بەرمىدى،
بەلكى ئۇمۇ قاپتۇ مېنى ئۇنۇتۇپ.

نەچچە ئۆتتۈم ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىن،
ئالا بويناق قاۋاپ قالسا چىقار دەپ.
چىقتى شۇئان پېئونىر بىر ئۇماق قىز،
ئېتى باركەن ئۇنىڭ تېخى ئىپار دەپ.

قىزنى كۆردۈم، كۆردۈم كىچىك چېغىڭنى
كەتتى بۇدەم باللىقتا ھېسلىرىم.
كۆرۈپ سېنى باللىقتا قايتىدىن،
ياشارغاندەك بولدى ئۆچكەن ئىزلىرىم.

دېمىسەمۇ «ئۇنۇت مېنى» ئۇنتۇپسەن،
ئۇنتالمىدىم سېنى، «ئۇنۇت» دېسەڭمۇ.
ئاھ، ئىزدەيمەن شۇ چاغدىكى ئىزىڭنى
ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۆچكىنىنى بىلسەممۇ.

تەر

ھال رەڭ كۆك باغرىدا چاقنايدۇ قۇياش
چىمەنلەر يولۇمغا يايار پايانداز.
مەنزىلىم ئۈپۈقنى قىلغان يېڭى يول،
ئۇ مېنى چىللايدۇ قىلىپ جىلۋە-ناز.

يول ئالدىم، قەلبىمدە ئەل بەرگەن ئىستەك
تىك تاغلار ئالدىمنى توردى قات - قات.
ھالقىدىم تاشلارنى سۆيۈپ تاپىنىم،
شىجائەت روھىمغا ئۇندۇردى قانات.

چاتقاللار ئىگىردى ئاياغلىرىمدا،
ھاياتلىق دېمىنى بەردى شوخ دەريا.
پاكلاندى نەپسىم يۇلغۇن ھىدىدا،
چاي سۇندى ئۇسسىسام ۋاپادار بەرنا.

بىپايان قۇملۇققا تۇتاشتى يولۇم،
سۇ تۈگەپ قاپىقىم بوپقالدى قۇرۇق.
يىقىلدىم قايناق قۇم باغرىغا ھالسىز،
خۇرجۇنۇم يېنىكلەپ تۈگىدى ئوزۇق.

ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن يېرىلدى لېۋىم،
سىلجىدىم مەنزىلنى كۆزلەپ بىماجال.
ئاھ، نەچچە ھوشۇمدىن كەتتىم ئېچىرقاپ
ئىزدىدىم ئىرىكلىك ئۈچۈن پەم - ئامال.

سۇ ئىزدەپ قولۇمدا كولىدىم قۇمنى،
ئۈزۈلمەي ھاياتلىق رىشتى يۈرەكتىن.
كولىدىم، كولىدىم،
ھارسام كۈچ ئېلىپ —
جىسمىمغا، ياشلىقىم بەرگەن تىلەكتىن.

ئاھ، شۇ چاغ لېۋىمگە سىرغىدى نەملىك،
يورىدى كۆزۈمدە قارايغان دۇنيا.
ئېقىپتۇ ئاغزىمغا پېشانەم تېرى،
جانلاندىم بىر بۇلاق تاپقاندەك گويا.

ھال رەڭ كۆك باغرىدا چاقنايدۇ قۇياش،
چىمەنلەر يولۇمغا يايار پاياندازى.
ھالقىدىم ئۇپۇقتىن،
مەنزىل دىلبىرى،
لېۋىمگە لېۋىنى يېقىپ قالدى ناز.

يىرتىلغان سۈرەت

كۆيۈش، سۆيۈش يېگىلىق ئەمەس،
تەكرارلاندى بىزدىمۇ شۇ ھال.
دىل تولمىسا ۋاپاغا پەۋەس
قۇچالمايدۇ مۇھەببەت ۋىسال.

ئەۋەتىپسەن،
تەگدى قولۇمغا
پارە - پارە بولغان سۈرىتىم.
قۇياش قوندى نۇرسىز يولۇمغا،
كۈلكە چاچتى تاتارغان يۈزۈم.

پارە - پارە بوپتۇ سۈرىتىم،
لېكىن ۋايساپ چىقارماپتۇ ئۈن.
بىلدىم ئۇنىڭ يىرتىلىشىدىن
مەن قەلبىڭدە ئىكەنمەن پۈتۈن...

ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

## قەلبىمدىكى شاۋقۇنلار

### سېنى ئىزدىدىم

مەن سېنى ئىزدىدىم خوشلاشقان يەردىن،
تۇمانغا بۆلۈنۈپ تۇرۇپتۇ ئىزلار.

مەن سېنى ئىزدىدىم ئۇچراشقان يەردىن،
كۆرمىدۇق دەپ جاۋاب بېرىشتى قىزلار.

مەن سېنى ئىزدىدىم گۈلنىڭ بەرگىدىن،
ئۇ توزۇپ كېتىپتۇ بۇندىن نىشانسىز.
مەن سېنى ئىزدىدىم يازغان خېتىمدىن،
يىرتىلىپ كېتىپتۇ قولۇڭدا شەكسىز.

مەن سېنى ئىزدىدىم ئۆتمۈشۈمدىن ھەم،
ئۇ پەقەت كۆزۈڭنى بەردى كۆرسىتىپ،
مەن سېنى ئىزدىدىم كەلگۈسۈمدىن ھەم،
قەلبىمنىڭ قېتىغا كېتىپسەن مۆكۈپ.

## تېپىشماق

بۇ كەمگىچە تاپالمىدىم بىر سۆزنى،
ھاياتىڭنىڭ لۇغىتىنى ئاقتۇرۇپ.
بۇ ئۈزۈلمەس ھەم قىسقارماس تار يولدا
پەقەت مەنلا ماڭغان ئىدىم ياقتۇرۇپ.

يۈتتۈرۈپقۇ قويمىدىڭ سەن، بۇ ئېنىق،
گۇمانىم بار قويدۇڭ بەلكىم مۆكتۈرۈپ.
«سۆيدۈم» دېگەن بىر سۆز يۈرەك قېتىڭدا
كىم بىلىدۇ، تۇرار بەلكىم رەڭ تۈزۈپ.

## ئەزىزىم، كۈيۈڭگە قاتقۇم كەلدى كۈي

ئەزىزىم، كۈيۈڭگە قاتقۇم كەلدى كۈي،
سەمىمىي كۈلكىدەك قىزغىن شۇ قەدەر.
شەپەقتەك تاۋلىنىپ تۇرار يىراقتا،
گۈللەرگە پۈركىنىپ سەن تۇرغان شەھەر.

بۈككىدە ئارچىزار دېرىزەم تۈۋى،
سەھەرنىڭ سەلكىنى ئۇيغىتىدۇ ناز.
ئىجەبمۇ قىيىندىڭ ئارتۇقچە شۆھرەت،
بىر مىسكىن بەندىمەن تالانت بەكمۇ ئاز.

سەن ئۈچۈن كۈي-كۈيلەپ بىرەي ئەپۇقىل
بۇ يولغا ئازغىنىپ كىرگەن كۈيچىمەن.
بۇلبۇلدەك ناۋاگەر قۇشلار ئۈچۈنلا،
يارالغان، ياپ-يېشىل، چەكسىز گۈلچىمەن،

ياسىن نىياز

# ئاللاش

(ھېكايە)



كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى، سىنىپقا كىرىشىمگە بىرەيلەن ماڭا بىر پارچە خەتنى سۇندى:

— سىزنىڭ خېتىڭىز.

— كىمدىن كەلگەن خەتكەن؟

مەن خەتنى قولۇمغا ئېلىپ، ئادرېسقا كۆز يۈگۈرتتۈم: ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى دوختۇرخانا ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى يارمۇھەممەت. ۋۇي بۇ كىمدۇ؟ مېنىڭ بۇنداق دوختۇر تونۇشۇم يوق ئىدىغۇ؟ مەن كونۋېرتنى ئېچىپ قىزىقىش ئىچىدە خەتكە كۆز تاشلىدىم. خەت قىسقىلا يېزىلغان ئىدى.

«قەدىرلىك ئوغلۇم لۇر ئەلى:

يەكشەنبە كۈنى شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 10 دا بىزنى مەكتىپىڭىزنىڭ كۇتۇپخانىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغايسىز. ئالدىمىزغا چاقىرتىشقا ئۇڭايسىزلاندۇق. ئۈمىدىمىزنى ھەرگىز يەردە قويمىغايسىز. سىزنى بەكمۇ سېغىندۇق، سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە تەشنا بولغان ئاتا - ئانىڭىز:

يارمۇھەممەت، مەريەم»

قىزىق گەپ بولدى - دە بۇ، مەن ئەجەبلىنىپ قولۇمدىكى خەتكە قايتا كۆز يۈگۈرتتۈم. ئاتا - ئانىڭىز، يارمۇھەممەت، مەريەم؟ بۇ قانداق گەپ بولدى؟ مەن بۇنداق ئاتا - ئانام بارلىقىدىن ھەجەب خەۋەرسىز يۈرۈپتىمەن - ھە؟ بۇ خەت ماڭا خاتا تېگىپ قالدىمىكىن دەي دېسەم مېنىڭ ئادرېسىم كونۋېرتقا ئېنىق يېزىلىپتۇ. مەن تېڭىرقاپ، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ، بېشىمنى پارتىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم، ساۋاقداشلىرىم ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. توۋا، بۇ خۇددى تېپىشماقتەكلا ئىش بولدىغۇ. بىرەرسى ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامدۇ يە؟

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدىم، بىنادىن سىرتقا چىقىشىم بىلەن باھارنىڭ ساپ ھاۋاسى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى، مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىنانىڭ شەرق تەرىپىدىكى گۈللۈككە كەلدىم. بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ تاپىلانغان ۋاقىتتا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ باقايمۇ يە؟ مۇبادا بۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن پىلانلانغان سۇيىقەست بولسىچۇ؟ ياق، مەن بۇ خەتكە ئالدىراپ ئىشەنمەسەم، ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەسەم بولماس، ياخشىسى ئالدى بىلەن ئائىلەمگە خەت يېزىپ باقاي، بەلكىم بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئاپام بىلەر...

مەن ئالدىراپ - تېنەپ سىنىپقا

«ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

قايتىپ كىردىم - دە، ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، خەت يېزىشقا كىرىشتىم.

«سالام سۆيۈملۈك ئاپا!

سىزگە خەت يېزىۋاتقان مۇشۇ تاپتا سىزنى سېغىنىپ كۆزۈمدىن ياش تامچىلاۋاتىدۇ، خىيالىمدا سىزنى كۆرۈۋاتىمەن. سىزنىڭ مەن ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن. مەن سىزگە قاراپ ئولتۇرىمەن، سىز ئىللىق ئانىلىق مېھرىڭىز بىلەن ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتىسىز، مەن ئېتىكىڭىزگە باش قويۇپ ئېسەدەۋاتىمەن، سىز مۇبارەك قولىڭىز بىلەن بېشىمنى سىلاۋاتىسىز، ئاھ! ئاپا بۇ خىياللىرىم نېمىدېگەن لەززەتلىك - ھە؟ مەن سىزنى ياد ئەتكەندەك سىزمۇ مېنى ئەسلەۋاتامسىز؟ مېنى سېغىنىۋاتامسىز؟

سىز مېنىڭ ئاپامغۇ - ھە؟ سىز مېنىڭ كۆيۈمچان ئاپام، سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئايىمخان. رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئىسمى ئەخمەتجان، ئاپا، مېنىڭ بۇ غەلىتە سوئاللىرىم سىزنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتىدىغاندۇ تايىنلىق، سىزگە بۇنداق سوئال قويۇشۇمغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەبچى بولدى، بۈگۈن كەچتە مەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە ئىككى ناتونۇش ئادەم مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ. مېنى ئەجەبلەندۈرگىنى شۇكى، ئۇ خەتنى يازغۇچىلار مېنىڭ ئاتا — ئانام يارمۇھەممەت، مەريەم ئىسىملىك كىشىلەر ئىكەن. سىز ئېيتىڭچۇ ئاپا، سىلەر مېنىڭ ھەقىقىي ئاتا - ئانام ئەمەسمۇ؟! مەن ھازىر ھېچ نېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

مەن يەكشەنبە كۈنى ئۇلار دېگەن يەرگە بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن، لېكىن بۇ زادى قانداق ئىشتۇ، دەپ ئىچىم تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ سىرلىق خەت مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى، جېنىم ئاپا، سىز ماڭا تېز جاۋاب خەت يازسىڭىز، بۇ ئادەملەر زادى كىملەر؟

سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ياش تۆكۈپ:

ئوغلىڭىز نۇر ئەلى»

مەن خەتنى ئەتىسىلا پوچتىدىن سېلىۋەتتىم.

يەكشەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، بۈگۈن بىز بۇ دەم ئېلىش كۈنىدە سائەت 10 غىچە ئۇخلاپ، بىر ھەپتىدىن بۇيان قالغان ئۇيقۇمىزغا قېنىۋالاتتۇق. بىراق بۈگۈن سەھەردىلا تۇرۇپ كەتتىم. خۇددى بىرسى مېنى ئىزدەپ ياتاققا كىرىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ سائەت سەككىزدىلا ياتاقتىن چىقتىم.

بىنانىڭ ئالدىدىكى يولدا لەتىپە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ مېنى ئىزدەپ ماڭغان ئىكەن، يەكشەنبە كۈنلىرىنى بىز بىللە ئۆتكۈزەتتۇق، ئۇ بۈگۈن ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولۇپ، كۆزۈمگە باشقىچىلا گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى، مەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم، ئۇنىڭ خۇش پىچىم قامىتى، نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرى، يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان بوستان چاچلىرى مېنى مەھلىيا قىلاتتى، شۇ تاپتا ئۇ كۆزۈمگە شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ تۇرقى بىلەن قەلبىمدىكى غەشلىكنى بىردەملىككە يۇيۇۋەتتى، مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

— پاھ! لەتىپە، بۈگۈن پەرىزاتقىلا ئوخشاپ قاپسىزغۇ؟ — دېدىم.

— بۇرۇن پەرىزاتقا ئوخشىمامتىم؟ —

لەتىپە ناز بىلەن كۈلدى، ئۇنىڭ يوغان، يۇمىلاق، ئوتلۇق كۆزلىرى، تال - تال قايرىما كىرپىكلىرى شۇنچە جەلىپ قىلارلىق ئىدى، لەتىپە ئۆز گۈزەللىكىدىن سۆيۈنۈۋاتقاندەك مەغرۇر قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ چېچىنى تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاجايىپ يېقىملىق ھەرىكەت بىلەن بېشىنى سىلكىۋىدى، ئۇنىڭ يۇمشاق، پارقىراق چاچلىرى بىر چىرايلىق تەۋرىنىپ، يېيىلىپ يەلكىسىنى يېپىۋالدى، مەن بۇ تەڭداشسىز گۈزەللىكتىن، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراقلاردىن مەست بولدۇم.

بىز ياندىشىپ مېڭىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ھەمراھلىقى مېنى ئەرشتە مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇراتتى، مۇھەببەت شۇنداق بولىدىكەن. ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ، پىكىرداشىڭ، مەسلىھەتچىڭ، ئۇ سېنىڭ خۇشاللىقىڭ، قەلبىڭنىڭ قوماندانى ئىكەن. مەن ئۈلۈشكۈن تاپشۇرۇۋالغان ھېلىقى خەتنى يانچۇقۇمدىن چىقىرىپ لەتىپەگە سۇندۇم. ئۇ خەتنى قولۇمدىن ئېلىپ، قىزىقىپ كۆز يۈگۈرتتى.

— بۇ ئاجايىپ بىر خەتقۇ نۇرئەلى؟— دېدى ئۇ ۋە ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى.

— يۈرۈڭ، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى،— دېدىمەن ئۇنى ئالدىرىتىپ.

ئىككىمىز بىر پەس ئۈن - تىنسىز مېڭىشتۇق.

— ئۇنداقتا بۈگۈن كوچىغا چىقمايلىمۇ - يە؟— لەتىپە توختاپ، سوئال نەزەرىدە ماڭا تىكىلدى،— سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ ئۇلار قانداق ئادەملەردۇر...

— مەن ئۆيگە خەت يېزىۋەتتىم، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى جاۋاب خەتتىن بىلىمىز. ئاپامدىن خەت كەلگەن ھامان سىزگە كۆرسىتىمەن.

بىز كىنوكۆرمەكچى بولۇپ ئىتتىپاق كىنوخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.

كىنوخانىدا ئولتۇرۇپ خىيالىم يەنە ھېلىقى خەتكە كېتىپ قالدى. ھېلىقى كىشىلەر راستىنلا مېنىڭ ئاتا - ئاناممىدۇ؟ بەلكىم ئۇلار مېنىڭ ھەقىقىي ئاتا - ئانامدۇر. مەن تۇغۇلۇپلا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغانىدىمەن، بولمىسا ماڭا بۇنداق خەت يېزىپ يۈرمەيتتى، ئەجەبا، ئۇلار نېمىشقا بۈگۈنگىچە ئۆزىنى ئاشكارىلىمايدۇ؟ ئاتا - ئانام ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنمۇ - يا؟ ياكى ئۇلارنىڭ ماڭا يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىشى بارمىدۇ؟ ئەمىسە نېمىشقا ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ مېنى ئىزدىمەكچى بولۇشىدۇ؟ گەپ ئايىمخان ئاپامنىڭ بۇ قېتىمقى خېتىدە قالدى. ئاھ، كۆيۈمچان ئاپا، شۇ تاپتا سىز نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغانسىز؟

— نېمە بولدى سىزگە؟ كىنو ياقمىغان بولسا چىقىپ كېتەمدۇق - يا؟ لەتىپە مېنى يېنىك نوقىدى، شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ كىنونى ئۇنتۇپ، خىيالغا چۆكۈپ كەتكىنىمنى بىلدىم.

— ياقەي، كۆرۈۋېرەيلى.

لەتىپە خۇمارلىق كۆزلىرى بىلەن كۆزۈمگە قاراپ قويۇپ، نەزەرىنى ئېكرانغا يۆتكىدى. كىنو تۈگىدى، لەتىپە چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— بەك ياخشى كىنوكەن - ھە؟— دېدى.

مەن ھەئە، دەپ تەستىقلاپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنىدىم.

— ھېلىقى ئادەملەر كۇتۇپخانا ئالدىدا سىزنى كۈتۈپ تۇرغانمىدۇ؟— دېدى لەتىپە مېنىڭ خىيالچان تۇرقۇمغا قاراپ.

— ئېھتىمال، كۈتۈۋاتقاندۇ، — مەن سائىتىمگە قاراپ قويدۇم. ئۇمۇ سائىتىگە قاراپ دېدى:

— هازىر ئۇنىدىن يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتۈپتۇ. نۇر ئەلى، بىز بېرىپ يىراقتىن ئۇ كىشىلەرنى كۆزىتىپ باقامدۇق - يا؟ - ئۇنىڭ بۇ ئىشقا خېلىلا قىزىقىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بولىدى، لەتىپە، بۈگۈن ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەيلى، ئاۋۋال ئۆيدىن خەت كەلسۇن، ئاندىن بىر گەپ بولار.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، ئائىلەمدىن خەت كەلدى، مەن ئالدىراپ كونۋېرتنى ئاچتىم، خەت ئۇزۇن يېزىلغانىدى.

«جېنىم ئوغلۇم نۇرئەلى:

قاپقارا چاچلىرىڭنى سىلاپ، ئاپئاق پېشانەڭگە سۆيۈپ، سېنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ، ئانىلىق مېھرىم بىلەن سالام يوللايمەن. خېتىڭنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم، كۆزلىرىمگە سۈرتتۈم، يېنىشلاپ سۆيدۈم، تىنچ - ئامان تۇرۇپسەن.

مېنى كەچۈرگىن بالام، مەن سەندىن ھېچ ئىشنى يوشۇرمايتتىم. بىراق سەن سورىغان بۇ ئىشنى ساڭا سۆزلەپ بېرىشكە مەن راستىنلا ئاجىز ئىدىم.

ئويلىمىغان يەردىن سەن بۇ ئىشقا دۇچ كېلىپ، يېشەلمەس سوئاللار ئىچىدە قاپسەن، ئەمدى بۇ ئىشنى يەنە سىر پېتى ساقلىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ھەممە ئىشنى ساڭا سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇرمەن.

ئوغلۇم نۇر ئەلى، ئاشۇ كىشىلەر سېنىڭ ھەقىقىي ئاتا - ئاناڭ، مېنىڭ بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىن باشلاپ ئۇلارنى ئاتا - ئانام دەپ تونۇساڭ بولىدۇ. بۇرۇن بىز ئىككى ئائىلە قوشنا ئىدۇق، سېنىڭ داداڭ بىلەن ئاپاڭ ھەر ئىككىسى دوختۇر بولۇپ ئىقتىدارلىق كىشىلەر ئىدى، سەن تۇغۇلغان يىلى ئاتا - ئاناڭغا قانداقتۇر سىياسىي بەدناملار چاپلىنىپ تۇتقۇن قىلىندى. بىھۇدە تاياق يېدى، سازايى قىلىندى، كۆپ روھىي ئازاب چەكتى. بىز ئىككى ئائىلە بەكمۇ ئىناق ئۆتەتتۇق، قادىر خۇدا ماڭا ھەممىنى بەرگەن، بىراق بالا بەرمىگەنىدى، ئاتا - ئاناڭ سېنى ماڭا تاپشۇرۇپ، بۇ تۈگىمەس خورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېشىنى ئېلىپ چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. سەن ئۇ چاغدا تۆت ئايلىق بوۋاق ئىدىڭ.

شۇندىن باشلاپ سەن بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەڭگۈشتىرى بولۇپ قالدىڭ. مەن سېنى بەكمۇ ئارزۇلاپ باقتىم. يىللار ئۆتتى. ئىككى ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق خەت - ئالاقە بولمىدى، سەن بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر چوڭ بولدۇڭ، بىز سېنىڭ نەزەرىڭدە ھەقىقىي ئاتا - ئاناڭ ئىدۇق. دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاجايىبكەن. ئىككى مەملىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاتا - ئاناڭ ھازىر ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىدە ئىشلەۋېتىپتۇ، سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ داڭلىق دوختۇر. سەن ئۇلارنىڭ ئوغلى، ئۇلار يېقىندا ئۈرۈمچىدىن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كەتتى، سەن دەرھال ئۇلارنى تاپقىن، ئاتاڭنى مەھكەم قۇچاقلا، ئاپاڭنىڭ كۆزلىرىگە سۆي، ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بويان سېنى كۆرۈشكە ئىنتىزار.

سېنى سۆيۈپ:

ئاناڭ ئايىمخان»

ئاپامنىڭ مۇبارەك قولى يازغان قۇر-

لارغا كۆز ياشلىرىم تامچىلىدى. مەن
ۋاراقلارغا يۈزۈمنى يېقىپ، ئۆكسۈپ يىغ-
لىدىم. ئاھ! ئاپا، سىز نېمىدېگەن ئالىيجاناب
ئايال - ھە؟ سىز ھەقىقەتەن مەرد ئانا
ئىكەنسىز، راستىنلا مېنىڭ كۆيۈمچان
ئاپام، مېنىڭ ھازىرقى بارلىقىم سىزنىڭ
تەربىيىڭىزنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟ ئاھ
خۇدا، ئاتامدىن ئايرىلىپ ھەمراھسىز قالغان
شۇ بەختسىز ئاپام ئەمدى مەندىنمۇ ئاي-
رىلىپ، بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە قالارمۇ؟
ئاپامنى شۇنداق يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا
مېنىڭ يۈرىكىم قانداق چىدايدۇ؟ مەن
زادى قانداق قىلسام بولار؟ ئاپام بۇ ئايرى-
لىش زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟
ئانىنىڭ بالىغا باغلانغان رىشتىسىنىڭ چىڭ-
لىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى
بولمايدىكەن، بىز ئانىلارنىڭ قەلبىنى چۈ-
شىنىپ يېتەلمەيمىز، ئايىمخان ئاپام دۇن-
يادا تېپىلغۇسىز ئايال. ئۇ مېنى 20 يىلدىن
بۇيان ئەتىۋارلاپ باقتى، قاتارغا قوشتى،
مەريەمخان ئاپامچۇ، ئۇ مەندەك ئوغلىدىن
يىگىرمە يىل ئايرىلىپ قېلىپ بەلكىم
ئۇمۇ يەتكىچە ئازابلانغاندۇ. لېكىن، ئۇلار
ئايىمخان ئاپامنىڭ يىگىرمە يىلدىن بۇيان
مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرىنى، ھازىر
ئۇنىڭ ئىگە - چاقىسىز يالغۇز قالغانلىقىنى
ئويلاپ بېقىشى زۆرۈرغۇ؟ ئەمدى ئۇلار
مېنى ئايىمخان ئاپامدىن قايتۇرۇپ ئېلى-
ۋالارمۇ؟ ئۇنداقتا بىچارە ئايىمخان ئاپامغا
بەك ئۇۋال بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ھەي...
مەن تېخى ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىدىم، ئۇلار
قانداقراق ئادەملەردۇ-ھە؟ بۇ ئىشنى ئويلا
ئويلاپ سارالاڭ بولاي دېدىم، نېمىلا بول-
مىسۇن ئۇلار مېنىڭ ئاتا - ئانام ئىكەن،
ئۇلار بىلەن كۆرۈشەي.

كەچقۇرۇن لەتىپەنىلى ياتىقىدىن چا-
قىرتتىم.

— ئاپامدىن خەت كەپتىكەن، مانا،
كۆرۈپ بېقىڭ، — مەن خەتنى لەتىپەگە بەردىم.

— ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن-دە؟ —
خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنىڭ ئويچان كۆز-
لىرى ماڭا تىكىلدى، — ئەمدى قانداق
نىيەتكە كەلدىڭىز؟

— كۆرۈشۈپ بېقىش قارارىغا كەلدىم،
لېكىن، ئۇلار بىلەن قانداق ئالاقىلاشساق بولار؟

لەتىپە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىر-
ايىغا بىردىنلا كۈلكە يۈگۈردى.

— ئۇلارنىڭ ئادرېسى بىزگە ئېنىققۇ؟
كۆرۈشۈش توغرىلىق سىز ئېغىز ئاچسىڭىز
مۇۋاپىق بولماس، ئەتە مەن تېلېفون
ئارقىلىق ۋاقتىنى كېلىشىپ قوياي، يەكشەن-
بە كۈنى بولسا قانداق؟

— بولىدۇ، سىزمۇ بىللە بارامسىز؟

— مېنىڭغۇ قەۋەتلا بارغۇم بار،
بىراق، بۇ قېتىم بارماي. كېيىن ئاپارمى-
سىڭىزمۇ بارىمەن دەپ تۇرۇۋالىمەن، —
لەتىپە يېقىملىقىنە كۈلۈپ قويدى، — ئۇلار
قانداق ئىنسىل ئادەملەردۇ-ھە؟

يەكشەنبە كۈنى، لەتىپەنىڭ تېلېفون
ئارقىلىق ئۇقۇۋالغان ئادرېسى بويىچە مەن
ئاشۇ ناتونۇش ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.
قەدەملىرىم شۇنچە ئېغىر، كۆڭلۈمدە
يەنىلا ئىككىلىنىش، قىزىقىش، خىجىللىق،
تەلپۈنۈش ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئىككىنچى
قەۋەتكە چىقىپ تۇرۇپ قالدىم، ئۆزۈمنىڭ
ئۈستىبېشىغا بىر قۇر قاراپ چىقتىم.
چېچىمنى تۈزەشتۈردۈم. كۆڭلۈمدە، كۆرۈ-
شۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتىم، ئۈچىنچى
قەۋەتكىمۇ چىقىپ قالدىم. كۈچلۈك ھايا-
جاندىن يۈرىكىم ئەنسىز سوقاتتى. مەن

ئىشىكنى چېكىشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپ قالدىم، ئۆي ئىچىدىن ھېچبىر تىۋىش ئاڭلانمايتتى، تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى، ئالدىمدا ناتونۇش بىر ئايال بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچىگەندەك ماڭا زەن سالدى، مەن بۇ مېھرى ئىسسىق، پاكىز، چىرايلىق ئايالغا گۇمان بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

— سىز...سىز... نۇر ئەلى بولامسىز؟ — ئايالنىڭ سارغۇچ يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى نەملەندى. ئۇ ھاياجاندىن يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئىشىك تۇتقۇچىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

— ھەئە. سىز...؟

— مەن... ھەي، يارمۇھەممەت، ئوغلىمىز نۇر ئەلى كەپتۇ! — ئايال شۇنداق دەپلا ئۇنى سىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ مېنى قۇچاقلاشقا تەلمۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئورنىدىن قىمىرلىغۇدەك مادارى يوقتەك ئىشىك تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئىزىدا تۇرۇپلا قالدى.

ئىچىدىكى ئۆيدىن سالاپەتلىك، ئاق چاچلىق بىر كىشى ئالدىراپ چىقىپ كەلدى، ئۇمۇ ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— جېنىم ئوغلۇم، سەن راستىنلا نۇر ئەلىمۇ سەن؟ بىزنى كەچۈرگىن، بالام، سەن نۇر ئەلى، شۇنداقمۇ؟ ئاھ! بالام، — ئۇ بوسۇغ ئاتلاپ ئالدىمغا چىقتى-دە، چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن ماڭا بىر ھازا تىكىلىپ قارىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئىككى قوللاپ يەلكەمدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭمۇ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى، — جېنىم ئوغلۇم، بىزنىڭ سېنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمىزنى بىلەمسەن، ماڭا قارا، بېشىڭنى كۆتۈرە، بالام، مەن سېنىڭ ئاتاڭ، مەن سېنىڭ ھەقىقىي ئاتاڭ، بۇ سەن ئۈچۈن سەكپارە بولغان سېنىڭ ئاپاڭ بولىدۇ، قېنى ئانا-بالا كۆرۈشۈڭلار!

مەرىيەمخان ئاپام دەلدۈگىنىپ مېڭىپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى، بىردەملىك يىغىدىن ئۇنىڭ قاپاقلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى. مەن ئاتامنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا يۈزلەندىم، ئاپام مېنى مەھكەم قۇچاقلىدى، كۆزىدىن ياش توختىماستىن قۇيۇلاتتى.

— جېنىم بالام، مېنىڭ قۇچۇقىمدىكى راستىنلا سەن نۇر ئەلىمۇ؟ مەن سېنى كۆرەلەيدىكەنمەن، قۇچاقلىيالايدىكەنمەن، سۆيەلەيدىكەنمەن-ھە؟ ئاھ، ماڭا قارىغىنا بالام، مەن پېشانەڭگە سۆيۈۋالاي، مەن سېنى قانچىلىك سېغىندىم-ھە؟ سېنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئويلايتتىم، ئەمدى ئارمىنىم يوق، ھەرگىز ئارمىنىم يوق، قېنى ئۆيگە كىرگىن، — ئاپا قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيگە باشلىدى. ئۇنىڭ ياش يۇقى يۈزىدە يېقىملىق كۈلكە جىلۋىلەندى.

ئالدىمدا، ئاتامنىڭ قېشىدا قوشۇما قاش، بۇدرە چاچ بىر قىز قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن تال-تال قايرىما كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىز قىزىم، ئاكىڭىز بىلەن كۆرۈشۈڭ، — دېدى ئاتام. ئاندىن ماڭا قاراپ، — بۇ سېنىڭ سىڭلىڭ، ئىسمى زۇبەيدە، — دېدى-دە، يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

— ياخشىمۇسىز سىڭلىم؟

— ياخشىمۇسىز جېنىم ئاكا، — سىڭلىم ماڭا ئېسىلىپ، مەھكەم يېپىشتى، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

بىز ئۆيگە كىردۇق، ئۆي ئازادە

بولۇپ پارقىراپ تۇرغان ئۆي جاھازلىرى،
ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە رەڭدار گۈللەر
بىلەن چىرايلىق بېزەلگەنىدى.

— قېنى، ئولتۇرغىن بالام.

مەن يۇمشاق كىرىسلوغا ئاۋايلاپ
ئولتۇردۇم، شىرەگە مېۋە-چېۋىلەر تىزىلى-
دى، بىر پەس نېمە دېيىشنى بىلەلمەي
ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ئۆتكەندە لەۋزىڭلارنى يەردە قوي-
دۇم، مېنى ئەپۇ قىلغايسىلەر، — دېدىم
يەرگە قاراپ.

— ئۇنداق دېمىگىن بالام، بۇنى توغ-
را چۈشىنىشكە بولىدۇ، بىز شۇنىڭدىن
كېيىن سەن بىلەن قانداق ئۇسۇلدا ئۇچ-
رىشىش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندۇق. ئۈچ
كۈن ئىلگىرى بىر ناتونۇش قىزدىن تېلې-
فون ئالدىم، ئۇ قىز ئۆزىنى سېنىڭ سا-
ۋاقدىشىڭ دەپ تونۇشتۇردى، ئۇ قىز
سېنىڭ بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلغان-
لىقىڭنى، يەكشەنبە سائەت توققۇزدا
ئۆيىمىزگە ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭنى خەۋەر
قىلدى، شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى سورى-
مايلا قوي بالام، ئاپاڭ بۇنى ئاڭلاپ، خۇ-
شاللىقىدىن يىغلىۋەتتى، شۇندىن كېيىن
بىز بۇ يەكشەنبە كۈنىنى مىنۇت ساناپ
كۈتتۇق.

— شۇنداق، بالام، سېنى كۆرگەن
چېغىمدا يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ دەپ
ئويلايتتىم، — ئاپامنىڭ كۆزلىرى يەنە نەم-
لەندى، ئۇ كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاتامغا
بۇرۇلدى، — ئوغلىمىزغا بىزنىڭ يىگىرمە
نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئايرىلىش سەر-
گۈزەشتىمىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ؟

— مەن ئۆتكەنكى خېتىڭلارنى تاپ-
شۇرۇۋالغانغا قەدەر ئائىلىمىزنىڭ بۇ
تارىخىدىن بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن. كېيىن
ھەممىنى بىلدىم.

— شۇنداق، بۇ بىر ئاچچىق تارىخ، —
ئاتام چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى، — بىز
بەكمۇ ئۇزۇن ئايرىلىپ كەتتۇق. بىز سې-
نىڭ ھايات ئىكەنلىكىڭدىنمۇ خەۋەر تاپال-
مىدۇق، مانا ھازىر بىر چىرايلىق يىگىت
بولۇپ كېتىپسەن، ئالىي مەكتەپكىمۇ چىقىپ-
سەن. خۇداغا شۈكرى، ساق-سالامەت
دىدارلاشتۇق، ئازادە ئولتۇرغىن بالام.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۆزئارا پاراڭ-
غا چۈشتۇق، ئاتام مېنىڭ ئوقۇش ئەھۋا-
لىمنى سورىدى.

— ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭدا نېمىگە
بەكرەك قىزىقتىڭ؟

— شېئىرىيەتكە.

ئاتام ئاپئاق ئاقارغان چاچلىرىنى
بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى، ئۇنىڭ
سارغۇچ نۇرلۇق كەڭ پېشانىسى ئاستىدا
يوغان، يۇمىلاق كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى،
يارىشىملىق كىيىملىرى ئۇنى تېخىمۇ
سىپايى كۆرسەتەتتى، كۆڭلۈمدە ئاتامنىڭ
زامانغا مۇناسىپ بىر ئىلمىي ئادەم ئىكەن-
لىكىدىن سۆيۈندۈم.

— شېئىرىيەتتىكى نەتىجەڭ قانداق-
راق؟ مەتبۇئاتلاردا ئەسەر ئېلان
قىلدىڭمۇ؟

— ئوتتۇز پارچىدەك شېئىرىم ئېلان
قىلىندى.

— ياخشى، بەك ياخشى، مەن تىببىي
ئىنىستىتۇتتا ئوقۇغان چاغلىرىمدا ئەدەبىيات-
قىمۇ قىزىقاتتىم، ئەدەبىي ژۇرناللارنى
كۆرۈپ تۇراتتىم، شېئىرىيەتكە قىزىققىنىڭ
بەك ياخشى ئىش بوپتۇ، شائىرلىق مېنىڭچە
جاپالىق ئىشقۇ دەيمەن. سەن قانداق

قىلىپ بۇ يولنى تاللاپ قالدىڭ؟

— بۇ يولغا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن هالدا كىرىپ قالدىم، تەبىئەت كىشىلەرگە هەر خىل تالانتنى هەدىيە قىلىدىكەن. ئادەم ئۆزىدىكى شۇ ئالاهىدىلىكنى بىلىپ يېتەلىسە، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزەلىسە ئاندىن كىشىلىك قىممىتىنى يارىتالايدىكەن. مەن شۇڭا شېئىرىيەت يولىغا كىردىم.

— شۇنداقمۇ؟— ئاتام رازىمەنلىك بىلەن ماڭا قارىدى.

زۇبەيدەنىڭ تاماق ئېلىپ كىرىشى بىلەن بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئۈزۈلدى، تاماقتىن كېيىن يەنە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. بۇ ئائىلىدىكى كىشىلەر شۇنچە ئىللىق، ئوچۇق، سۆيۈملۈك ئىدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەيلا قالدى.

— مەن ئەمدى قايتاي،— دېدىم ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— مەن سەن بىلەن تۈزۈك پاراڭلاشقۇدەك بولالمىدىمغۇ؟ نېمىگە بۇنچە ئالدىرايسەن،— دېدى ئاپام قېيمىغان هالدا.

— كېيىن يەنە كېلىمەن، كەچتە مۇزاكىرە بار.

— بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئۆي سېنىڭ ئۆز ئۆيۈڭ، كۆندە كېلىپ تۇرغىن،— ئاتام ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە قايتتىم. بىر نەچچە كۈن ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

— ئوغلۇم،— دېدى ئاتام ئىككىنچى قېتىم بارغىنىمدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ،— بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىز مېنى قاتتىق هاياجانغا سالدى، سېنىڭ تۇرمۇشقا بولغان كۆز قارىشىڭ بولۇپمۇ شېئىرىيەت جەهەتتىكى تالانتىڭ مېنى سۆيۈندۈردى، بۇنچىلىك ماهارەتنى يېتىلدۈرۈش ئاسان گەپ ئەمەس. مەنمۇ بىر كەسىپ ئەهلى، شۇڭا سېنىڭ باسقان جاپالىق يوللىرىڭنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن.

بالام، ئادەم بۇ دۇنياغا كەلگەن ئىكەن، چوقۇم ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىشى، ئىنسانلىق قىممىتىنى يارىتىشى كېرەك. سەن ئۆزۈڭنىڭ چىقىش يولىنى شېئىرىيەتكە باغلاپسەن، لېكىن شۇنى ئويلاپ كۆردۈڭمىكىن؟ كەسپىي جەهەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ شارائىت بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟ مېنىڭچە، ئەلۋەتتە بار. كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى سەندىن يوشۇرمايلا ئېيتاي، بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرىدىكەنسەن. ئالدىڭدا تەقسىمات مەسىلىسىگە دۇچ كېلىسەن، يول تاللايسەن، ئىستىقبالىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياشاش، ئىشلەش، كامالەتكە يېتىش شارائىتىنى تاللايسەن، بۇنى ئويلىنىپ كۆردۈڭمۇ؟ بۇ سېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭگە تەسىر كۆرسىتىدىغان هالقىلىق پەيت، مەن سېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، هەم بۇنىڭ ئۈچۈن يول ماڭىمەن، مەن مەكتىپىڭلارغا بېرىپ پاكۇلتېت مۇدىرىڭلار بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇمۇ سەن توغرىلىق ياخشى گەپلەرنى قىلدى...

ئاتام مېنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە قېلىپ خىزمەت قىلىشىم توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلىدى.

ئاتامنىڭ گەپلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىم، دەماللىققا ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى پىكىردە ئىكەنلىكىمنى ئىزهار قىلىشقا پېتىنالمىدىم، مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئويلىنىپ ئۇنىڭغا خەت

ئارقىلىق ئۆز پىكرىمنى يەتكۈزمەكچى بولدۇم «ھۆرمەتلىك ئاتا:

ئۆتكەندە مېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىم توغرىسىدا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردىڭىز، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى تەقسىمات مەسىلىسىدە سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلالمايمەن. مېنىڭ سىزگە مۇنداق جاۋاب بېرىشىمگە بىزنىڭ نەچچە قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىزدا پەقەت تىلغا ئېلىنمىغان ئايىمخان ئاپام سەۋەب بولدى، سىزگە مەلۇمكى، ئۇ ھازىر يەككە-يېگانە ياشىماقتا، مەن شۇ ئاپام ئۈچۈن، مېنى دەپ كۆپ جاپالارنى چەككەن شۇ ئۇلۇغ ئانا ئۈچۈن ئۆرۈمچىدە سىلەرنىڭ قېشىڭلاردا خىزمەت قىلىشتەك ياخشى شارائىتتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرمەن، مېنىڭ بۇ قارارىم سىلەرگە تەنتەكلىكتەك، ھۆرمەتسىزلىكتەك تۇيۇلار، لېكىن مېنىڭ ۋىجدانىم ئايىمخان ئاپام ئۈچۈن مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدۇ، راست! سىز ئېيتقاندەك مەن ئۆرۈمچىدىن ئاشۇ چەتتىكى يۇرتۇمغا كەتسەم مەندىكى تالانت، سەۋىيە كۆمۈلۈپ قالار، لېكىن قانچە ئويلىسامۇ ئايىمخان ئاپامنى تاشلاپ ئۆرۈمچىدە قېلىشقا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا چىدىمايمەن، ئايىمخان ئاپاممۇ مەندىن ئايرىلالمايدۇ. دۇنيادا تېپىلغۇسىز بۇ سۆيۈملۈك ئانىنى تاشلاپ قويۇشقا يۈرىكىم چىدىمايدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى يالغۇز ھاياتىغا ھەمراھ بولۇش، يۆلەك بولۇش، مۇڭداش بولۇش مېنىڭ مەقسىدىم، مەن شۇنداق قىلسامىلا ئۇنىڭ ئالدىدا بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلغان، ئۇنىڭ ئەجرىنى، ئۈمىدىنى يەردە قويمىغان بولىمەن. مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنگەنسىز ئاتا،

ھەممىڭلار ئۆگىلۈەدىكى سۆزلىرىمنى سىزدىن يوشۇرمايمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئاتا-ئانىسىنى تېپىۋالغانلىقىمدىن چەكسىز خۇشالمەن، سىلەرنىڭ مېنى ئىزدەپ تېپىپ، ئاتا-ئانىلىق مېھرىنى قايتا بەرگەنلىكىڭلاردىن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىمەن، سىلەرگە مىڭ مەرتىبە رەھمەت، سىلەر مېنىڭ ھەقىقىي ئاتام-ئانام، مەن سىلەردىن پەخىرلىنىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ ئاتا، مەندە قىلچىمۇ سىلەرنى يات كۆرۈش ھېسسىياتى يوق، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتىمەن، مەن سىلەرنى دەپ ئۆرۈمچىدە قالايمۇ ياكى ئاشۇ يالغۇز بىچارە ئايىمخان ئاپامنى دەپ يۇرتۇمغا كېتەيمۇ؟ مەن ئويلىدىم، كۆپ ئويلىدىم: ئانىلىق قەرزى ھەممىدىن مۇقەددەس، ئۇ بالىنى بۇ دۇنياغا ياراتقىنىمۇ ئۇلۇغ ئىكەن، مېنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئوغلۇڭلار نۇرئەلى»

مەن خەتنى ئاتامغا ئەۋەتتىم.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ ئاتام مېنى ئۆيگە چاقىرتتى. بۇ قېتىم لەتىپەمۇ بىللە باردى، بۈگۈنكى چاقىرتىش نېمىنى مەقسەت قىلغاندۇ؟ — مەن كېتىۋېتىپ ئويلايتتىم، — ئاتام مەن بىلەن يەنە خىزمەت تەقسىماتىم توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى. چۈنكى خېتىم ئۇنى قايىل قىلالمىغان. يەنە قانداق سەۋەب بولۇشى مۇمكىن؟ ئايىمخان ئاپامغا پۇل بېرىپ رازى قىلماقچىمۇ يا؟ ياكى ئۇنى ئۆرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالارمۇ؟ بۇخىل ئېھتىماللىقنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى مەرىيەمخان ئاپام مەندىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللارنى

قولىنى بېقىشى مۇمكىنمۇ؟

خىلمۇخىل ئوي - خىياللار كاللامنى چىرمىۋالدى، مانا، ئۆيگىمۇ يېتىپ كەلدۇق.

يۈرىكىم يەنىلا گۈپۈلدەپ سوقاتتى، ئىشىكنى ئەدەب بىلەن ئاستا چەكتىم. ئۆيدە ئايىمخان ئاپام ئولتۇراتتى، مەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ كەتتىم.

— ئاپا، سىز ... قاچان كەلدىڭىز؟ — مەن ئىتتىك بېرىپ ئاپامنىڭ قوللىرىنى تۇتتۇم، — ياخشى تۇردىڭىزمۇ ئاپا؟

— ياخشى، بالام، مەنمۇ ئاخشام كەچتە يېتىپ كەلدىم ... ئۆزۈڭمۇ ياخشى تۇرغانسەن بالام؟

— ياخشى تۇرۇۋاتىمەن ئاپا، سىزنىڭ كېلىشىڭىزدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن، بولمىسا ئالدىڭىزغا بېرىپ ئەكىلەتتىم ئەمەسمۇ، نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭىز؟

— داداڭ بېكەتكە چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئوخشاش ئەمەسمۇ بالام. قېنى ئولتۇرۇڭلار بالىلىرىم.

سول يېنىمدا ئاتام، ئوڭ يېنىمدا لەتىپە، ئۇدۇلىمىزدىكى كرېسلودا ئايىمخان ئاپام بىلەن مەريەمخان ئاپام ئورۇن ئالدى، زۇبەيدە شىرەگە نازۇ - نېمەت، مېۋە - چېۋىلەرنى تىزىپ چاي قۇيدى.

— ساڭا ئازراق گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئايىمخان ئاپام چايدىن كېيىن. ئۇ مېنى ياتاق ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— ئولتۇرغىن بالام، — ئايىمخان ئاپام يېنىدىكى كرېسلونى ئىما قىلدى، مەن قىزىقىش نەزەرىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردۇم.

— مەكتەپ پۈتتۈرۈشۈڭگە قانچىلىك ۋاقىت قالدى؟

— ئىككى ئاي.

— تەقسىمات توغرىسىدا قانداق ئويلاۋاتىسەن؟

— ئەلۋەتتە سىزنىڭ قېشىڭىزغا — ئۆز يۇرتۇمغا بارىمەن - دە.

— مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىم، بالام.

ئاپام يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقاردى، — بۇ سېنىڭ ئاتاڭغا يازغان خېتىڭكەن، ئاخشام ئوقۇپ چىقتىم، خېتىڭ مېنى ھاياجانغا سالدى، ساڭا كۆپ رەھمەت بالام، مەن ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەردىن ۋاز كەچمەكچى بولۇپسەن، لېكىن مەن سېنىڭ مېنى دەپ ئۇنداق قىلىشىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن، سەن يەنىلا ئىستىقبالىڭنى ئويلىغىنىڭ تۈزۈك، ئاتاڭ سەن ئۈچۈن كۆپ قايغۇرىدىكەن. سەن بۇنى يالغۇز شەخسىيەتچىلىك دەپلا چۈشىنىپ قالساڭ ئاتاڭنىڭ قەلبىگە توغرا باھا بەرمىگەن بولىسەن، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا سېنى تالىشىدىغان ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، سەن مېنىڭ بالام ھەم ئۇلارنىڭ بالىسى، چۈنكى، سەن ئوقۇش پۈتتۈرسەڭ يەنىلا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىسەن، مەن بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشىيالمايسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككى ئائىلىنى ئۆز ئۆيۈڭ قاتارىدا ئوخشاش كۆرسەڭ شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئاڭلىسام سېنى مەكتەپتە ئېلىپ قالماقچى بولۇۋېتىپتۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن مەن ...

— لېكىن دېمە بالام، مەن سېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ياخشى پۇرسەتتىن ۋاز كەچمەكچى بولغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىنى چۈ-

شەندىم. توغرا، بەش يىلدىن بۇيان سەندىن ئايرىلىپ ياشاش ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. لېكىن مەن سەن ئۈچۈن، سېنىڭ ئىستىقبالىڭ ئۈچۈن ھەممىگە بەرداشلىق بېرىمەن، سەن ئۇرۇمچىدە قالغىن، كەسپتە داۋاملىق ئىلگىرىلىگىن، بۇ دۇنيادىن كېتەر چېغىمدا سېنىڭ كاتتا ئادەم بولۇپ يېتىشكەنلىكىڭنى كۆرسەم قىلچىمۇ ئارمىنىم قالمايدۇ. بالا ئانا ئۈچۈنلا ئەمەس، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن ياشىسا ئۇنىڭ ھاياتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن بولىدۇ.

ئاپامنىڭ سۆزلىرى مېنى ئويغا سالدى، مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەن ئىدى.

— سېنىڭ ئۇرۇمچىدە قېلىشىڭ پەقەت ئۆز ئاتا - ئاناڭنى تېپىۋېلىپ، مېنى تاشلىۋەتكەنلىكىڭ بولمايدۇ، مەن بۇنى توغرا چۈشىنىمەن، بۇ جەھەتتە قىلچە رەنجىمەيمەن. سەن مەندىن خاتىرجەم بولغىن بالام.

— كېيىن يالغۇزلۇقتا جاپا تارتىپ قالىسىز ئاپا.

— ئۇنداق دېمە بالام، سەن مېنى ياد ئېتىپ تۇرساڭلا، پات - پات خەت يېزىپ تۇرساڭلا، ۋاقتىڭ يەتكەن چاغلاردا مېنى يوقلاپ تۇرساڭلا مەن سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى.

— سىز ...

— گېپىمگە كىرگىن بالام، مەندىن خاتىرجەم بولغىن. ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ يۈرمە، - ئاپام ئورنىدىن قوپتى، - يۈر، ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا چىقايلى.

بىز مېھمانخانىغا قايتىپ چىقتۇق. ئاتام لەتىپە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. كۆپ ئۆتمەي ئاپام بىلەن سىڭلىم تاماق كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. تاماقتىن كېيىن بىز قايتماقچى بولدۇق.

— بىز مۇشۇنچىلىك ئولتۇرايلى، سىزنى ياتاققا باشلاپ بارساق بولاتتى ئاپا، — دېدىممەن ئايىمخان ئاپامغا قاراپ.

— رەھمەت بالام، كېيىن ئۆيۈڭلارغىلا بارارمەن، — ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى، لەتىپە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— خوش، بىز قايتتۇق. مەن ئەتە كەچقۇرۇن كېلىمەن.

— بولىدۇ، ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى ئاتام بىزنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ — ئۇنداق بولسا يولۇڭغا قارايمىز - ھە؟

— چوقۇم كېلىمەن.

— ئەتە سىزمۇ كېلىڭ، — دېدى مەريەمخان ئاپام لەتىپەگە سۆيۈنۈپ قاراپ. بىز خوشلىشىپ ماڭدۇق. لەتىپە كېتىۋېتىپ سوراپ قالدى:

— ئاپىڭىز بىلەن نېمە دېيىشتىڭىز؟

— ئۇرۇمچىدە قالىدىغان بولدۇم.

— راستما!؟

— راست، سىزچۇ؟ ئاتام بىلەن نېمە دېيىشتىڭلار؟

— ئايىمخان ئاپامنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىدىغان بولدۇق.

— ھە!؟

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

نۇرگۈل يۇنۇس

# ئاھ، دادام

(ھېكايە)



نۇرگۈل يۇنۇس 1973 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئەگىس يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق 2 - يىللىق سىنىپىدا ئوقۇۋاتىدۇ. 1989 - يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى ژۇرناللاردا ھېكايە، شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇنىڭ «ئاھ، دادام» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇق.

تاغ تەرەپتىن گۈركىرەپ سوقۇۋاتقان سوغۇق شامال قەبرىستانلىقتىكى ساڭگۈل - سۇڭگۈل تۇغ - ئەلەملەرنى ئېچىنىشلىق تىترىتەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ قالغان ئادەمنى ئىختىيارسىز قورقۇنچ بېسىپ يۈرىكىمۇ ئاشۇ «تۇغ - ئەلەم»لەردەك تىترەپ كېتەتتى.

ئاشۇ قەبرىستانلىقتىكى توپا يۆلەپ قويۇلغان قەبرە ئالدىدا بىر قىز بۇقۇلداپ يىغلىماقتا، يۈرىكىدىكى ھەسرەتلىرىنى كۆز يېشى ئارقىلىق ئاشۇ قەبرىگە سىڭدۈرمەكتە، چاچلىرىنى يۇلماقتا...

مەن ئۇنىڭغا ئۇزاقتىچە قاراپ تۇردۇم، لېكىن ئۇنىڭ يېنىغىمۇ بارمىدىم، تەسەللىيمۇ بەرمىدىم. مەيلى، قانغىچە يىغلىۋالسۇن. يۈرىكىدىكى پۇشايمان داغلىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇپ چىقىرىۋەتسۇن.

شامال گۈركىرىمەكتە، قاياقتىندۇر لالما ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلانماقتا. مەن قىزنىڭ پاخپايغان چاچلىرىغا، قورقۇنچلۇق قەبرىلەرگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇردۇم. نېمىدېگەن دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەر بۇ. چېكىلىرىمدىن سوغۇق تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ۋۇجۇدۇمدا ئالدىمدىكى ئاشۇ قىزغا نىسبەتەن ھېسداشلىقىمۇ، ئاچچىقلىنىشقىمۇ، قېيداشقىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە بىر تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سېزىپ، ئاستاغىنا ئارقامغا قايرىلدىم - دە، قەبرىلەر ئارىسىدىكى تار چىغىر يول بىلەن دۆڭلۈك-



تىن پەسكە چۈشۈپ كەتتىم. كۆز چاناق-
لىرىم ئېچىشتى. شۇ تاپتا ئەسەبىيلەرچە
ۋارقىراپ يىغلىغۇم كېلەتتى. پۇتلىرىم ئۆ-
زۈمگە بوي سۇنمايتتى. يول مېنى ماڭدۇ-
رمۇ ياكى يولنى مەن مېڭىۋاتىمەنمۇ، بۇنى
بىلەلمىدىم. ھازىر ياز ۋاقتى بولسىمۇ،
لېكىن تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ مەھەللە
ئادەمگە كۈز پەسلىنى ئەسلىتەتتى. يول
ياقىسىدىكى دەل-دەرەخلەر ماڭا ھېسداشلىق
قىلىۋاتقاندەك ئاستا لىڭشىپ تۇراتتى. ھەم-
مە نەرسە كۆڭۈلسىز بىلىنەتتى.
بۈگۈن كۈننى قانداق كەچ قىلغان-
لىقىمنى بىلمەيمەن. ئۆي ئىچىدە پەنجىر-
گە قاراپ ئولتۇرغىنىمدا ھىلال ئاي خۇد-
دى ماڭا تەسەللىي بەرگەندەك ئاستا-ئاستا
كۆتۈرۈلۈپ، ماڭا كۆز قىستى. خىيالىمدا
بۇنىڭدىن 4 يىل ئىلگىرىكى گۈلنىسانى
كۆرگەندەك بولدۇم. ئەنە ئۇ دادىسىغا قا-
راپ يىغلاۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ھەسرەتلىك
كۆزى بىلەن كۆزۈم ئۇچراشتى، ئۇ ھاياتى-
دا تۇنجى قېتىم يېڭى كىيگەن ئايىغىنىڭ
ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ يىراقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.
راست، مەن ئۇنى خىيال قىلىشنى تولىمۇ
ياقتۇرىمەن. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ-
غا يېزىپ جاۋابسىز قايتىپ كەلگەن خەت-
لىرىمنى ئىزدەپ تاپتىم.
«سالام گۈلنىسا! مەكتىپىڭگە تىنچ-
ئامان بارغانسەن. سېنىڭ بۇ خېتىمگە
نېمىدەپ جاۋاب يېزىشىڭنى تولىمۇ بىلگۈم
كېلىدۇ. سەن ماڭىدىغان كۈنى مەن بىزنىڭ
ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، سېنىڭ ھويلاڭ-
دىكى ئەھۋالنى ئېنىق كۆردۈم. سېنىڭ
داداڭغا ئۆزۈڭنى ئېتىپ، ئەمدى مەن قان-
داقمۇ قىلارمەن دادا، جېنىم دادا، سىزدىن
ئايرىلىپ كۈنلىرىمنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەر-
مەن، دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىغان، كىچىك ئۇ-
كاڭ مەرداننىڭ كۆڭلىكىڭگە يۈزىنى يېقىپ
تۇرۇپ: ئاچا بىزگە خەت يازغىن، دەپ
گۈمچەيگەنلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرگەن. گۈلنىسا،
سېنىڭ داداڭنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىڭغا
ئىشىنىمەن. گەپنىڭ قىسقىسى، داداڭنى
ھازىر قانداق خۇشال قىلغان بولساڭ،
كېيىنمۇ شۇنداق خۇشال قىلغايسەن.
سەن بىلەمسەن، كىچىكىمدىن تارتىپ
سېنى ئەڭ يېقىن تۇغقىنىمدەك كۆرەتتىم.
بولۇپمۇ سېنىڭ كەمسۆز، ئېغىر-بېسىق
مىجەزىڭ ماڭا بەكمۇ ياقاتتى. لېكىن سەن
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن
بىز ئانچە كۆرۈشمەس بولۇپ قالدۇق.
مەن ئەمگەكتىن باش كۆتۈرەلمەيتتىم،
سەن ئوقۇش بىلەن ئالدىراش ئىدىڭ،
ھەتتا سەن ئوقۇشقا ماڭىدىغان بولغان ئارى-
لىقتا پاراڭلىشىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدۇق. خەير،
ئۇمۇ مەيلى، ئىش قىلىپ سەن بۇرۇنقىدەك
ئىرىشىپ ئۆگەن. داداڭدىن ئەنسىرىمە. مەن
ئۇنى ئۆز دادامدەك ياخشى كۆتىمەن.
ئاخىرىدا بىر گەپنى دەي؛ سېنى كۈتىمەن.»
مەن قولۇمدىكى خەت يېزىلغان ۋاقىت-
نىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ،
گۈلنىسا ئۆمرۈمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە
ئوقۇشقا كەتتى، مەن مانا مۇشۇنداق خەت-
لەرنى ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋەتىپ تۇردۇم.
بىراق يۈرەك قانلىرىمنى سىياھ قىلىپ ياز-
غان خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى. بىر كۈنى
ساكىنكام مېنى چاقىرىپ:
— قارا، دېھقان ئاخۇن، قىزىم گۈلنى-
ساخان خەت ئەۋەتىپتۇ، ئوقۇپ بەرگىنە —
دېدى. مەن بەكمۇ خۇشال بولدۇم. «سالام
مېھرىبان دادا، تېنىڭ ساقمۇ؟ ياخشى
تۇرۇۋاتامسەن؟ مەن كەلگىلى ئالتە ئايدىن
ئاشتى، لېكىن ئاران ئۆت قېتىم پۇل
ئەۋەتتىڭ. ئۈرۈمچى دېگەن بىزنىڭ ناھ-
يىدەك كىچىك يەر ئەمەس، ماڭساڭمۇ،
تۇرساڭمۇ پۇل لازىم بولىدۇ. مەن ھازىر
باللارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالدىم، ئۆتكەندە
ئالا ئۆچكىنى ساتقان بولساڭ، ئەمدى قارا

قوينى ساتساڭ بولمامدۇ...»

خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇشقا قۇربىم يەتمىدى، كۆزۈم پۇل، پۇل، دەپ قايتا- قايتا يېزىلغان بىر قۇر خەت ئۈستىدە توختاپ قالدى. ساكىنكام قىردا زوكۇزىيىپ ئولتۇرۇپ ساقىلىنى سىلىماقتا. ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئاپئاق ئاقارغان ئۇزۇن ساقال، ھۇرپىيىپ تۇرغان ئۆسۈك قاشلار، چانقىغا پېتىپ كەتكەن كۆزلەر، قىرى جىگدىنىڭ قوۋزىقىغا ئوخشاش چاك-چاك يېرىلغان يۈزلەر...

ساكىنكامنىڭ كۆزى قېتىپ قالغاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى. مەن ساكىنكامنىڭ ھالىغا ئېچىندىم ۋە:

— ساكىنكا، گۈلنساغا پۇل ئەۋەتسەڭ بولاتتى. مۇنداق قىلايلى، بىزنىڭ ئۈرۈكلۈك باغقا جىقلا چۆچۈك بۇيا ئۈنۈپ قاپتۇ، ئاتكىلىشمىچە ناھىيىدە ھەر كىلوسىنى 8 موچەندىن ئالارمىش. قوينى ساتماي تۇرۇڭ. مەن چۆچۈك بۇيا كولاپ پۇلىنىڭ يولىنى قىلاي، — دېدىم.

ساكىنكام ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ قوللىرى ھېلىقى خەتنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك تىترىمەكتە ئىدى.

گۈلنسا 13 يېشىدىلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆكىسى ئۇ چاغدا بىر ياشقىمۇ توشمىغان بوۋاق ئىدى. ساكىنكام ئۇلارغا ھەم ئاتا ھەم ئانا بولۇپ، تاپقان تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇلار ئۈچۈن سەرپ قىلىغانىدى.

ساكىنكام ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى مەن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇ يۈرىكىدىكى ئاچچىق يىغىنى كۈلكە بىلەن باسماقچى بولۇۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى ئۆھچەيگەندەك ئېچىنىشلىق ئىدى. مەن دەرھال باشقا تەرەپكە قارىۋالدىم.

ساكىنكام ئۆيىگە كىرىپ كېتىشى بىلەنلا باغقا كىرىپ بۇيا كولاشقا باشلىدىم. يىلتىزلار بىلەن تولغان قاتتىق يەر ھالىمنى قويمىدى. قولۇم ئۆزۈمدەك قاپىرىپ كەتتى، لېكىن بوۋاي ھەر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلسە، ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتىم. قىلغان ئەمگىكىم خېلىلا ئۈنۈملۈك بولدى. 53 يۈەنلىك چۆچۈكبۇيا سېتىپتىمەن. مەن پۇلنى كۆتۈرۈپ خۇشاللىق بىلەن ساكىنكامنىڭ ئۆيىگە كىردىم. لېكىن ئۇ قارا قوينى ئاللىقاچان سېتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گۈلنسادىن سىغىنىش خەتلىرى ئەمەس ھەرخىل سېلىقلار بىلەن تولغان بىر تالاي رەنجىشلەر كېلىدىغان بولدى. گۈلنسادىن كەلگەن خەتلەرنى ئاچقان چاغلاردا ساكىنكامنىڭ قوللىرى تىترەپ كېتەتتى، مانا بۇ قېتىم كەلگەن خەتنىمۇ ناھايىتى تەستە ئاچتۇق، بىراق بۇ خەت بىزنى خېلىلا خۇشال قىلدى، گۈلنسا تەتىل قىلىپ كېلىدىكەن.

ئۇ كەلدى، مەن ئۇنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. ئۇ بولتۇرقى گۈلنساغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچى ھازىر يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا غوزەمەك بۇدۇر چاچ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇغۇ مەيلى، يەنە تېخى كىيىملىرىچۇ. مەن ھېچقاچان ئۇنداق كىيىم كىيگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغان. ھەي، ئۇ بەكلا ئۆزگەرگەنىدى.

كۆل بويى. ئىككىمىز ئىككى تەرەپتە تۇرۇۋاتىمىز. مەن مۇشۇ كەمگىچە ئۆزۈمنىڭ كىيىملىرىمگە دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن. كۆلدىكى سايەم مېنى مەسخىرە قىلغاندەك لىڭشىۋاتاتتى. ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي بېشىمغا تۇماق كىيىپتىمەن، پۇتۇمدىكى كىرلىشىپ كەتكەن يىرتىق چوۇخەينىڭ ئۇچىدىن بارماقلىرىم كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مەن گۈلنسانىڭ مەنستىمەسلىك بىلەن قاراشلىرىدىن خىجىل بولدۇم ۋە شۇ ۋاقىتتا قەلبىمنى سوغۇق بىر سېزىم ئىگىلىدى.

بۇرۇلۇپ ئېتىز تەرەپكە ماڭماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا ساكىنىكام چېلەكنى كۆلگە چۆكۈردى. گۈلنىسا سۆگەتنىڭ تېلىنى ئويناپ، ئېرەڭسىزلىك بىلەن دادىسىغا قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

ھەي، گۈلنىسا دادىسىنىڭ قولىدىن چېلەكنى ئېلىپ سۇنى ئۆزى ئەكىرسە بىچارە دادا قانچىلىك خۇشال بولارىدى-ھە.

بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ئۆگزىگە چىقتىم. كاتەكتىكى كەپتەرلىرىم بۇقۇلداپ سايرىشىۋاتاتتى. ئاسمان بۇلۇتلۇق، بەلكىم كەچكىچە ئېچىلىپ قالار. ئۆگزىدە تۇرۇپ قارىغاندا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئەنە، مەن تونۇغۇن كۆرگەن زومچەك-زومچەك قورقۇنچلۇق قەبرىلەر، تاغ چوققىسىدىكى قىش-ياز ئېرىمەيدىغان قارلار، چېكى يوق چۆللۈك، ئۇ يەر-بۇ يەردە چوقچىيىپ تۇرغان پاكار ئۆيلەر، قاياقتىندۇر كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس-تۈتەك...

بىردىنلا قەبرىستانلىقتا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ يەردە بىر ئاق نەرسە يېپىلىپ تۇرۇپتۇ. سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ گۈلنىسا ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتىم. ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ بۇنداق پەرياد چېكىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيدى.

مەن ئۆتكەن يىلىدىن قالغان شال پاخاللىرى ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. پايانسىز ئاسمان مېنى چەكسىز خىياللارنىڭ قوينىغا سۆرەپ ئەكىردى.

ساكىنىكام كۈندىن-كۈنگە جۈدەپ، مۆكچىيىپ كېتىۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى سېلىق بىلەن تولغان خەتلەر ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. ئۇ، دەردىنى قوشلارغا، ئېتىزلارغا، دەل-دەرەخكە تۆكتى. بىراق ھېچكىمگە مېنىڭ دەردىم بار، دەپ ۋايسىمىدى. مەن بەزىدە ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرمەكچى بولۇپ گەپ باشلىسام، ئۇ:

— قويە دېھقان ئاخۇن، شۇنچىلىك ئىشلارمۇ ئەركىشىگە ھار كېلەمدۇ، بىر قىزنى ئوقۇتماق تەس گەپ ئەمەس، ئۇنى تېخى رازى قىلالمىدىم، — دەيتتى. گۈلنىسانىڭ ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدىكى خېتىنىمۇ ئۆزۈم ئوقۇپ بەردىم، لېكىن ھازىر مېنىڭ ئۇ خەتنى ئەسلىگۈم كەلمىدى. بوۋاي گەرچە مېنىڭ گۈلنىساغا پۇل ئەۋەتكەنلىكىمنى بىلمىگەن بولسىمۇ، گۈلنىسادىن كېلىدىغان خەتنىڭ ئازىيىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. گاھىدا، دېھقان ئاخۇن، گۈلنىساخانىدىن پۇل ئەۋەت دەپ خەت كەلمىدى، ئۇ بەك ئىنسابلىق بالا بولدى جۇمۇ، دەپ قوياتتى.

مەن بوۋاينى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئاتا-ئانامغا بىلدۈرمەي پۇل يىغىپ گۈلنىساغا ئەۋەتىپ تۇردۇم. ئەمما ئۇنىڭ بىر قېتىملىق «سېلىقى» غا مەنمۇ ئامال قىلالمىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن ساكىنىكام ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ بىرىنى بۇزۇپ ياغىچىنى ساتماقچى بولدى.

ئىككىمىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىشقا باشلىدۇق. مانا، يېرىمىنى ئېچىپ بولدۇق. يەنە ئازراقلا ئاچساق تۈگەيتتى، بىراق ساكىنىكام ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇنۇق ياغاچقا دەسسەپ سالدى ... شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلىسەم يۈرىكىم مۇجۇلدۇ. ساكىنىكامنى ئەتىسى چۈشكە يېقىن يەرلىككە قويدۇق. ئۇنىڭ بىردىنبىر ھازىدارى مەن ئىدىم. مەردان مېنىڭ ئۈنسىز بۇقۇلداپ يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتى، نېمىشقا يىغلايسەن، دادام ھېلى كېلىدۇ، دېمەكچى بولغاندەك ماڭا كۆلۈمسىرەپ قاراپ قوياتتى.

بىر كۈنى دادام بىلەن ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. بىردىنلا گۈلنىسانىڭ

سومكا كۆتۈرۈپ هويلىسىغا كىرىپ كېتىـ
ۋاتقانلىقـىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ دادا!
دادا! دېگەن تونۇش ئاۋازى يۈرىكىمـىنـى
جىغىلدىتىۋەتتى. ئۇ، بىزنـى كـۆرگەنـدىن
كېيىن سالاملاشماستىنلا:

— دادام قېنى، نېمىشقا ئالـدىـمىـغا
چىقمايدۇ؟ — دېدى.

— هە، سىز دادىڭىزنى سېغىنىپسىز-
دە، يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى
دادام زەردە بىلەن. مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلـ
دى. ئۆيگە ئىتتىككىرىپ كەتتىم.

توخۇلارنىڭ قاقاقلىشى، كەپتەرلەرنىڭ
غۇقۇلدىشى مېنى يەنە خىيالدىن ئويغاتتى.
ئورنۇمدىن تۇرۇپ گۈلنىسانىڭ هويلىسىغا
قارىدىم. گۈلنىسا قەبرىستانلىقتىن ئەمدىلا
قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ. ماغدۇرسىز پۇتـ
لىرىنى ئاران - ئاران يۆتكەپ، قىڭغىيىپ
قالغان ئىشىكنى كۈچسىز ئىتتىرىپ ئۆيگە
كىرىپ كەتتى.

داستىخان ئۈستىدىكى مەززىلىك چۆ-
چۈرە مەيلىمنى تارتالمىدى. بىر چىنە ئاشـ
نى كۆتۈرۈپ گۈلنىسانىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمـ
دە ئۇ دادىسىنىڭ چاپىنىنى قۇچاقلاپ، سۇپا
ئۈستىدە هالسىزلىنىپ ياتقانىكەن.

— گۈلنىسا، ئورنۇڭدىن تۇرغىنـا، بۇ
ئاش سوۋۇپ قالمىسۇن، ئىسسىق پېتى ئە-
چىۋال، — دېدىم. ئۇ ئىششىپ قىزارغان كۆز-
لىرىنى ماڭا ئاغدۇردى - يۇ، ئىتتىك ئېلىپ
قاچتى. لېكىن ئۇنىڭ بىچارە هالىغا قاراپ قەلـ
بىمنىڭ تۆت يىل ئاۋۋالقى چۇقانلىرىنى قايتا
ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

— گۈلنىسا، سېنىڭ هازىرقى ئەهۋا-
لىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. كۆپ قايغۇر-
مىغىن. ئەمدى ئۇكاڭنى ياخشى ئوقۇتۇپ،
ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمىسەڭلا داداڭنىڭ
روهـى قورۇنۇپ قـالمايـدۇ. داداڭ سېنى
چوقۇم كەچۈرىدۇ، گۈلنىسا، — دېدىم.

ئۇ تـاتارغان يـۈزلىـرىـنى ئورۇق
قولـلىـرى بىلەن بىر سىـلاپ قويۇپ، گەز
باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاستا مىدىرلاتتى.

— دادام مېنى جېنىدىن ئەزىز كۆ-
رەتتى، شۇڭا مېنـى كەچۈرۈشى مۇمـكىـن،
ئەمما مەن ئۆزۈمنى كەچۈرمەيمەن. بىر ئۆ-
مۈر هەسرەت - نادامەتتە ئۆتىدىغان بولدۇم.
ئاه دېهقان ئاخۇن، سەنمۇ مېنى كەچۈرمە،
مېنى كەچۈرمە!

— ياق، ئۇنداق دېمە، ئەمدى هـا-
ياتىڭنى يېڭىدىن باشلا، ئەگەر مېنى ها-
ياتلىق سەپىرىڭدىكى ياردەمچىم دەپ ئوي-
لىساڭلا مەن سېنى كەچۈرۈمەن گۈلنىسا.

مەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان
چېچىنى تۈزىدىم. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى.

— دېهقان ئاخۇن، سەن بەك ياخشى،
سېنىڭ خەتلىرىڭنى جاۋابسىز قالدۇرغىنىمغا
بەك خىجىلمەن.

مەن قولۇم بىلەن ئۇنىڭ ئاغـزىـنى
توسۇۋالدىم. ئۇ گۈپ قىلىپ ماڭا ئۆزىنـى
ئاتـتى ۋە ئاه دادام، ئاه دادام، ئېـسـت
مېهرىبان دادام، دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى. مەن
ئۇنىڭ ئورۇق قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تەسەل-
لىي بېرىشكە باشلىدىم. شۇ چاغدا تۇڭلۇكتىن
بىر قۇش ۋىچىر - ۋىچىر قىلىپ سايراپ ئۆ-
تۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سايراشلىرى ماڭا:

هاياتلىقىمدا ئەتمىدىڭ ياد،
ئۆلگىنىمدە چەكمە پەرياد.

دېگەن مىسرالارنى ئەسلەتتى.

مەسئۇل مۇهەررىر روزىمەهەممەد جۇمە

مەھمۇت زەيدى

# شېئىرلار

## مەن ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن

مەن ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن،
مېنىڭدىن قالمىدى نە ياخشى مىراس.
ئەۋلادلىرىم، مېنىڭ زاماندىشلىرىم
باغلىغان ئىدىغۇ ماڭا چىن ئىخلاس.

مەن ئۆمرۈمنى زايە قىلغان ئىنسان مەن،
ئەۋلادقا قالمىدى تەۋەررۈك ـ مىراس.
ئۆتمۈشۈم ئويلىسام كۆيۈپ يانىمەن،
ئۆزۈمنى شائىر دەپ ئەيلىسەم قىياس.

داۋاندىن ئۆتكەندەك ئۆتتۈم جاھاندىن،
كەينىمدە قالماپتۇ بىرەر بەلگە ـ ئىز.
بۇلبۇل كەتكەندەك چىمەن ـ بوستاندىن،
قالماپتۇ نەبىرەر ناخشا، ياخشى سۆز.

مەندىن قالدى پەقەت ئانا دىيارغا،
تېخى ئاقلانمىغان بۇرچ ـ مۇھەببەت.
پەرزەنتلىرىم يىغىپ ئۈمىتتىم ئۇلارغا،
ئۈمىدۋار، غەيرەتلىك بولۇڭلار ئەبەت.

بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم يېرىم ئەسىرنى،
ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم قانچە دەۋرنى.
يەتمىدىم ياشلىقنىڭ قەدرىگە زىنھار،
بىلمىدىم، يوقاتتىم ئېسىل گۆھەرنى.

ئەسلىدىم زاماندىش، كەسىپداشلارنى،
قالدۇردى ئەۋلادقا قانچىلىك مىراس.
يەتكەچكە ياشلىق ھەم ۋاقىت قەدرىگە،
بولۇشتى دېڭىزدا ئۈزگۈچى غەۋۋاس.

مەن ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن،
پۈتتى سەپەرمۇ، يەتتىم مەنزىلگە.
ۋە لېكىن يەتمىدىم كامالەتكە مەن،
پۇشايمان يۈرەكنى سالدى زىلزىلگە.

## قاقشال دەرەخ كۆكەردى

بوۋاي خۇشال، كۆزىدە يېشى،
ئاجايىپتۇر، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى.
ئەسلىتىدۇ ئېغىر يىللارنى،
قاردەك تال ـ تال ئاقارغان چېچى.

نازۇ ـ نېمەت يېيىلگەن داستىخان
جەم بولۇشقان تۇغقان ئەل ـ جەمەت.
بوۋاي ئەسلەپ ئېغىر يىللارنى،
چاناقلىرىدىن ياش كەتتى شۇ پەيت.

ئېلىپ كەتكەن دولقۇنلۇق يىللار
بالىسىنى ئۇزاق بىر ئەلگە.
شۇندىن بۇيان بوۋاي ناتىنچ
چۆككەنىدى ھەسرەتكە ـ غەمگە.

بۈگۈن دەۋر راۋرۇس ئۆڭشىلىپ،
قاقشال دەرەخ قايتا كۆكەردى.
ئۈگىسىغا باھاردا قۇشلار
قايتقىنىدەك پەرزەنتى كەلدى.

شۇڭا چالنىڭ كىرپىكتە يېشى،
سۆزلەلمىدى، سوۋۇدى ئىشى.
دەر: مۇراتقا يەتكۈزدى بىزنى
كومپارتىيە ــ بەختىمىز بېشى.

**بالا ئىدى**

بالا ئىدى كەتكەن چېغىدا،
قايتىپ كەلدى بالىلىق بولۇپ.
نوتا ئۆسۈپ يىللار قوينىدا،
مېۋە بەرگەندەك ۋايىغا تولۇپ.

ئاتا ـ بالا ـ نەۋرە تەشنا قەلب،
شۇنداق شېرىن كۆرۈشۈپ كەتتى.
قۇچاقلىشىپ بىرى ـ بىرىنى،
ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ كەتتى.

گۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىت،
ھەممىسىنى باسقان ھاياجان.
بىر ـ بىرىگە تويمايتتى قاراپ،
تومۇرلاردا ئۇزەر ئىسسىق قان.

تويماي بىر ھازا قاراشتى ئۇلار،
بىر ـ بىرىگە قېنىشتى ئۇلار.
ــ چارەك ئەسىر ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
دېگەن سۆزنى دېيىشتى ئۇلار.

ئاتا ـ بالا ـ نەۋرە باھاردا،
قۇچاقلاشتى شادلىق دىلىدا.
گۈل ـ گىياھلار چېچەكلەر ئېچىپ،
كاككۇكلار يەنە كەلگەن چېغىدا. ١

**يالقۇن ئۆمەر**

## ئىككى غەزەل

### كۆزلىرىڭ

سۆيگۈنى ئەيلەپ لاۋا يافتى يۈرەككە كۆزلىرىڭ،
ھەسرىتىم، زارىمنى ئۆرلەتتى پەلەككە كۆزلىرىڭ.

ھەر بېقىشتا ئېرىتىپ قەلبىمنى گويا شامىسىمان،
شوخ تىلىمنى قىلدى ھەم كەلمەس كېرەككە كۆزلىرىڭ.

چىن ساداقەت بابىدىن يازدىم ئاتاپ ئەشئارىنى
تۆگىمەس ـ پۈتمەس مادار بەردى بىلەككە كۆزلىرىڭ.

بىغۇبار ئارمانلىرىمنى كۆلدۈرۈپ قەلبىم ئارا،
ئىپتىخار زوقۇمنى ھەم يەتكۈزدى چەككە كۆزلىرىڭ.

قاپقاراڭغۇ دىل خانەمگە يوپيورۇق نۇرلار چېچىپ،
باشلىدى ھەردەم مېنى ئۇتلۇق تىلەككە كۆزلىرىڭ.

## ياشمەن

ۋەتەنىنىڭ قوينىدا بۇلبۇل كەبى شوخ سايرىغان ياشمەن،
بەختلىك بوپ زامانەمدە دىلى زەپ يايرىغان ياشمەن.

يۆلەكداش ئۆز ئانام ـ دەۋرىم، غېمىم يوق شۇڭا ھېچ ئىشتىن،
مىسالى ياش كۆچەت ئوخشاش باراقسان ئاينىغان ياشمەن.

چىقارمەن كۆككە پەرۋازلار قىلىپ دەۋرىم قانات بەرگەچ،
قۇچۇپ غەلىبە كۆرەشلەردە سەپەردە ھارمىغان ياشمەن.

گۈزەل ئارزۇ چېچەك ئاچتى بۈگۈن قەلبىم باھارىدا،
ساما قوينىدا ئەختەردەك جۇلالاپ پارلىغان ياشمەن.

غالىب قۇربان

## يېشىل ياپراق بەرگىدە شەبنەم

### سەھرادا سەھەر

لەيلەپ يۈرەر ئاپئاق تۇمانلار
ياپراقلارغا بېرىپ كۈمۈش نۇر.
سەلكىن شامال قوغلار تۇماننى،
ئۇپۇق يۈزى كۆرۈنەر قوڭۇر.
نەلەردىندۇر كېلەر ۋىچىرلاش،
بۇلبۇل كۈيى بېرىپ چەن ھۇزۇر.

شىلدىرلىغان سۈزۈك كۈمۈش سۇ،
يەر جىسمىغا كېتىدۇ سىڭىپ.
يېشىل ياپراق بەرگىدە شەبنەم،
تاتلىق تۈيغۇ بېرەر تەۋرىنىپ.
دېھقان كېتەر كۆزگى ئېتىزغا،
توپا يولغا يەڭگىل ئىز سېلىپ.

توپا يولدىن ئۆرلىگەن توزان،
يوقاپ كېتەر بوشلۇققا سىڭىپ.
كېلەر بىر خىل رىتىمدا پادا
سۈكۈتنى سەھەرنىڭ يېرىپ.
سەركە تاخلاپ قويىدۇ بەزەن،
پادىسىغا بىر خىل كۆز سېلىپ.

ھەجەب گۈزەل سەھرادا سەھەر،
پاك دىللارغا بېرىدۇ ھۇزۇر.
ئېتىز باغرى، داڭگال چالمىسى
كۆرۈنىدۇ كۆزۈڭگە بوپ دۇر.
پادا توپى، قۇشلار ناۋاسى،
ئويغىتىدۇ قەلبىڭدە غورۇر.

### مۇھەببەت

قۇياش پېتىپ ئاي چىققاندەك گوياكى كۆككە،
ئۇ يېتىلەر پاك يۈرەكنىڭ قېتىدا يۇمران.
سايە ئوخشاش چۆگىلەيدۇ غەم ـ قايغۇ، كۆلكە،
يېتىمسىراپ قالمىسا ئۇ يېتىلەر ئوبدان.

مەن ئۆزاتتىم بارمىقىمنى گىتارغا بۇدەم،
ئۇ كېتىدۇ ناخشىلارغا يۆگىنىپ مەھكەم.
ناخشىلارنىڭ مۇڭلىرىغا ئۇدۇر مۇجەسسەم،
ئۇ سالدۇرار يۈرەكلەرنى ئويىنىتىپ ھەردەم،

مەن كۈيلىدىم دىلدارىمنىڭ ياقۇت لېۋىنى،
شاۋقۇنلارنى كۆلكىسىگە ئوخشىتىپ دائىم.
ھېچ قانمايمەن ئاشىقلارچە يادلاپ نامىنى،
سۇمبۇل چېچى مەجنۇنتالىم، كۆزلىرى ماھىم.

قۇياش پېتىپ ئاي چىققاندەك گويا كى كۆككە،
ئۇ يېتىلەر ئادەملەرنىڭ قەلبىدە يۇمران.

سايە ئوخشاش چۆگىلەيدۇ غەم ـ قايغۇ، كۈلكە،
يېتىمسىراپ قالمىسا ئۇ يېتىلەر ئوبدان.

**مېھراي مۇھەممەت**

## قەلبىمدىكى ناخشىلار

### گۈزەللىك ئالىمەن دالىلار سەندىن

هاياتقا كۆز ئېچىپ ساڭا باش قويدۇم،
دالىلار سەن مېنىڭ بېغىم گۈلزارىم.
ئالىمەن قەلبىمگە شادلىقنى سەندىن،
بىر ئۆمۈر ئۆزۈك كۈي، ئۈزۈك دۇتارىم.

بىلمىدىم ئۆتتىكەن قانچە كېچىلەر،
ھېكمەتلىك باغرىڭغا كۆكسۈمنى يېقىپ.
زوق ئېلىپ نەۋ باھار گۈزەل تاڭلاردىن،
يايرىدىم ئىلكىڭدە قاناتلار قېقىپ.

سۆيگىلى نۆۋەتتە گۈل باھار بىلەن،
قىش ئاتلىق مېھمىنىڭ تۆكەر ئاق چېچەك.
تولسا قۇم شىكەرگە دالىلار، قوينۇڭ،
گۈل ـ گىياھ قامىتى كىيدى ئاق لىچەك.

ئېغىناپ چوڭ بولدۇم قۇچاقلىرىڭدا،
سەن سالدىڭ ئاستىمغا چىمەندىن زىلچە.
گۈل تەردىم قىرلاردىن مۇھەببەت بىلەن،
سەن بەردىڭ دىلىمغا شادلىقنى شۇنچە.

تەر تۆكسەم ئەجرىمنى ئۇلۇغ دەپ بىلدىڭ،
دۆردۇنلار كىيگۈزۈپ ئۈستى بېشىمغا.
ۋاپىغا يەتكۈزدۇڭ بەردىڭ رىزقىمنى،
چوڭ قىلدىڭ جان قوشۇپ مېنىڭ جېنىمغا.

گۈزەللىك بېغىشلاپ تاڭلار ھۆسنىگە،
گۈزەللىك ئالىمەن دالىلار سەندىن.
شەبنەم بولۇپ باغرىڭغا سىڭىپ كېتىمەن،
چېچەكلەر ئۈندۈرۈپ قەدەملىرىمدىن.

### يېشىللىق ناخشىسى

گۈل تۇتۇپ ۋادىغا كەلدى گۈل باھار،
تارىتىپ ئىپار ھىد تىنىقلىرىدىن.
جىلمىيىپ باھارغا كۈلكە ياڭراتتى،
كەڭ دالا شوخ ئېقىن ـ ئېرىقلىرىدىن.

قاپلىدى ھەر ياقنى تامام يېشىللىق.
جىلۋىدار بىر تۈسكە كىردى يەر جاھان.
كۆكسىدىن سەپ تۈزۈپ ئۆتسە ئاھۇلار،
كۈي تۇتتى شادلىقتا بىپايان ئاسمان.

ئورمانلار شاۋقۇنى ياڭرىتار ناخشا،
بىر لېرىك ئاھاڭغا قاتار مېھرىنى.
ئويغىنىپ ئۇزاقتىن ئۇخلىغان زېمىن،
گۈل قىسىپ قۇياشقا ئاچتى چېھرىنى.

نەگىلا قارىسام رەڭگا رەڭ گۈل ـ گۈل،
ياشلىقىم گۈللەرگە كەتتى قېتىلىپ.
شەبنەمگە ئايلانغان غەزىلىم مېنىڭ،
بەرگىمدىن تۇپراققا كەتتى سىردىلىپ.

**ھوجى ئابدۇللا ناسرى**

## قايرىلىپ قارايدۇ بىر گۈزەل بويان

كۆزۈمنىڭ ئالدىدا نەپىس بىر سۈرەت،
يىراقتا قارلىق تاغ، پەستە چىغىر يول.
چىغىر يول ئۈستىدە تۇرىدۇ شۇ تاپ،
ئاجايىپ جىلۋىدار چىرايلىق بىر گۈل.

گۈل دېدىم، ئاداشتىم، كۆزۈم ئالدىدا،
بىر گۈزەل تۇرىدۇ قايرىلىپ توختاپ.
كۆزلىرى بوياقتا، ئەمما ۋۇجۇدى،
سەپەرگە ئالدىراپ تۇرىدۇ شۇ تاپ.

قىيالماي تۇرار ئۇ (بۇنىسى ئېنىق)
نېمىشقا بېشىغا كەلگەندۇ ھىجران؟
ئاسان ھەم قىيىندۇر بۇ بىر تېپىشماق،
مۇشۇنداق سىر بىلەن گۈزەل بۇ جاھان.

**تۇرسۇن موسا**

## شېئىرلار

### چېچەكلىگەن ئارمانلار

(قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلغانلىقىنىڭ
35 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

بەخت تاپقان ئارمانلىرىم قەلبىمدە،
تورغىيىگىدەك تىنماي چۇقان كۆتۈرەر.
ئاي يۈزلىكىم سۆيگەن كەبى مەكتۇبىمگە،
شاماللىرىڭ ئىللىق سۆيۈپ ئۆتىشەر.

ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن بۈيۈك خىسلىتىڭ،
تاغلار كەبى تىك تۇرۇشنى ئۆگەتتى.
يۇلغۇنلاردىن ئۈلگە ئالغان ياشلىقىم،
جۇت مۇزلارغا بوي بەرمەسنى ئۆگەتتى.

بارخانلىرىڭ سۆزلەر نۇرغۇن رىۋايەت،
كۆلۈشىدىن ھايات تاپار مۆجىزات.
چېچەك ئېتىپ سېنىڭ بەختىڭ ئارمىنىڭ،
قىلماقتا رام ئەلنى بولۇپ پەرىزات.

قىممەت باھا تۇپرىقىڭنى قۇچاقلار،
مۇھەببەتلىك بېقىش بىلەن زەر قۇياش.
تۆكەر تۈندە سىرلىرىنى يۇلتۇزلار،
گويا تۈندە سىرداشقاندەك ئىككى ياش.

يوشۇرۇنغان سەندە ئەجەب خاسىيەت،
تەبىئەتمۇ ساڭا ئېچىل شۇنچىلىك.
تۇمۇزۇڭ ھەم بورانلىرىڭ ئالامەت،
ئۆزگە يۇرتتىن بۆلەكچىلا پەرقلىق.

ۋىشكىلىرىڭ يىگىتىڭدەك زەبەردەست،
ھۇرمىتىڭگە كۆپ تۆكىدۇ بۇلاقلار.
سەندە كۈلگەن ئەلنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى،
قۇچىقىڭدا ياڭرار مۇقام-قوشاقلار.

كاچالكىلار سالام بېرەر ھارماستىن،
ئىشچانلارنىڭ قۇدرىتىگە قايىل بوپ.
كەلگەنلەرنىڭ كەلمەس ھەرگىز كەتكۈسى،
بۇندا يۈرگەن پەرىلەرگە مايىل بوپ.

## كىمدۇ ئۇ؟

سەھەر باغدا جىلۋە قىلىپ قېشىنى ئاتقان كىمدۇ ئۇ؟
نازى بىرلە يۈرىكىمگە ئوتنى ياققان كىمدۇ ئۇ؟

لەتاپىتىدىن تەسۋىرلەشكە لال بولىدۇ ناۋايى،
تىنىچ كۆلدەك ۋۇجۇدۇمنى داۋالغۇتقان كىمدۇ ئۇ؟

ئون سەككىز يىل ئۆتۈپ بولدۇم ئەمدى ئاشىق سەۋدايى،
مېنى ئوشبۇ كۈنگە قويۇپ كېتىپ قالغان كىمدۇ ئۇ؟.

ۋادەرىغا، بۇ ھالىمغا كىمدىن تىلەي ئىلتىجا،
ئايا دوستلار، دەرتلىرىمگە بولغان دەرمان كىمدۇ ئۇ؟

**ياسىن ئىسمايىل**

## ئىككى شېئىر

### سۆيگۈ دېگەن بولىدۇ پىنھان

قىلمىغىن سەن ئىشقىمنى ئاشكار،
سۆيگۈ دېگەن بولىدۇ پىنھان.
يامان كۆزلەر سۆيگۈ بېغىنى،
ۋاقىتسىزلا قىلمىسۇن خازان.

ئىككىمىزنىڭ مۇراد ـ ئىقبالى
سىر ئىچىدە ئاچىدۇ چېچەك.
قۇدرەتلىكتۇر ئىنسان جاھاندا
كۆرۈنمەستىن سوققاچقا يۈرەك.

### سىرلىق كۆي

كۆز تاشلايدۇ يۇلتۇزلار
ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاققا.

يورۇتار ئاي ئەتراپىنى
ئوخشاپ نۇرلۇق چىراغقا.

راۋاب كۈيى تارقىلار
ئاي نۇرىدەك ئەتراپقا.
ھېچكىم كەلمەس نېمىشقا
بولۇپ تەشنە راۋابقا.

كۈي ياڭراتقان كىم دېسەڭ
يىگىت ئەمەس قېرى ـ چال.
ئويلايدۇ ئاي:
قېرىغا
راۋاب چېلىش نېمە ھال؟

بىلمەيدۇ ئۇ قېرىنىڭ
پۈتمەس يۈرەك دەردىنى.
بەجايىكى سۇرەر ئۇ
گۈل ياشلىقنىڭ پەيزىنى.

**ھاجى ئەخمەت**

## ئالەم گۈزەل، گۈل گۈزەل

### چايقىلىدۇ گۈللەر دېڭىزى

تاڭ سەھەردە گۈل پۇراپ،
باغ ئىچىنى كېزىمەن.
گۈلزارلىقنى ئارىلاپ،
گۈلدەستىلەر تىزىمەن.

بۇندا سانسىز گۈل ـ غۇنچە،
ئۆزگىچە شاخ بەرگى بار.
ھەر چىمەننىڭ ئۆزگىچە،
پۇرىقى ھەم رەڭگى بار.

سالسام نەزەر زوقلىنىپ،
ئالەم گۈزەل، گۈل گۈزەل.
بۇلبۇل كەبى شوخلىنىپ،
ياڭرىتىمەن كۈي ـ غەزەل.

گۈلزار گويا بىر دېڭىز،
ھوزۇرلىنىپ ئۈزىمەن.
ئىلھامىمدىن تىنىمسىز
يېڭى شېئىر تۈزىمەن.

### لالە

ئاق لالە، قىزىل لالە،
قەددى زىلۋا مەردانە.
كۈن نۇرىدا يۇيۇنۇپ،
نۇر پەردىگە ئورۇنۇپ.
سۇمباتلىق ئۇز قىز كەبى،
جۇلالايدۇ توز كەبى.

ئاق لالە، قىزىل لالە،
قۇياش ئاڭا غەمخانە.
ئۆز قىزىدەك كۆيىدۇ،
ماڭلىيىدىن سۆيىدۇ.
ئەركىنى ئۇ چىمەننىڭ،
گۈزەل كۆركى گۈلشەننىڭ.

### گۈلياسىمەن

ھەي گۈلياسىمەن، گۈلياسىمەن،
گۈلۈڭ ئوخشار شاتۇتقا.
ساغلام ئۆسۈپ ياشنايسەن،
قانساڭ سۇغا، ئوغۇتقا.

خازان پەسلىنى يەتمەيدۇ،
ئۇلىنچى ئاي ئۆزدىماي.
كەچكۈزگىچە جۇلالاپ،
تۇرار گۈلۈك توزدىماي.

## خىنا گۈل

بوغۇم - بوغۇم بىغىشلىرىڭ،
بۇدرۇق غولۇڭ بار.
نۆۋەتلەشكەن ياپراقلىرىڭ،
قىزغۇچ تونۇڭ بار.

گۈلۈڭ قىزىل، سۆسۈن، ئاق،
شەكلى يالاڭقات.
سەن بولغاچقا، گۈلزارلىقىم،
كۆركەم ۋە ئاۋات.

ياز بېشىدىن كەچكۈزگىچە،
گۈلۈڭ خوردىماس.
ئاپەتلەرگە بەرداشلىق قىسەن،
نەسلىڭ قۇردىماس.

## تاجىگۈل

يارىشىپسەن ئۆزگىچە،
بىزنىڭ گۈزەل باغچىغا.
گۈللىرىڭ توم، ياپىلاق،
ئوخشار خوراز تاجىغا.

سارغۇچ، قىزىل ھەممە ئاق،
ئېچىلىسەن رەڭمۇرەڭ.
مەزمۇتلۇقتا ھېچبىر گۈل،
كېلەلمەيدۇ ساڭا تەڭ.

## لەيلىقازاق

لەيلىقازاق، گۈللەر ئارا،
ئېگىز بويۇڭ بار.
بوران - چاپقۇن سۇندۇرالماس،
مەزمۇت غولۇڭ بار.

نەگە چۈشسەڭ ئۆسەلەيسەن،
ئورۇن تاللىماي.
ناچار مۇھىت - شارائىتتىن،
قورقۇپ زارلىماي.

سېنى ئەلگە مەشھۇر قىلغان،
ئاشۇ ئەۋزەللىك.
يول بويىدا شەھىرىمىزگە،
قوشتۇڭ گۈزەللىك.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

چاۋجىڭگو (شىبە)

# ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن

(ھېكايە)

شۇجىنىڭ دەسلەپكى سوئالى ھەممەيلەننى ئوبدانلا قىزارتىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئاخىرقى سوئالى فۇجۇرىنى بەكرەك ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

فۇجۇرى يېنىدىن پارقىراپ تۇرغان بىر قاپ تاماكا چىقاردى. ئاندىن كىملەر ماڭا سەپ سېلىۋاتىدۇكىن دەپ ئەتراپىغا بىر قۇر تەكشى قاراپ چىقتى، شۇجىنىڭ سوئالى ئېغىر كەلگەنمۇ، ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. بىرەرسى ئۇنىڭغا قارىغان بولسا، ئۇ چوقۇم سېخىيلىق قىلىپ بۇ داڭلىق تاماكىدىن بىر تال تۇتقان بولاتتى. فۇجۇرى ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولۇپ ئۆيگە كەتمەستىن قانداقسىگە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئويلىدى ۋە پۇشايمان قىلدى.

ھەممە ياق قاپقارا بولۇپ تولىمۇ سۆرۈن كۆرۈنەتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ چىققان شامال كۈللەرنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۈستىبېشىغا سېپەتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردە تېخىچە كۆيۈۋاتقان يوغان دەرەخ كۆتەكلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش ئىسلار ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەتراپقا يېيىلاتتى، ئۆزىنىڭ ھۆسنى بولغان يېشىللىقىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ بىر پارچە يەر غەربكە قايرىلغان كۈن نۇرى ئاستىدا ئادەمدە قاتتىق كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغان قارامتۇل رەڭگە كىرىپ بوزىرىپ ياتاتتى، بۇ يەردىكى ھاياتلىق كۈلگە ئايلانغانىدى. ئادەمنىڭ دىمىقى تۇتۇلغۇدەك بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، تۈنۈگۈندىن بېرى ئوت ئۆچۈرۈش بىلەن بولۇپ ھېرىپ-چارچىغان ئادەملەر ئەتراپنى قايتا-قايتا كۆزىتىپ خەۋپ قالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرۈشۈپ ئىككى كۈندىن بېرى ئايرىلغان ماكانلىرىغا قاراپ كېتىشكەنىدى.

ئون نەچچە ئەر خۇددى كېلىشىۋالغاندەك، شۇجىنىڭ كەينىدىن جىمجىت ئەگىشىپ ماڭغانىدى. يېشى خېلى يەرگە بېرىپ قالغان شۇجىمۇ ئوبدانلا ھارغان، ئەمدى ئۇنىڭدا ئوت ئۆچۈرۈۋاتقان چاغدىكى جىددىيلىك، چاققانلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭغا ھازىر يۇمشاق، تىنچ جاي بولغان بولسا، يېڭىدىن دەملەنگەن چايدىن قىزىق-قىزىق ئوتلاپ بىردەم يان-

پاشلىسا تازا ياخشى بولاتتى، ھېچكىم نەگە، نېمىگە كېتىپ بارغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى، ئۇلا ئوت كەتكەن مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇلىرى تىنچ ئاقىدىغان ئۆستەڭنىڭ ياقىسىغا كەلگەندە توختىدى. سۈزۈك ئاقىدىغان ئۆستەڭ سۈيىنى ئىككى قاشتىن تۈزۈپ چۈشكەن كۆل-كۆيۈندىلەر بۇلغۇۋەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ سۇ ئوتلىرى، ئۇياقتىن بۇياققا غۇيۇلداپ ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقچانلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھەممىسىنى ئېغىر خىيال باسقان ئىدى. چىرايلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، ئارازلىشىپ قالغاندەك بىر-بىرىنىڭ يۈزىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى، ئۇلارنىڭ يۈز-كۆزلىرى، ئۈستىبېشى ئىس-قۇرۇم، كۆلگە دېلىنىپ خۇددى ھازىرلا خاك تېگىدىن چىقىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭكىدەك بولۇپ قالغان، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى، بەزىلەرنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقى، بەزىلەرنىڭ چاپىنىنىڭ كەينى كۆيۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھېچكىم قولىنى سوزسىلا سۇغا يېتىدىغان ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپمۇ يۈز-كۆزىنى يۇيۇشنى ئويلىمايتتى.

شۇجى ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، ئۇ چېچىلمىدى، تاپا-تەنە قىلمىدى، ھەتتا قوشۇمىسىنى تۈرۈپمۇ قويمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك دېمى ئىچىگە چۈشۈپ شۈك ئولتۇرۇشاتتى، ئەيمىنىپ قارىيالمايتتى.

— ئەترەت باشلىقى بولمىسا، سىلەر ئەترەتنى كېرەك قىلمايتتىڭلارمۇ؟

شۇجى ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا جىددىي خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بىلەتتى.

— ئورماننىڭ شۇنچىلا يېرى كۆيۈپ بولغۇچە ھېچقايسىڭلار سەزمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر شۇنچىلىك بىخۇدلىشىپ كەتتىڭلارمۇ؟

يەنە جىمجىتلىق باشلاندى، ھەممەيلەن شۇجىنىڭ تەنقىدىگە قايىل ئىدى. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، ئەمەلىي پاكىت شۇنداق تۇرسا كىم بىر نېمە دېيەلىسۇن.

شۇجى دەيدىغاننى دەپ بولدى، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ مېڭىشقا تەييارلاندى.

— بۇ ئەترەتتە پارتىيە ئەزاسى بارمۇ؟ — سوراپ قالدى شۇجى ھېچكىمگە قارىماي تۇرۇپ.

فۇجۇرى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، بۇ ئاۋاز خۇددى باشقا بىر ياقتىن جاراڭلىغاندەك ئىتتىك ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى، بەختكە يارىشا ھېچكىم ئۇنىڭغا قارىمىدى، ھەممە ئىش تۈگىگەندە بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى ئۇ زادى ئويلاپ باقمىغانىدى. راست ئەمەسمۇ، ئورمانغا ئوت كېتىش بىلەن پارتىيە ئەزاسىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن، ئۇ ئۆز-ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشاتتى.

ئوت ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئورماندىن خېلى يىراقتىكى سازلىقنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغانىدى، ئۇ يەردە قويكالا بېقىۋاتقان بىر توپ بالا ئېتىزلارنى تىلغاپ يۈرۈپ تېرىپ ئەكەلگەن ياڭيۇ، قىزىلچىلارنى پىشۇرۇپ يەيمىز دەپ ئوت ياققانىدى، ئوت دەسلەپتە سازلىقنىڭ ياقىسىدا باش كۆزنىڭ ھاۋاسىدا ئەمدىلا قۇرۇشقا باشلىغان پاكار قومۇچلارغا تۇتاشقانىدى، شۇ چاغدا شامال ئوتنى دەريا تەرەپكە ھەيدەپ ماڭغاچقا خەتەر بولۇپ كۆرۈنمىگەنىدى، بۇنداق ئىشلار يىلىدا كۆز-ئەتىيازدا بولۇپ تۇرغاچقا كۆرگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا پەسەنت قىلىشمىدى، بىراق ئوت سۇغا يېقىنلىشىپ ئۆچۈپ قالاي دېگەندە، توساتتىن غەرب شامىلى چىقىپ ئوتنى دەر-

يا ياقىسىدىكى يىكەن - قومۇشلارغا تۇتاشتۇ-
رۇپ هايال ئۆتمەيلا تەبىئىي ئورمان - تو-
قايلىققا، ئاندىن يېڭى بىنا قىلىغان ئورمانغا
هەيدەپ ماڭدى.

مانا شۇ چاغدا ئەترەت باشلىقىنىڭ
يوقلۇقى تازا بىلىندى. يەرلەر هۆددىگە
بېرىلىپ، هەرئادەم ئۆز هەلەكچىلىكى بىلەن
بولغاچقا، هەركىم هەرياققا تارتىپ ئۆزى
بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ ئەترەتنىڭ ئىشى
يۇرۇشمەي قالدى.

— سىلەردە پارتىيە ئەزاسى بارمۇ-
يوق؟ — تەكرارلىدى شۇجى بوغۇق ئاۋاز-
دا، فۇجۇرىنىڭ قۇلىقىغا بۇ سوئال يەنە بىر
قېتىم هاۋا گۆلدۈرلىگەندەك قاتتىق ئاڭلان-
دى. بۇ ئۇنىڭ هازىرغىچە ئاڭلىغان ئاۋاز-
لىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ جىد-
دىي، ئەڭ ياڭراق ئاۋاز ئىدى، هاۋا ۋە
ئادەملەرنىڭ تىنىقلىرىمۇ ئاۋازغا ئايلىنىپ
قالغاندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا توختىماي ئۇرۇ-
لۇپ تۇردى.

هەممە چاتاق مانا مۇشۇ سوئالنىڭ
قويۇلۇشىدىن باشلاندى، ئۇنىڭ يۈرىكى قات-
تىق سوقۇپ گاللىرى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇ ئۆزىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىنى بىلىندۈر-
مەسلىك ئۈچۈن بىرسىنىڭ يېنىدا تۇرغان
چەلەكتىكى سۇدىن بىر چۆمۈچ ئېلىپ ئىچتى.

«ياق، مېنىڭ شۇجىدىن رەنجىشىم
توغرا ئەمەس، دەپ ئويلايتتى فۇجۇرى، —
پارتىيە كومىتېت شۇجىسىدىن ئاغرىنى-
دىغان هېچقانداق ئاساسىم يوق، بەلكىم
ئۇ مۇنداقلا سوراپ بېقىۋاتقاندۇ، بۇنى
هەرگىز مەن بىلەن قېرىشىۋاتىدۇ دېگىلى
بولمايدۇ، ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسىدىكى
ئىش تۇرسا...

شۇجىنىڭ هازىرقى سورىغان سوئالى
هەممەيلەننى ئويلاندۇرۇپ قويغان، شۇڭا
هېچقانداق ئىنكاس بولمىغانتى، بۇنداق
جىمجىتلىق يەنە بىردەم داۋاملاشقان بول-
سا، هەممە ئىش ئۆتۈپمۇ كەتكەن بولاتتى،
بىراق ئاۋۇ ئوڭشالمايدىغان ۋاقىتەككۈر
مۇتىڭا قاراپ تۇرۇپ ئىشنى بۇزۇۋېتىپ
قالدى. ئەهۋالنى بىلمىگەندىن كېيىن جىم
ئولتۇرۇۋەرسە بولاتتى، ئۇنىڭغا نېمە ئاقسا-
قاللىق، ئۇنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدىغان
ئاغزىنىڭ ۋالاقلىقىنى ۋالاقلىغان.

— يوق، — دېدى ئۇ كېسىپلا، — بىز-
نىڭ ئەترەتتە پارتىيە ئەزاسى يوق، مانا
مۇشۇ ئولتۇرغانلىرىمىز ئۆزۈمىزدىن بېرى بىللە،
كىمنىڭ قانداقلىقىنى تازا ئوبدان بىلىمىز.

بۇ ۋالاقتەككۈر فۇجۇرىنى قىيىن - قىس-
تاقتا قالدۇرماقچىدەكلا سۆزلەۋاتاتتى، چۈن-
كى، فۇجۇرىنىڭ پارتىيە ستاژى مۇتىڭا-
نىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلىنىڭ يېشىدىنمۇ چوڭ،
ئۇ ئۆزىنىڭ تەشكىلى مەسىلىسى هەل بولغان
ۋاقىتنى هەر قانداق ئەهۋال ئاستىدىمۇ
ئۇنتۇمايدۇ، ئۇ قىسمىدىكى چاغدا 1976 -
يىلى كۆزدە پارتىيىگە كىرگەن ئىدى.

شۇجى مۇتىڭانىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەن-
مىدى بولغاي، يانچۇقىدىن كۆك تاشلىق
بىر دەپتەرنى ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى،
دەپتەرنىڭ بىر بېتىگە خېلى ئۇزۇنغىچە
تىكىلىپ تۇردى - دە، ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى.

— فۇجۇرى پارتىيە ئەزاسىغۇ دەيمەن؟
فۇجۇرى قېنى؟ — دېدى شۇجى ئولتۇرغان-
لارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن.

ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزلىرى تەڭلا فۇ-
جۇرىغا تىكىلدى، فۇجۇرى بېشىنى كۆتۈر-
مەي هەدەپ تاماكىسىنى چېكىۋەردى، ئىچى-
دە بولسا، مۇتىڭاغا لەنەت ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ
تازا كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بەرگۈسى كې-
لەتتى، مانا ئەمدى فۇجۇرى خەقلەرنىڭ ئال-
دىداقانداقمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلىسۇن.

مۇتىڭا كەچلىك تاماقتىن كېيىن، چا-
پىنىنى يېپىنچاقلاپ بىر تال تاماكا ئوراپ

تۇتاشتۇردى ـ دە كوچىغا چىقتى. باشقا ۋاـ
قىتتا مۇشۇ كەملەردە ئۇ زادىلا تالا ـ تۈزىـ
گە چىقمايتتى. هازىر بىئارامىلىق، پۇشايمان
ئۇنى تازا قىيناۋاتاتتى. ئۇ فۇجۇرىنىڭ پارـ
تىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى راستىنلا بىلمەيتـ
تى. فۇجۇرىنىڭ ئوت ئۆچۈرگەن چاغدىكى
قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىمۇ ئوـ
چۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ
قاتارىدا يۈرۈپ ئوت ئۆچۈردى. ئۇستىدىـ
كى كىيىملىرىنى ئايىدىمۇ قانداق قاتتىق
كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئۆزىنى ئېـ
تىپمۇ كەتمىدى.

فۇجۇرى ئالدىنقى كۈنى كەچ بازارـ
دىن چىققان، ئۇ چاغدا تېخى ئوت ئاپـ
تىدىن خەۋەر يوق ئىدى. ئۇ بىرگە ئوقەت
قىلىدىغان شېرىكى بىلەن كېچىچە ھاراق
ئىچىپ ئەتىگەنلىكى بېشىنى ئالالماي ياتـ
قان، خوتۇنى ۋارقىراپ، نوقۇشتۇرۇپ يۈـ
رۈپ ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ
قويۇۋىدى، بىر نەچچە كۈندىن بېرى يىغـ
قان كالا ـ قوي تېرىلىرىنى هارۋىسىغا بېـ
سىپلا ئالدىراپ بازارغا قاراپ ماڭغان ئىدى.
شۇ چاغدا بىر مۇنچىلار قوللىرىغا كەتمەن،
گۈرجەك، چېلەكلەرنى ئېلىپ ئورمان ئىچـ
كىرىسىگە قاراپ ئالدىراش كېتىپ باراتتى؛
ئۇ ئۇلارغا قاراپ: «قورقۇنغا قوش كۆرۈـ
نۈپتۇ، دەپ بىكار ئېيتىمىغان ئىكەندە.
ئورمان چېتىدىكى قومۇشلارغا كەتكەن ئوتـ
قا شۇنچىلىك ئالاقزادە بولۇشقان، بارمۇ؟»
دەپ غودۇڭشىپ قويۇپ كېتىۋەرگەن. چۈشـ
كە يېقىن ئاندىن ئوت ئۆچۈرۈۋاتقانلار قاـ
تارىغا كېلىپ قوشۇلغانىدى. مۇتىڭا ئورـ
مانچىلىق ئەترىتى قۇرۇلغان چاغدا بۇيغۇن
دېگەن بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ بارلىقىنى هېچـ
كىم ئېيتمىسىمۇ ئۆزى بىلىۋالغانىدى. ئۆـ
زى پارتىيە ئەزاسى بولمىغاچقا يەنە كىمـ
لەرنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېـ
نىق بىلىپ كەتمىگەن. بىراق ئۆزىنىڭ كىمـ
نىڭ پارتىيە ئەزاسى، كىمنىڭ پارتىيە ئەـ
زاسى ئەمەسلىكىنى پۈتۈنلەي كۆڭلىنىڭ
كۆزىگە تايىنىپ بىلىۋالالايدىغانلىقىغا، سەزـ
گۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ھېس قىلىۋالالايدىـ
غانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئەمما بۇ قېتىم ئۇ «كۆڭۈلنىڭ كۆزى»
دىن گۇمانلىنىپ قالدى، كۆڭۈلنىڭ كۆزى
ئۇنى يېڭىلدۇرۇپ خاتا كۆرسىتىپ قويدى،
مانا ئەمدى تازىمۇ سەتچىلىك بولدى.

باش كۆزنىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىدا يۇلـ
تۇزلار جىمىرلايتتى. دالىنىڭ غۇر ـ غۇر
شامىلى تىنماي سوقۇپ تۇراتتى، مۇتىڭا،
گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان دالىغا قاراپ
خىيال سۈرۈشنى داۋاملاشتۇراتتى، ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا بويغۇننىڭ ئوبرازى گەۋدىلىـ
نەتتى، مانا ئۇ ھەقىقىي پارتىيە ئەزاسى
ئىدى، بويغۇن ئورمانچىلىق ئەترىتىنىڭ تېخـ
نىكى ئىدى، ئۇنىڭ سەۋىيىسى ئۈستۈن
بولۇپ، يىراق ـ يېقىن، يۇقىرى ـ تۆۋەندىـ
كىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەت قىلاتتى. چوڭ
كىچىك ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەت ئالاتتى.
كۆچەت كولاشقىمۇ بەك ئۇستا ئىدى، باشـ
قىلار يۈزنى كولاپ بولغۇچە ئۇ يۈز ئەللىك
تۈپ قومۇراتتى، باشقىلارنىڭ ھۆددىگە ئالـ
غان كۆچەتلىكىگە مال كىرىپ كەتسە، ئۇ
دەرھال ھەيدەپ چىقىپ ئىگىسىگە تاپشۇـ
رۇپ بېرەتتى. يازدا كۆچەتلەرگە دورىنى
ئۆزى تەڭشەپ چاچاتتى. باشقىلار ئۇنى ئاغـ
رىق دەپ ئاياپ، دورا چاچقۇزمىسا، ئۇ بۇ
دورىلارنىڭ زەھىرىدىن ساقلىنىشقا مەن
ئۇستا دەپ باشقىلارغا تۇتقۇزمايتتى. بىراق
ئوخشاشلا زەھەرلىنىپ يۈز ـ كۆزلىرىدىكى
ئىششىق بىر نەچچە كۈنگىچە يانمايتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىشتىن قالمايتتى. ھەممە
ئىشنى خۇددى بىرسى ئۇنىڭ قېشىدا تۇـ
رۇپ ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتقاندەك ئىشلەيتتى،

ئۇ جان ئۆزۆشتىن ئىككى كۈن ئىلـ
گىرى: «قانداق قىلغاندا ماتېرىيال ئورمـ
ىنىنى تېز ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ؟؟»
دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ
پۈتتۈرگەنىدى، ماقالىنى كۆرگەنلەر ئۇ
خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئەڭ ئاخىرقى
ھەسەلنى ئادەملەرگە تەقدىم قىلىپ كەتتى،
دېيىشكەنىدى.

مۇتىگا بويغۇن قازا تاپقاندىن كېيىن
بۇ ئەترەتتە پارتىيە ئەزاسى قالمىدى دەپ
يۈرگەنىدى، بۈگۈن فۇجۇرىنىڭ پارتىيە ئە-
زاسى بولۇپ چىققىنىغا ئۇ ھەيران قالدى.
فۇجۇرى بىر يىلنىڭ ئالدىدا بۇ ئەترەتكە
يۆتكىلىپ كەلگەنىدى، تومۇز كۈنلىرى كۈن
تازا قىزدۇرۇشقا باشلىغاندا كۆچەتلەرنىڭ
ئارىسىدا يۇمشىتىپ تۇرۇش، سۇغىرىش،
ئوغۇت بېرىش ئىشى تازا جىددىيلىشىپ كې-
تەتتى، فۇجۇرى باشقىلار بىلەن ئورمان ئىچـ
ىدىن شامال ئۆتۈشىدىغان سايە يەرنى تا-
پاتتى - دە، ئۇخلىغىلى چۈشۈپ دەم ئالات-
تى، ئەترەت باشلىقى كېلىپ ھەيدەكچىـ
لىك قىلمىسا بەخىرامان ئۇخلاۋېرەتتى، بۇ
يىل 6 - ئايدا ياش كۆچەتلەردە ئېغىر دە-
رىجىدە قۇرت ئاپىتى پەيدا بولغاندا جىد-
دىي دورا چېچىشقا توغرا كەلدى. بۇنى ئاڭ-
لىغان فۇجۇرى روخسەت سوراش قەغىزىـ
نى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەترەت باشلىقىنىڭ ئۆ-
يىگە ئۇدا ئىككى كۈن قاتىرىغان، دورا چې-
چىش ئاخىرلاشقاندا ئاندىن ئىشقا چىققان ئىدى.

«شۇجىنىڭ ئۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇشىدىكى غەرىزىدىن گۇمانلانساق بولمايدۇ،
ئۇنىڭ كىمنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكـ
ىنى بىلىۋېلىش، پارتىيە ئەزاسى ئىكەنسەن
ئورنىڭدىن دەس تۇر، كۆپچىلىكنى باش-
لاپ ماڭ دېيىشتىن باشقا يەنە قانداق
مۇددىئاسى بولسۇن، بۇ ھەرگىز سەن فۇ-
جۇرىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئە-
مەس، ـــ مۇتىگامۇ شۇلارنى ئويلىغاچ مەھەل-
لە تەرەپكە يۈرۈلدى، ـــ ئۇنىڭ پارتىيە ئە-
زاسى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق، لېكىن ئۇ
باشقىلارنى باشلاپ ماڭالمايدۇ، ھازىرقى ھا-
لىتىنى ئۆزگەرتسە ئاندىن بۇنى قىلالايدۇ...»

مۇتىگا ئۆزىنىڭ ئېغىز ئىتتىكلىكى
ئۈستىدە ئويلاندى، ئۇ ھەقىقەتەن ئاغزى-
نىڭ ئىتتىكلىكىدىن جىق دەشنەم ئاڭلى-
غان، جىق ئادەمنى رەنجىتىپ،
جىق زىيان تارتقان ئىدى. مانا
بۈگۈنمۇ قاراپ تۇرۇپ فۇجۇرىنى رەنجىتىپ
قويدى. ئېغىز ئىتتىكلىكىنىڭمۇ كارى چاغلىق،
بىراق ئۇنىڭ ئەترەتتە پارتىيە ئەزاسى بار-
يوقلۇقىنىمۇ بىلمەيدىكەن دەپ كۈلكىگە
قالغىنى يامان بولدى، ئۆتكەندە شۇجى
ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقاندا سەن
تەشكىلگە يېقىنلاشقىن، دېگەنىدى. بىراق
بۇنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ، ئۇ تەشكىلگە يېقىن-
لىشىپ كېتەلمىگەنىدى. يېقىنلاشقان بولسا،
ئەلۋەتتە كىم پارتىيە ئەزاسى، كىم ئەمەس-
لىكىنى بىلگەن بولاتتى.

بۇ ئىشتا فۇجۇرىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى
بار. خېلى يىلدىن بېرى شۇجىلارنىڭ ئور-
نى زادى ئىسسىماي كەلدى، بىرنەچچە يىلدا
بىر ئالمىشىپلا تۇردى، ھەتتا بىر يىلدا بىر
نەچچىسى ئالماشقان چاغلارمۇ بار. يېڭى
كەلگەن شۇجى ئەمدىلا بۇ يەرنىڭ ئەلمى-
تەلمىنى ئېلىپ بولغۇچە، پالانى يەرنىڭ
ئېھتىياجى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ، دەپ يۆت-
كەپ كېتىشەتتى.

مۇتىگا بۈگۈنكى ئىشنى شۇجىنىڭ
ئۆزىدىنمۇ كۆردى. ئەترەت باشلىقى دوخ-
تۇردا يېتىپ قالغانىنى، ئورمانغا ئوت كېتىپ
ئۇرغۇن زىيان بولغانىنى دېسىلا بولاتتى. ئات
ئۆلگەن بولسا ئات ئۆلگەنگە، ھارۋا سۇنغان
بولسا، ھارۋا سۇنغانغا چىقارسا بولىدىغۇ.
كىمنىڭ پارتىيە ئەزاسى، كىمنىڭ ئەمەسلى-

كىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەگەر شۈجى سورىمىغان بولسا، مۇتلەقا ئاغزى ئېچىلمىغان بولاتتى-دە، ھېچ ئىش چىقمىغان بولاتتى. ئاخىرىدا نېمە بولدى، شۈجى تازا جايىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ، فۇجۇرىنى بىر قۇر ئۇچۇغداپ قويدى-دە، كېتىپ قالدى. بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئېچىپ، بىر پارچە يەردە ئىشلەيدىغان، ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم سالاملىشىپ تۇرىدىغانلار يەنە قالدى، فۇجۇرىنى بۇنىڭدىن رەنجىمىدى دەپ كىممۇ كېسىپ ئېيتالىسۇن.

شۈجى ئەل ياتقۇ بىلەن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. قاتتىق چارچىغانلىقىغا قارىماستىن كۆزىگە زادى ئۇيقۇ كەلمىدى. تازا ئېنىق بولمىغان بىر نەرسە ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى، قىينايتتى.

ئورمانچىلىق ئەترىتى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىدى. بۇرۇن ئادەتتىكى كادىر ۋاقتىدا ئۇ يەرلەرگە پىيادە بېرىپ كەلسىمۇ ئېغىر تۇيۇلمايتتى. ھازىر ياشىنىپ قالدى، سىلىق ماڭىدىغان ئات ئۈستىدە ئولتۇرسىمۇ بۇ يول يىراق ھەم ئېغىر تۇيۇلىدىغان بولدى. يېقىندا تەشكىل ئۇنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىنى كۆزدە تۇتۇپ دەم ئېلىشقا چىقىرىش مەسىلىسىنى ئويلىشىۋېتىپتۇ دېگەن گەپ-سۆزلەرمۇ چىقتى. بەلكى بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەزىپە ئۆتىشى بولۇپ قالار، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ئىش ئۇنى قىيناپ، بىئارام قىلماقتا ئىدى.

بۈگۈن بارغان ئەترەتتە بولغان ئىشلار ۋە ئۇ يەردە ئېچىلغان يىغىن كۆپ نەرسىلەرنى ئېسىگە سالدى. بۇ ئۇنىڭ ياش ۋاقىتلىرى ئىدى. يەر ئىسلاھاتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتى قاينام-تاشقىن ياسىدى. بىر ئادەم كەينىدە قالسا، دەرھال باشقىلار كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرەتتى؛ ئۇ يەردىكىلەر بۇ يەرگە كېلىپ قارىشىپ بېرەتتى. كۆزدە دۆلەتكە بەس-بەستە ئاشلىق تاپشۇرۇشاتتى، ئىلگىرى كۆرۈشمىگەنلەر كۆرۈشۈپ تونۇشاتتى. ئۇنداق ئالدىراش چاغلاردا پارتىيە تۇرمۇشىنى ئانچە ئاشكارا ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. كىمنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئامما ئىچىدە ئېلان قىلىپ تونۇشتۇرۇپمۇ يۈرۈشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئاممىنىڭ كۆڭلىدە سان بولاتتى. كىمنىڭ پارتىيە ئەزاسى ياكى ئەمەسلىكىنى كۆڭلىدە بىلەتتى. نېمىسىگە قاراپ بىلەتتى؟ ئىشچانلىقىغا، جاپاغا چىدىشىغا، يۈرۈش-تۇرۇشىغا قاراپ بىلەتتى. خەقلەر بىلەن قىلغان مۇئامىلىسىدىن بىلەتتى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ھەممە شەرت-شارائىت ياخشىلانغان بىر ۋاقىتتا ئەكسىچە ئامما كىمنىڭ پارتىيە ئەزاسى ۋە كىمنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئەمەسلىكىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان.

شۈجى خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى. بىر پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پارتىيىنىڭ كونا خىزمەتچىسى، پېشقەدەم يولداش، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۈجىسى تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالسا قانداق بولغىنى؟ ئۇ بىردىن ئۆزىنىڭ پارتىيە دەرسى ئۆتمىگەنلىكىگە ئالاھەزەل ئىككى يىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرسا، ئۆزىنى كەچۈرسە قانداق بولغىنى؟ ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى بىئارام بولاتتى، كۆزىدىن ئۇيقۇسى قېچىپ تېزرەك تاڭ ئېتىشنى كۈتەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ئەخمەتجان قۇربان

# شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي كەڭلىك ۋە شېئىرىي تىل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىزدە شېئىرىيەتنىڭ قېلىپلاشقان بەزى نەزەرىيىلىرىنى قايتا ـ قايتا شەرھىيلەشتىن باشقا (بۇنىڭدا ئاساسەن شېئىرىيەتنىڭ تاشقى ئامىللىرى تەتقىق قىلىندى) شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ پسىخولوگىيىسى تېخىچە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ خىل يېتەرسىزلىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە توسالغۇ بولدى. نەتىجىدە شېئىرىيىتىمىزدە قاتماللىق، پۇچەكلىك، شوئارۋازلىق، تەقلىدچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ساقلىنىپ كەلدى. مەن تۆۋەندە بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

شېئىرىي مۇھىت دېگەن نېمە؟ بەزىلەر شېئىرىي مۇھىت تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت، شائىرلار پەقەت ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باغچىلاردا پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگا رەڭ گۈللەر، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى، چاڭىلداپ سايراۋاتقان قۇشلار، مەجنۇنتال تۈۋىدە مۇھەببەت شەربىتى ئىچىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلار شېئىرىي مۇھىتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىلغا ياكى ئاشۇ شېئىرىي مۇھىتنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بولىدۇ. ئۇنداقتا شېئىرىي مۇھىت تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ماددىي نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، شېئىرىي مۇھىتنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ئۆزى بەرپا قىلغان بولىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر شائىرلارنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «شېئىرىي مۇھىت» نى قاپىيە، تۇراق ھەم ۋەزىنگە چۈشۈرۈپ خاتىرىلىگۈچى دەپ قارايدۇ. ھازىر شېئىر يېزىۋاتقانلار ئىچىدە ئاشۇنداق قاراشتىكىلەر خېلىلا كۆپ. مۇنۇ مىسرالارغا قاراڭ:

كۆك مەخمەلدەك تاۋلىنار گويا،
شىۋاق ئۆسكەن كۆنگەي دالىلار،
كىرىستالدەك كۆلنىڭ بويىدا
پۇشۇلدىشىپ ياتار كالىلار.
قوتاز مېنىپ ئويناپ يۈرۈشەر
تاغ باغرىدا كەپسىز بالىلار،
ئاھ دالىلار، گۈزەل دالىلار.

ئاھ دالىلار، گۈزەل دالىلار،
گۈزەل تۆپە، گۈزەل ئىدىرلار.
ئەگەشتۈرۈپ يۈرەر مۆرىشىپ
موزايلارنى قاۋۇل سىيىرلار.
بويۇن سوزۇپ تىنىق كۆك ئارا
قاتارلىشىپ كېلەر قاقىرلار،
شۇنچە گۈزەل قىيالار، قىرلار.

ئەزىم ناسىرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 9 - سانىغا بېسىلغان «دالىلار» ناملىق بۇ شېئىرىنىڭ قالغان كۇبلېتلىرىمۇ يۇقىرىقى مىسرالار بىلەن ئوخشاش. ئازراقلا دىققەت قىلغان كىتابخان بۇ شېئىردا كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان مەنزىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. دالىدىكى كۆل بويىدا پۇشۇلداپ ياتقان كالىلار، موزايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن سىيىرلار، قوتاز مىنىپ يۈرگەن بالىلار يېزىلىرىمىزدا بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتە نېمە بولسا شۇنى قاپىيىلىك قىلىپ خاتىرىلەپ قويساقلا شېئىر بولۇۋېرىدىغان بولسا، شېئىرىيەتنى ئىجادىيەت كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىزدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش شېئىرلار ناھايىتى كۆپ. بۇ خىلدىكى شېئىرلار تېخى شېئىرىيىتىمىزدە خېلىلا زور سالماقنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، شېئىرىي مۇھىت تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. تەبىئەت ۋە جەمئىيەت شائىرنىڭ شېئىرىي مۇھىت بەرپا قىلىشىنى پەقەت ماددىي ئاساس بىلەنلا تەمىن ئېتىدۇ. شېئىرىي مۇھىت ئەڭ ئاۋۋال شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاپىرىدە بولىدۇ. شېئىرىي مۇھىت شېئىرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بەرپا قىلغۇچى مۇھىم ئامىل. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھاياتنىڭ گۈللىنىشى گەرچە كىشىگە ئېستېتىك تۇيغۇ ئاتا قىلالىسىمۇ، لېكىن ئۇ شېئىرىي مۇھىتنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇنداق بولمايدىكەن، شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى بىلەن تەبىئەت ئېستېتىكىسى پەرقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز شائىر ياراتقان شېئىرىي مۇھىتقا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەسىرى سىڭمىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز، لېكىن ئۇ شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا يېڭىلانغان ۋە قايتا تۆرەلگەن بولىدۇ.

بىز شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەللەي بالام، ئەللەي» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئەللەي بالام، ئەللەي...!»
كۆيمەكتە قۇياش
تىل تۇمارلىق بۆشۈك بېشىدا.
دېرىزىدىن قارايدۇ باھار،
ئاي شولىسى
سۈتتەك ئاق چېچەك سىياقىدا.

«ئەللەي بالام، ئەللەي!...»
ياتار بوۋاق

جەننەتنىڭ خۇش بۇي پۇرىقى
ئىچىدە ئۇخلاپ.

ئانا مېيىقىدا ئالتۇن تەبەسسۇم،
كۆيەر ئۇ،
ئىزگۇ شېرىن ئۈمىدلەرنىڭ
«مىڭ ئۆي» سىنى يوقلاپ.

گەرچە بۇ شېئىردىمۇ بىزگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئانىنىڭ بالىنى ئەللەيلىشىدىن ئىبارەت ئاددىي بىر مەنزىرە تەسۋىرلىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئاشۇ ئاددىي مەنزىرە شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا بەرپا قىلىنغان شېئىرىي مۇھىت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بىرخىل مىللىيلىككە، شېئىرىي يۈكسەكلىككە ۋە سىرلولۇققا ئىگە قىلىنغان. بىز بۇ شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئانىنىڭ جەزبىدارلىك ئەللەي ناخشىسى ئىچىدىكى ئىنسانىي مېھرىبانلىقىنى،

«بۆشۈكتە ياتقان بوۋاق» نىڭ سىماسىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بەرپا قىلىنىۋاتقان چەكسىز گۈزەللىكنى، شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا جىلۋىلەنگەن غايىۋى دۇنيانى، ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشىنى كۆرۈۋالالايمىز ھەمدە شائىر بەرپا قىلغان شېئىرىي مۇھىت ئىچىدىكى سىترولۇق دۇنيادا نامايان قىلىنغان رەڭدارلىقنى كۆرىمىز.

شائىر ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا شېئىرىي مۇھىت بەرپا بولۇۋاتقاندىلا، ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەرقلىق تەپەككۇر ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاپىرىدە بولغان شېئىرىي مۇھىت ئۇنىڭ شېئىر ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۆزىدە ھەقىقىي شېئىرىي مۇھىت ئامىللىرىنى بەرپا قىلالىغان شېئىرلار زوقلانغۇچىلارغا ھەقىقىي شېئىرىي زوق ۋە شېئىرىي تەسەۋۋۇر ئاتا قىلالايدۇ. ھازىر خېلىلا كۆپ شېئىرلاردا شېئىرىي مۇھىت يارىتىلمىغاچقا، زوقلانغۇچىلاردا شېئىردىن بىزار بولۇش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ قويىدى، لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى شېئىرىيەت قوشۇنىغا كىرىپ كەلگەن قىسمەن ياش شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا تويۇنغان شېئىرىي مۇھىت بەرپا قىلىپ، كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. ھازىر خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان بەزى شائىرلىرىمىزمۇ شېئىرىي مۇھىتنى قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن ۋە تاشقىي رىتىمدىن ئىبارەت ئامىللار شەكىللەندۈرىدۇ دەپ قاراۋاتىدۇ. گەرچە ئۇلار بۇنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن شەرھىيلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يېزىۋاتقان شېئىرلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ.

ئۇنداقتا شېئىرىي مۇھىتنى قايسى ئامىللار شەكىللەندۈرىدۇ؟ مېنىڭچە، شېئىرىي مۇھىتنى شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۆرەلگەن سىترولۇق شېئىرىي پىكىر، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پارتىلىغان شېئىرىي ھېسسىيات، ۋۇجۇدىدا تۆرەلگەن غايىۋى دۇنيا، شائىرنىڭ يۈرىكىنىڭ سېلىشى ۋە تومۇردىكى قانىنىڭ ئېقىشى بىلەن رېتىمداش بولغان ئىچكى رىتىم، شۇنداقلا شائىر شائىرانە كۆزى بىلەن كۆرگەن گۈزەللىك ئامىللىرى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنى شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشتا ۋە زوقلانغۇچىلارغا تەقدىم قىلىشتا شېئىرىي تىلمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مول ۋە گۈزەل شېئىرىي تىل بولمايدىكەن، شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۆرەلگەن شېئىرىي مۇھىتنى ئەينەن نامايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلاردىن باشقا شېئىرىي مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك يەنە نۇرغۇنلىغان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن. باشقا يولداشلارنىڭمۇ بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا شېئىرىي كەڭلىك بىلەن شېئىرىي پۇچەكلىك خۇددى بىر ـــ بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان، مىجەزى ۋە خاراكتېرى بىر بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئاكا ـ ئۇكىلاردەك بىر ـــ بىرى بىلەن زىتلىشىپ، تىركىشىپ، بىر ـــ بىرىدىن ئايرىلماي ياشاپ كەلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر تاشلىساق، 60- يىللارنىڭ ئاخىرى 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شېئىرىي پۇچەكلىك شېئىرىي كەڭلىكنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، شېئىرىيىتىمىزنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شېئىرىيىتىمىزدە بۆسۈش خاراكتېر-

لىك تەرەققىيات بولغان بولسىمۇ، ئەمما شېئىرىي پۇچەكلىك ئۈزۈل-كېسىل تۈگەپ كەتمىدى. ئۇنى تۈگىتىش بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ، شۇنداقلا شائىرلىرىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

ئۇنداقتا شېئىرىيەت پسىخولوگىيىسىدە شېئىرىي كەڭلىك قانداق تەرىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ شېئىرىي كەڭلىك خۇددى شېئىرىيەتكە ئوخشاشلا مەڭگۈلۈك ھەرىكەت ئىچىدە خۇددى ساماۋى ئۇردەك تۈرلۈك تۈمەن شەكىلدە جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قېلىپلاشقان، قېتىپ قالغان سىياقى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ھەرىكەت ئىچىدىكى سىماسى بىزگە چەكسىز لەززەت ئاتا قىلىدۇ، لېكىن بۇ لەززەتتىن بەھرىلىنىش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن لەززەتلەنگۈچىدە ئۆتكۈر شېئىرىي كۆز، شېئىرىي سەزگۈ ۋە شېئىرىي ئىدراك بولۇشى كېرەك.

بىز دەۋاتقان شېئىرىي كەڭلىك كۆپ قاتلاملىققا ئىگە شېئىرىي مەزمۇننى، سترو-لۇق شېئىرىي تۇيغۇنى، بىر بىرىگە باغلىنىشلىق سانسىزلىغان شېئىرىي ھالقىلارنى، مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان ئۆلمەس شېئىرىي پىكىر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شېئىرىي كەڭلىك زوقلانغۇچىلارنى پايانسىز شېئىرىيەت ئالىمىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارنى ئەركىن شېئىرىي زوققا ۋە يۈكسەك شېئىرىي لەززەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش دائىرىسىنى بوغۇپ، لەززەتلىنىش لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلىمايدۇ. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئايدىڭ پەيزى» ناملىق مۇنۇ شېئىرغا نەزەر سېلىڭ:

ئولتۇرىمەن
قولۇمدا قەدەھ،
زوقلانغان ئاي
چۈشۈۋالدى ئىچىگە.

خۇش كەيپ يېشىل سۆگەتلەر،
يېقىن بىر يەردە
دۇتار
چاچىدۇ تۇيغۇ
ئايدىڭ كېچىگە...

مەن بۇ شېئىرنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايمەن. شېئىرىيەت پسىخولوگىيىسىمۇ ھەر قانداق زوقلانغۇچى ۋە باھالىغۇچىدىن شېئىرنى خالىغانچە شەرھىيلەپ، ئىزاھلاپ پۇچەكلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان سەزگۈر زوقلانغۇچىلار ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان شېئىرىي تەسەۋۋۇرنى، شېئىرىي ئىدراكىنى ۋە شېئىرىي زوقنى تېپىۋالالايدۇ، شۇنىڭدەك شائىر ئاتا قىلغان شېئىرىي كەڭلىك ئىچىدە ھەقىقىي ئايدىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ.

ھەقىقىي شائىر شېئىرىي كەڭلىك ئىچىگە نۇرغۇن شېئىرىي بوشلۇقلارنى قالدۇرىدۇ. ئۇنى زوقلانغۇچىلار ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىدراكى ئارقىلىق تولدۇرىدۇ. زوقلانغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش جەريانى ئەڭ لەززەتلىك زوقلىنىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر يەنە شېئىرىي كەڭلىك ئىچىگە نۇرغۇنلىغان سوئال بەلگىلىرىنى قويىدۇ. بۇ سوئال بەلگىلىرى ئىنتايىن مول يوشۇرۇن قىممەتكە ئىگە بولۇپ،

ئۇ شېئىرنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئاشۇ سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەر بىر زوقلانغۇچىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، بۇ سوئاللارنىڭ قېلىپلاشقان، قاتماللاشقان جاۋابى يوق. بۇ خىل جاۋاب زوقلانغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى، پسىخىكىسى ۋە شېئىرىي ئىدراكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. بۇ ئاشۇ سوئاللارغا ھەر قانداق زوقلانغۇچى خالىغانچە جاۋاب بەرسە بولىۋېرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بىز دەۋاتقان بۇ جاۋاب نىسبىي تۇراقلىققا، جانلىق سترولۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇ يالغۇز بىر نۇقتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى مەنىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان خېلى كۆپ نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ جاۋاب ھەر بىر زوقلانغۇچىنىڭ پسىخىكىسى ۋە شېئىرىي ئىدراكى تەرىپىدىن خاراكتېرلەنگەن، ئىندىۋىدۇئاللاشقان بولىدۇ.

ھازىرقى نۇرغۇنلىغان شېئىرلاردا شېئىرىي كەڭلىك مەۋجۇت ئەمەس. بىز بۇنداق شېئىرلاردىن بىزار بولىمىز. بۇنداق شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن پۇچەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىيلىكىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. مەسىلەن: «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 4-سانىدىكى «يۇرتۇم» ناملىق مۇنۇ شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

تاغلىرىڭ ئاسمانغا كۆۋرۈك،
ئاستى كۆپ مەدەنگە باي.
يايلىقىڭ چەكسىز چىمەنزار،
قوي، كالا ئوتلايدۇ تاي.
ئاقىدۇ باغرىڭدا تارىم،
سۈپسۈزۈك ئويناق سۈيى.

ۋادىلار ئاشلىققا تولغان
ياڭرىدى شادلىق كۈيى.
شان-شەرەپ بابىدا يەكتا
شۇڭا سەن ئالەم ئارا.
ياندۇراي ئەجرىڭنى يۇرتۇم
قەرزدار مەنمۇ ساڭا.

80-يىللاردا ئەمەس، 90-يىللارغا قەدەم قويغان چېغىمىزدا ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىرنى پاكىتى، ۋاقتى، كونكرېت ئورنى ۋە سەۋەب-نەتىجىسى بولمىغان ناچار خەۋەر دېيىش كېرەكمۇ ياكى قۇرۇق شوئار دېيىش كېرەكمۇ؟ شېئىر چوقۇم شېئىر بولۇشى كېرەك. بىزدە دەۋرىمىزنى، يۇرتىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى كۈيلەيدىغان، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىكتىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئۆلچەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان شېئىرلار ئاز ئەمەس. بۇنىڭغا شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئىرى تىپىك مىسال بولالايدۇ.

* * *

ئاخىرىدا شېئىرىي تىل ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن. يولداش ئىبراھىم ئىزاقىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى ماقالىسىدە شېئىرىي تىل ۋە خەلق ئاغزاكى تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئازراق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. گەرچە بۇ مۇلاھىزىنىڭ مەلۇم ئىجابىي تەرەپلىرى بولسى-

مۇ، لېكىن ماقاله ئاپتورى شېئىردىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى كىشىنى قانائەتلەندۈرەرلىك هالدا كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. ئاپتور «لاڭقا»، «ماڭقا» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئاغزاكى سۆزلەرنى مەلۇم بىر كلاسسىك شائىرىمىزنىڭ «ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن» ئىشلەتكەنلىكىنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان. مېنىڭچە، شېئىردىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە پەرقىنى بۇنداق تومتاقلا شەرھىيلەپ قويۇش توغرا ئەمەس. كلاسسىك شائىرىمىز هېلىقى «لاڭقا»، «ماڭقا» دېگەن سۆزلەرنى ئاروز ۋەزنىگە ۋە قاپىيىگە سېلىپلا قويغان. ئۇنىڭدىكى قاپىيە ۋە ۋەزنىلەرنى ئېلىپ تاشلىساق، ئۇنىڭدا هېچقانداق شېئىردىي پىكىر ۋە شېئىردىي تىل قالمايدۇ. هازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە سەۋىيىسىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ شېئىرنى شېئىردىي تىلىمىزنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. بىز ئەلۋەتتە كلاسسىك شائىرلىرىمىزنى سۆيىمىز ۋە قەدىرلەيمىز. ئۇلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىمىز، لېكىن بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىمىز تەنقىدىي ئاساستا بولىدۇ. شۇڭا ئىبراهىم ئىزاقى مىسال كەلتۈرگەن شائىرنىڭ «لاڭقا»، «ماڭقا» قاتارلىق سۆزلەرنى ۋەزىن، قاپىيىگە سېلىپ قويغان شېئىردىي چاقچىقى هازىرقى شېئىردىي تىلىمىزنىڭ ئۈلگىسى بولالمايدۇ.

بىز كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، هازىرقى شېئىردىي تىلىمىزغا ئۈلگە بولالايدىغان نۇرغۇن نادىر ئۆرنەكلەرنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋائىي «لەيلى - مەجنۇن» داستانىنىڭ 29 - بابىنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇنداق يازىدۇ:

ئەي ساقى دەۋر، بىر قەدەھ تۇت،
هۆزنى ئەهلىگە سەغارى پەرەھ تۇت.
ئەۋۋەل قەدەهىڭنى ئەيلە گەردون،
قويغىل ئاڭا بادەئى شەپەق گون.

چۇن بولدى لەبەلەب ئول پىيالە،
قىل ئانى مېنىڭ سارى هاۋالە.

كۆرگەچ ئانى هۇشدىن بارايىن،
بىردەم بىلە ئانى سىپ قارايىن.

كىم تاپمىسۇن ئول سىپهرى ساغار
ئەتراپىدا قەترىدىن بىر ئەختار.
تا سۆزدە پەلەك نىشانلىق ئەيلەي،
ئەختەر كەبى دۇر شىپانلىق ئەيلەي.

(يەشمىسى: ئەي زامانىنىڭ ساقىسى، غەم ئەهلىگە شادلىق قەدەهىنى تۇتقىن، قەدەهنى ئاسمان قىلىپ ئۇنىڭغا شەپەق رەڭ مەي قۇيغىن. ئۇ قەدەھ لىقمۇ لىق تولغاندىن كېيىن ماڭا هاۋالە قىلغىن، مەن قەدەهنى كۆتۈرۈش بىلەنلا ئەس - هوشۇمنى يوقىتىپ شۇنداق سۇمۇرەيكى، ئاسمانغا ئوخشاش شۇ تولغان قەدەھ ئەتراپىدىن بىر تال يۇلتۇزنىمۇ تاپالمىسۇن، شۇنداق قىلىپ سۆزۈمنى ئاسماندەك ئېگىز قىلىپ، يۇلتۇزدەك نۇر چاچقۇزاي.)

بۇ مىسرالاردىكى جانلىق ئوخشىتىشلارنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى بىز شېئىرنىڭ ئۆزىدىنلا كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر بىز بۇ مىسرالارنى چوڭقۇرراق تەهلىل قىلساق، ئۇنىڭدىكى قەدەھ، ساقى، شاراب دېگەن سۆزلەرنىڭمۇ كۆچلۈك سىمۋوللۇق قۇدرەتكە ئىگە قىلىنغان-

لىقىنى ھېس قىلىمىز. شېئىرىي تىلنىڭ ئادەتتىكى تىل بىلەن بولغان پەرقى شۇكى، شېئىرىي تىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان پىكىر ئادەتتىكى تىل بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرگە قارىغاندا ئوبرازچانلىققا تېخىمۇ باي بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى م. ئىساكوۋسكىي «شېئىرىيەت ماھىرلىقى ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى «شائىر تەرىپىدىن ئوچۇقتىن ئوچۇق، توغرىدىن توغرىلا ئېيتىلماستىن، بەلكى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن، يەنى ئىككىنچى مەسىلە بولۇپ كۆرۈنگەن ھادىسىلەرنىڭ تەسۋىرلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا شېئىرىي تىل ئېغىز تىلىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئوبرازلىق، تېخىمۇ سترولۇق، تېخىمۇ ھېسسىياتقا باي بولىدۇ. ياش شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «توزغاق» ناملىق شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالاردىن شېئىرىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

«ئەجدىھا دەرەخنىڭ غازاڭلىرىدىن، قېقىپ قان تامچىغان قاناتلىرىنى،<br>
يوللىدى چىلان رەڭ تۇپراققا سالام. بوشلۇقنىڭ باغرىدا ئەۋجىدى شامال.<br>
ئۆرلەپ ھەر تەرەپتىن ئوسما رەڭ جۇلا تۇمانلار شەھىرىدە تۇتۇشتى ماكان،<br>
پەلەكنىڭ تېنىگە بولۇپ قالدى ھەل. قانلاردىن يىلانلار تۆرلىسپ دەرھال.

بۇ مىسرالاردىكى ھەر بىر سۆز كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا، سىمۋوللۇق تۈسكە، سترولۇققا ئىگە قىلىنغان.

ئومۇمەن شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي كەيپىيات، شېئىرىي تىل قاتارلىق مەسىلىلەر شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەن بۇ جەھەتتە پەقەت يۈزەكى قاراشلىرىمنىلا ئوتتۇرىغا قويالىدىم. باشقا كەسىپداشلارنىڭمۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## پاكلىق خىتابى

يازغۇچى نۇرمەھەممەت توختىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئامانەت» ناملىق پوۋېستى جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق چىنلىق بىلەن ساختىلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ئىلگىرلەش بىلەن چېكىنىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ كۆرسىتىپ، پاك، — دىيانەتلىك ياشاشتەك ئىجتىمائىي ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن ياخشى ئەسەردۇر. بۇ ئەسەردە ئىنسان روھىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى بىر ئۆمۈر ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان قاسىماخۇن يادرولۇقىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق ئىنسانىي گۈزەللىك مەدھىيىلەنگەن.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى قاسىماخۇن باشقىلار ئۈچۈن بەخت ياراتقۇچى پىداكارمۇ ياكى ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى ياراتقۇچى تۆھپىكارمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق، پۈتۈن ئۆمرىنى پاكلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن، جىگەرلىك، ئاددىي بىر دېھقان. يازغۇچى نۇرمەھەممەت توختى كىشىلەر ئادەتتە نەزەرگە ئېلىپ ۋە ئۇلۇغلاپ كەتمەيدىغان مانا شۇنداق ئاددەمنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، يۈكسەك ئىستېتىك غايە ئارقىلىق ئالىيجانابلىقنىڭ يېڭى ئۈلگىسىنى ياراتقان.

ئەسەردە يارىتىلغان قاسىماخۇن خاراكتېرى ئاددەمنى ھەر كويلارغا سالىدىغان ھېلىقى پىششىق مالنىڭ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈشى بىلەن قانات يايىدۇ.

ئازادلىق كۈنلىرىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان ۋە مۇشۇ ۋەجىدىن قۇياشنى گۇۋاھ قىلىپ قەسەملەشكەن ئىككى دوست كۈتۈلمىگەن قىسمەتلەرگە دۈچ كېلىدۇ. ئاتىسىنىڭ ۋەسىيە-تىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقىت كەلگەنلىكىدىن شادلانغان ھەسەن بىر كېچىدىلا دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىلىدۇ. «خەلقنىڭ دۈشمىنى» دېگەن بەدنامنى نومۇس بىلگەن ھەسەن ئۆزى ئادا قىلالمىغان ئامانەتنى دوستىغا قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيا بىلەن ئامالسىز خوشلىشىدۇ. قاسىمغا شۇ كۈندىن باشلاپ ھېچقانداق شاھىدى بولمىغان ئىككى كوزا ئالتۇن ھەمراھ بولۇپ قالىدۇ. «ئامانەتنى قوبۇل قىلغان ئىكەنسەن، ئۇنى ئۆز جايىغا تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك، شۇ چاغدىلا يىگىتتەك ئىش قىلغان بولىسەن» دەيدىغان كىشىلىك قارىشىغا ئەقىدە باغلىغان قاسىم بۇ ئامانەتنى يەر ئىسلاھاتىنىڭ تەنتەنىلىك شەرەپلىرىگە ۋە تەھدىتلىرىگە، ئاچارچى-لىق يىللاردىكى ئېغىر، ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنىڭ قىستاشلىرىغا تارتتۇرۇپ قويماي، چىن ساداقەت ۋە پاكلىق بىلەن ساقلايدۇ. بەزىدە تەقدىرنىڭ قىستاشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان چاغلاردا ئۇنىڭ روھىغا ئارىلاشقان خىيانەت ۋەسۋەسىسىمۇ ئۇنىڭ چىن ئىنسانلاردا بولىدىغان ئەخلاقىي پاكلىقىنى بۇزالمايدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى باشقىلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئاق-لاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە بۇگۈنكى ئۆزگىرىشلەرنى تارىخىي رېئال-لىق بىلەن باغلاپ، بىرقەدەر چوڭقۇر تارىخىي ۋە رېئال مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالتۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق نۆۋەتتە مىللىي تۇرمۇشىمىزدا قايتا باش كۆتۈرۈۋاتقان خۇراپاتلىق، ساختىلىق، نادانلىق، ئىنسابسىزلىقتەك خۇنۇك، رە-

زىل ئىللەتلەرنىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد سادىقلىق بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن ئامانەت مەسچىت ئىچىدە بىردەمدىلا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئىمىن ھاجىمنىڭ ۋەسىيىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدىغۇ؟ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن تۇرسۇن داموللام باشچىلىقىدىكى جامائەت ئالدىدا ئامانەتكە خىيانەت قىلىنىدۇ؟ ئەللىك يىل بۇرۇن ئىمىن ھاجىم مەكتەپ، دوختۇرخانىلارنى سالدۇرۇش نىيىتىدە يىققان ئالتۇن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە نېمە ئۈچۈن ھەر بىر كەنتكە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەسچىتلەرنى سېلىش، مەسچىتلەرگە زىلچا ئېلىش، خانىقا سېلىش، كەچلىك دىنىي مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؟ ئاپتور بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ تونۇشى ۋە باھاسىنى ئىپادىلىمەي، ئۇنى كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇرغان.

ئاپتور ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان قىسقا، ئاددىي ۋە ئەھمىيەتلىك دېتاللارنى تاللاپ، مۇئەييەن دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن، قاسىم بىلەن ھەسەننىڭ ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇشىدىن قېچىپ، تۇغراقلىقتا ئازادلىق ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىشى، خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆرەش روھى، جاللات شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشۈۋاتقان مىللىي زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇم قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك روھى ئىپادىلەنگەن بولسا، ھەسەننىڭ ئۆلۈمى، ئالتۇن يىغىش ۋەقەسى، قاسىمنىڭ نامرات ئائىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈمى قاتارلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق ئازادلىقتىن كېيىنكى بەزى ھەرىكەتلەردىكى چەكتىن ئاشقان «سول» چىللىقنىڭ ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

ئاپتور تەبىئەت تەسۋىرىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت تەسۋىرى ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان گۈزەل ماي بوياق رەسىمدەك ئادەمگە ئازادىلىك، ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، بىز تەبىئىي ساغلام ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى يېڭى دەۋر قىياپىتىنى، كىشىلەرنىڭ تىنچ، خۇشال كەيپىياتىنى، ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئوتتەك قىزغىنلىق ئىچىدە روشەن ھېس قىلىمىز.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى بەدىئىي تىل جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى رەڭدارلىققا، ئاھاڭدارلىققا، خاسلىققا ئىگە. ساپ ۋە گۈزەل مىللىي تىل ئۆز ئوبيېكتىغا ماس ھالدا ماھىرلىق بىلەن تاللانغان، بولۇپمۇ ئاپتور تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلى بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئاپتوردوكلاتچى، پېرسوناژ باشقىلارنى دوراپ سۆزلىگۈچى بولۇشتەك قاتمال ھالەت بۇزۇپ تاشلانغان. ئاپتور بىلەن پېرسوناژ ئوخشاشلا ئەسەردىكى مۇھىتنىڭ ئىشتىراكچىلىرىغا ئايلانغان.

ئومۇمەن بۇ ئەسەر بۈگۈنكى ئەخلاق قۇرۇلمىمىزدا ھەل قىلىش جىددىي تەلەپ قىلىنىۋاتقان پاك بولۇش مەسىلىسىنى ماھىرلىق بىلەن يورۇتقان بولۇپ، كىتابخانلارنى مەمنۇن قىلىدۇ.

غۇلجىدىن مەريەم قۇربان

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3-قېتىم مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش-مۇكاپاتلاش ۋە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئېلان

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتىنى بېيىتىش، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار مەدەنىيەت-سەنئىتى كومىتېتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە كېڭىشىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3-قېتىم مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش-مۇكاپاتلاش ۋە ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش قارار قىلىندى. ھازىر مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلىمىز:

(1) بۇ قېتىملىق باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى 1987-يىلى 6-ئايدىن 1991-يىلى 5-ئايغىچە بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشكارا گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھەرخىل ژانىردىكى بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، يەنى رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات، نەسىر، مەسەل، بالىلار چۆچىكى، چۆچەكلەر باھالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. باھالاشقا قاتنىشىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، مۇقامى يۇقىرى، بالىلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار، مەزمۇنى يېڭى، جانلىق، چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ، بالىلار ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەر بولۇشى لازىم.

(2) باھالاش-مۇكاپاتلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، 1990-يىلى 5-ئايدىن 1991-يىلى 5-ئايغىچە بالىلار ئەدەبىيا-

تى ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرۇۋاتقان ژۇرناللاردىن تاشقىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئوبلاستلىق، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، نەشرىياتلار، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرىنىڭ ئاكتىپ ماسلىشىپ، بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەر سەھىپىسى ئېچىپ، مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرۇشىنى، ئېلان قىلىشىنى ۋە تاللاپ كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(3) بۇ قېتىمقى باھالاش-مۇكاپاتلاشتا مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللار تاللاپ كۆرسىتىش، ئاپتورلار ئۆزى كۆرسىتىش، باھالاش-مۇكاپاتلاش كومىتېتى تاللاپ بېكىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، 50 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلىنىدۇ، باھالاش نەتىجىسى 1991-يىلى 6-ئايدا ئېلان قىلىنىدۇ، تاللاپ كۆرسىتىش ۋە ئۆزى كۆرسىتىش ئىشى 1991-يىلى 1-ئايدىن باشلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت بالىلار ئەدەبىياتى ئاپتورلىرىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەسەر ئىجاد قىلىش پائالىيىتىگە بەس-بەس بىلەن قاتنىشىپ، 1990-يىللارنىڭ 1-باھارىدا ھەر مىللەت بالىلىرىغا قىممەتلىك مەنىۋى سوۋغا تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار مەدەنىيەت-سەنئىتى كومىتېتى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازا




# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەش بەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

«تارىم» ، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ، «شىنجاڭ سەنئىتى» ، «مىللىي يازغۇچىلار» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرى ، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى ئىدارىلىرى ، نېفىت گېئولوگىيە - چارلاش باشقارمىسى ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە مەخسۇس بەتلەر بۆلۈمى ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇر بۆلۈمى ، ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق 17 ئورۇن بىرلىشىپ ، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەش بەزمىسى» ئۆتكۈزدى . بەزمىدە 9 مىللەتتىن بولغان 17 شائىرنىڭ شېئىرلىرى دېكلاماتسىيە قىلىندى ، ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇنلاندى . بەزمە چىن ئىتتىپاقلىق كەيپىياتىغا چۆمدى . (ئۆز خەۋىرىمىز)



سۈرەتلەرنى قەييۇم تۇرسۇن تارتقان .




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 ـ يىل 7 ـ سان ( 353 ـ سان ) ، 40 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号： CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定 价：1.40元
邮政编码：830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 – 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى :